# سادات زوڭتوڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISBN 7-228-05761-9
I·2116(民文)定价:11.80元

ISBN 7-228-05761-9
9 787228 057610 >

15
114
9



# سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

领袖被杀之日:维吾尔文/(埃)马合福兹,(印度)塔巴里亚尔著;艾孜提艾里等译。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.4

(外国中篇小说丛书.第30辑)

ISBN7—228—05761—9

Ⅰ.领… Ⅱ.①马… ②塔…③艾 … Ⅲ.中篇小说 — 作品集 — 世界 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第29658号

责任编辑:艾合买提·伊敏
封面设计:艾克拜尔·萨里
责任校对:再米拉,赛那瓦尔

---

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆司法印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 8.375印张 2插页
2000年7月第1版 2000年7月第1次印刷
印数:1 —— 3,060

---

ISBN7—228—05761—9/I·2116 定价:11.80元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى : زەمىرە ، سەنەۋەر

**سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە**

( چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن ــ 30 )

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 8.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,060
ISBN7—228—05761—9/I • 2116
باھاسى : 11.80 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابچىغا ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى نەجىب مەھبۇز (— 1911) نىڭ «سادات زوڭتوڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە» (ئەسلى نامى: «داھىي قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە») ناملىق ئەسىرىدە 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى 80 - يىللارنىڭ بېشىدىكى مىسىر جەمئىيىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن. سادات مىسىرغا زوڭتوڭ بولغان مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ دادىللىقى ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى جانلىقلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ قوماندانلىق قىلغان مىسىر قوشۇنلىرى سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ باللېۋ مۇداپىئە سېپىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنى يەڭگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئەپسانىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغانىدى. ئۇ يەنە دۆلەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللانغان؛ دىپلوماتىيىدە جانلىق ئۇسۇل قوللىنىپ، ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، قولدىن كەتكەن خېلى زور قىسىم زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئاچقان. لېكىن ئۇ مۇشۇ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا، بەزى ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتلارغا تازا ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىگەنلىكى، بەزىدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قويغانلىقى تۈپەيلى نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مىسىرنى

## مۇندەرىجە

سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە........................ 1
نەجىپ مەھبۇز ( مىسىر )
ھەزرىتئېلى بارات تەرجىمىسى
مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى.................................... 116
غالىي پروساند تەبرىيار ( ھىندىستان )
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى
قوشۇمچە :
« چەت ئەل پوۋېستلىرى » مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى
( جەمئىي 30 كىتابچە )........................................ 251 ـ بەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سادات زۇڭتۇك قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە

نەجىپ مەھبۇز (مىسىر)

ھەزرىتئېلى بارات تەرجىمىسى

## مۇھتاشىم زايىت

ئازراقلا ئۇخلاپ ئويغاندىم . ئىسسىق يوتقان ئىچىدە تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتۈپ يېتىش كىشىنى مەستخۇش قىلىدۇ ، دېرىزىدىن كىرگەن تاڭ نۇرى ئاجىزلىقىغا باقماي قاپقاراڭغۇ ئۆينى خىلىلا يورۇتۇۋەتكەنىدى . ئاھ ، خۇدا ، مەن سىنىڭ ئىرادەڭ بويىچە ئۇخلاپ ، سىنىڭ ئىرادەڭ بويىچە ئويغاندىم . سەن جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى . تاڭنىڭ يورۇغانلىقى يېڭى بىر كۈنۈمنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئۇ يورۇقلۇق خۇدانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ، گۆرىستان جىمجىتلىق قاپلىغان دېڭىزدا پەيدا بولىدۇ . ئاھ ، خۇدا ، ئىسسىق يوتقان ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ، زىمىستاننىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىنىڭ قوينىغا قەدەم بېسىشىمغا ئىمكان بەر . ئامراق نەۋرەم كارىۋىتىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن . مۈدۈرۈپ — چوقۇرۇپ بارغان پېتى ئۇنى ئويغىتىشىم كېرەك . ئىبادەت قىلغاندا تەرەت ئالىدىغان سۇ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە سوغۇق بولسىمۇ ، مەن ئاللانىڭ ھىممىتىدىن ئىللىقلىق تاپالايمەن . ئىبادەت قىلىش تاشقى دۇنيانى تامام ئۇنتۇپ ئاللا بىلەن

دەرقەمتە بولۇش ئۈچۈندۇر. ئاللانى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى
ئاللامۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاللانىڭ كالامىنى بىر كۈن ئۆگەنمىسەم،
بۇ بىر كۈن مەن ئۈچۈن بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. مەن
ئاخىر شېرىن خىياللار ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان
ئوغلۇمنى، كېلىنىمنى، نەۋرەمنى ئويغاتقىلى ماڭدىم. مەن — بۇ
ھارغىن ئائىلىنىڭ قوڭغۇراقلىق سائىتى. تەلىيىمگە مۇشۇ يېشىم-
غىچە بۇ رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. يېشىم ئاللىقا-
چان بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تېمەنلىكىم
بىلەن ئاللاغا تېۋىنىۋاتىمەن. ھەر ئەتىگىنى فاۋاسىنىڭ ھۇجرىسى-
نىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئىسمىنى چاقىرىمەن. ئۇنىڭ «ئەتىگەن-
لىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دادا» دېگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا
ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىمەن. مەن چىراغنى ياندۇرۇپ قارىغى-
نىمدا، يوتقىنى بىلەن ئۇخلاش پوسمىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارغىنا
جايدىن بېشى كۆرۈنۈپ تۇرغان نەۋرەم پۇشۇلداپ تاتلىق
ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ. نېمە ئامال بار دەيسىز؟ شۇ تاپتا يەنە ئۇنىڭ
تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋشۇم كېرەك. مەن ئۇنىڭغا، شۇنداقلا
ئەۋلادلىرىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بوشقىنا ئاۋازدا
چاقىردىم:

— ئولفان، ئويغىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى.

ئۇقۇڭۇر كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ
ئەسنىگىنىچە:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، بوۋا، — دېدى.
ئارقىدىنلا ئاياغ تىۋىشى، گەپ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مۇنچا،
تاماقخانا، كارىدورلاردا يېڭى بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك باشلان-
دى. مەن رادىئودىن ئەتىگەنلىك قىرائەتنى ئاڭلاۋاتاتتىم. كېلى-
نىم سەرنا:

www.uyghurkitap.com

— دادا ، ئەتىگەنلىك تاماق تەييار بولدى ، — دەپ توۋ-لىدى . مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ئەزەلدىن تاماق ئۈستىدە بولاتتى . ئاللانىڭ بۇ دۇنيالىققا بېغىشلىغان مېھىر-شەپقىتى نەقەدەر كۆپ — ھە . ئاھ ، ئىگەم ، بەندەڭنى ئاغرىتىۋ-سىلاقتىن خالىي قىلغايسەن ، مېنى ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن . ھازىر ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ، ھېچكىمنىڭ سېستىرا ياللاپ ئۆزىنى كۈتكۈدەك پۇلىمۇ يوق . كىم ئاغرىپ يېتىپ قالسا ، شۇ قارغىشقا ئۇچرايدۇ . تاماق ئۈستىلى ئۈستىدە ئەتىگەنلىك تاماق ئورنىدا پەقەتلا پىلە پۇرچىقى ياكى بولمىسا گۆشسىز چۆچۈرىلا بولاتتى . ئىلگىرىكى تۇخۇم ، پىشلاق ، قورۇتۇلغان كالا گۆشى ۋە مېۋە شەربىتى ئېب-شىپ — تېشىپ تۇرىدىغان ، ئېچىۋېتىلگەن دەۋرلەر ئەمدى كەل-مەسكە كەتتى . مال باھاسى ئۆلگۈدەك ئۆرلىۋالدى ، ھەممە نەر-سىگە جىن تەگكىلى تۇردى . فاۋاس ھەر كۈنى قوتۇرماچ يەۋې-تىپمۇ كۈندىن — كۈنگە سەمرىپ كېتىۋاتىدۇ . سەرنانى بولسا ياش تۇرۇپلا قېرىلىق بېسىۋاتىدۇ . ئەللىك ياشلىق ئوغلۇم ئاتمىش ياشلىق بوۋايلارغىلا ئوخشاپ قالدى .

— يېقىندىن بېرى مىنىستىرلىقتا ئىش بولغاچقا ، پۈتۈن كۈن ئىشلەۋاتىمىز ، بىرنەچچە كۈن شىركەتكە بارالمايمەن ، — دېدى فاۋاس گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ .

ئوغلۇم بىلەن خوتۇنى بىر شەخسىي شىركەتتە قوشۇمچە ئىش تاپقانىدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرىمى ، مېنىڭ پېنسىيە پۇلۇم ۋە ئولفانىنىڭ مائاشى بولۇپ ھەممىسىنى قوشقاندا بىر ئائىلىنىڭ جان بېقىشىغا ئاران يېتەتتى . مۇبادا شىركەت ئۇنى ئىشتىن بو-شىتىۋەتسە ، كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزەرمىز ، دېگەن غەم مېنى چىرمىۋالغانىدى .

— بەلكىم مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلىدۇ ، — دېدىم مەن ئۈمىد بىلەن .

— مەن ئاۋۋال ئۇ يەردە سىزگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئىشلارنى ئازراق قىلاي ، — دېدى سەرنا ، — ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆيگە ئالغاچ كېلەي . سىز ئاۋۋال ئەھۋالنى بۆلۈم دىرېكتورىغا دەپ با- قالامسىز . . .

— نېمە ؟ سەن مېنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئىشلە دې- مەكچىمۇ ؟ — فاۋاس ئاچچىقلىنىپ قالدى .

مەن دائىم تاماق ئۈستىدە جېدەل چىقماسلىقنى تىلەيتتىم . لېكىن ، هامان بۇ ئىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى .

— ئەلى سەمىغ مۇئەللىمنىڭ دادىسى ئىشتىن چۈشۈپلا تاكسى هەيدەپ خېلى جىق پۇل تېپىپتۇ ، — دېدى ئۇلفان .

— ئۇنىڭ شەخسىي ماشىنىسى بارمۇ ؟ — سورىدى دادىسى .

— مېنىڭچە بار .

— لېكىن ماڭا ماشىنا سېتىۋالغۇدەك نەدىكى پۇل ؟ سې- نىڭ مۇئەللىمىڭنىڭ دادىسى باي ئەمەس . ئۇ پارا يەيدۇ .

— لېكىن ، كىشىلەر ئۇنى بەك هۆرمەتلەيدىكەن .

مەن ئاخىر :

— ئۇ ئاخىر ياخشى يولنى تاللىۋالدى ، — دەپ گەپ قىستۇردۇم .

— مەنمۇ بىر كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش يولنى تاللىۋالىمەنمۇ تېخى ، — دېدى ئۇلفان قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — سەرنانىڭ چىرايى تۈتۈلدى .

— بىر بانكا بۇلاش ئەترىتى تەشكىللەيمىكىن دەيمەن .

— ۋايىيەي ، كاتتا پىلانلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي

بۇنىڭ ، ــ دېدى فاۋاس يىرگەنگەندەك .
تەخسىلەرنى سۇرتكىنىمدىن كېيىن سەرنا ھەممە قاچا-قۇچىنى قوشۇپ ئېلىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇلار مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى . ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم . ئاھ ، خۇدا ! ئۇلارغا تىرىكچىلىك يولى بەرگەيسەن . ئۇلارنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلىغايسەن .
مەن قول تىقمىسام ، بۇ ئۆينىڭ كەچكىچە قالايمىقان تۇر-غىنى تۇرغان . مەن ھۇجرا ئۆيۈم بىلەن ياتاق ئۆينى تەستە يى-غىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتىم . ياتاق ئۆي مېنىڭ ئىچ - پۇشۇقۇمنى چىقىرىدىغان جاي . مەن بۇ ئۆيدە رادىئو بىلەن تېلېۋىزوردىن قۇرئان كەرىم ، ناخشا - مۇزىكا ۋە خەۋەرلەرنى ئاڭلايمەن ۋە كۆرىمەن . يەنە بىر ئېغىز ئۆي بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە ، ئۇنداقتا ئولفانىغمۇ باش تىققۇدەك جاي چىقاتتى . بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاغا مەنسۇپ ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ-لىق قىلغىلى بولمايدۇ . بىر يىلى مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى . غالىب ئەبۇ ئابباس مۇسى كىشىلەر ئولىشىپ كەتكەن بىر بولكا دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز ئۇ كىشى-لەرگە ئىچى ئاغرىپ قالدى . ئۇ « ئەگەر يانچۇقۇمدىن بىرنەچچە تەڭگە چىقىپ قالسا ، ئۇلارغا سەدىقە بېرىۋېتەي » دەپ ئويلىدى . ئويلاۋېتىپ ، يانچۇقىدا قانداقتۇر قاتتىق بىر نەرسىنىڭ قولىغا ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى . راستتىنلا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەچچە دىرھەم چىقىپ قالدى ، ئۇ مۇشۇ پۇللار بىلەن بولكىخانىدىن ئازراق قوتۇرماچ ئېلىپ كىشىلەرگە بەردى . بىراق ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، بولكىچى ئۇ بەرگەن دىرھەمنىڭ يالغان پۇل ئىكەنلى-كىنى سېزىپ ، ئۇنى توختىتىۋالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلى-نىڭ ئاللانىڭ كالامىغا خىلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىدا ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاللادىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىدى . دەل مۇشۇ دەقىقىدە بولكىچىنىڭ قولىدىكى دىرھەم يەنە راست پۇلغا ئۆزگىرىپ قالدى . ئاھ ، پەقەت ئاللا بەندىسىنى ھامىلىقىغا ئالالايدىكەن ، پەقەت بۇ ئالەمدىن ۋاز كەچكەن كىشىلەرلا ئاندىن ھامىلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن . يېشىم سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئالەمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن . بۇ دۇنيا ئاللانىڭ تۇپرىقى ، ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن تارتۇقى . مەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلەيمەن . مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن ، ھۆر ئادەملەر ، ئاللانىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئاللانىڭ بەندىلىرىنىڭ بۇ سۆيگۈسى ماڭا قانداقمۇ ھامىلىق ھوقۇقىنى بېرەلىسۇن ؟ مەن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن ، ئاللانىڭ ئەمر - ۋاجىپلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن ، ھەر قېتىم ئىبىز ئاچقان چېغىمدا قىزىتىلغان ماي ، ئارپا ، بىدىيان ۋە لىمون سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان پىلە پۇرچىقىنى ئىستېمال قىلىشنى ئۇنتۇمايمەن . كىم ئاللانىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقىتى ئىچىدە ياشايدىكەن ، شۇ كىشى بىر كۈنلەردە يىراقتىن قولىنى شىلتىسا چىراغنى ئۆچۈرەلىگۈدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ . يېقىن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىن پەقەت مەنلا قالدىم ، قالغانلىرى قېرىلىق يېتىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى . قېرىلىق بىزنى ئىككى دۇنيا قىلىپ ئايرىپ تۇرماقتا . قەلبىم ، مەن تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي ۋە بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىم ئوخشاشلا چەكسىز غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە قالغاندى . كۆزلىرىممۇ كىتاب كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇيقۇممۇ ئازلاپ كەتتى . مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن ، ئەجىلىم توشقاندا ئۆلۈمنى قارشى ئالىمەن ، بىراق ئەجىلىم توشمىسا ، مەن يەنە ياشاشنى ئويلايمەن . پادىشاھ فۇئاد مەكتەپتە لېنتا كەسكەن چاغدا ، مەن ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاكالىتەن سۆزلىگەنىدىم .

ئۇ بىر شەرەپلىك كۈنلەر ئىدى. باللار : « ياشىسۇن پادىشاھ، ياشىسۇن فۇئاد ! » دەپ ئالقىشلىغان چاغدا، مەن چەكسىز ئىپتى-خارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە قالغانىدىم. شوئار ئۆزگەردى، ئاخشىمى ئۆزگەردى. ئەڭ ئاخىر مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. قۇرۇق تۆت تام ئىچىدە يېپىقلىق ئەينەكتىن نىل دەرياسىغا ۋە دەريا بويىدىكى دەرەخلەرگە قاراپ تۇرغىنىم تۇرغانىدى. بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز نىل دەرياسى كوچىسىدىكى ئەڭ كونا بىنادا بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان بىنالىرى ئىچىدىكى ئەڭ پاكار بىنا ئىدى. نىل دەرياسىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ئۆزگەرمەكتە، مەيۈسلۈك ۋە زەئىپلىك ئىچىدە ئىڭرىماقتا. ئۇ ئىلگىرىكىدەك كۆ-ۋەجەپ ئاقىدىغان شاۋقۇنلۇق ھالىتىنى يوقاتقاندەك قىلىدۇ. يولدا ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا. بايلارمۇ، كەمبەغەللەرمۇ تەڭ ياشايدىغان بۇ دۇنيادا نەچچىلىگەن يېقىن سىرداشىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئاسمانىنى بۇلۇت قاپلاپ، جۇدۇننىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى مۇشۇنداق كۈنلەردە فۇلبا رايونىغا بېرىپ سەيلە قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى ــ ھە ! دوستلار سېرىقماي سۈرتۈلگەن توخۇ، داغلاپ پىشۇرۇلغان ياڭيۇسەي، سوغۇق ئى-چىملىك ۋە ئۈنئالغۇنى چۆرىدىشىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر كەڭ قورساق، مەرد، سېخىي بولۇپ پۈتۈن ئازابلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتسەم، سۆزمەن پەرىشتىلەردىن بولۇپ قېلىشىم تەبىئىي ئىدى. ئۇلار ئاللىبۇرۇن قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالدى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىق، بەختىيارلىق ھېسسىياتىغا تويۇنغان كۈلكە سادالىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. توي كېچىسى مېنىڭ كەينىمدە تىزى-لىپ تۇرۇشقانلار شۇلار ئىدى. ئۇ كېچىسى مەن پاتىمەنىڭ چۈمە-بىلىنى تۇنجى قېتىم ئاچقانىدىم. قەبرەڭنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۈپۈرگىنىمگىمۇ ھەش ــ پەش دېگۈچە بەش يىل بولۇپ قالدى.

نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە. ئېسىمىز دەۋرىدە تىكىلگەن دەرەخلەرمۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ قىستاڭچىلىقنى تۇنجى قېتىم كۆردى. بىر توپ تەلۋىلەر ۋەقە چىققان جايغا قاراپ ساراڭلارچە چېپىشتى. ئەزرائىل شۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللاغا مۇناجات قىلىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى، بۇ دۇنيالىقتا ئۆزۈڭلارنى ياقا - يۇرتتىن كەلگەن يولۇچى دەپ بىلىڭلار، ئۆلۈمنى ئەستىن چىقارماڭلار» دېگەنىدى. پەيغەمبەرنىڭ گەپلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن.

## ئۇلفان فاۋاس مۇھتاشىم

يېڭى بىر سەھەر باشلاندى، مېنى بىزار قىلىپ بىر خىل رەۋىشتە تەكرارلىنىۋېرىدىغان بۇ زېرىكىشلىك كۈنلەردىن يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارغا تولغان تۇرمۇشنىڭ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ. بۇ دۇنيادا بىرى ئۆلسە، يەنە بىرى دۇنياغا كېلىدۇ. تەقدىر - قىسمەت دېگىنىمىز — مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك يولىنى كۆرسىتىدۇ.

قارىغىنا، ئۇ نېمە؟ ئاپلا، مېنىڭ پۇتلىرىم! سىلەر چىشىڭلارنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىڭلار، بۇ چىدامىلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ياشايدىغان دەۋر. زۇلمەت قاپلىغان شۇ يىللاردا پەقەت سەنلا مېنىڭ قەلبىمدىكى سۆيۈملۈك كىشى ئىدىڭ. باھار شامىلىدەك قەلبىمنى ئىللىتقانىدىڭ. ئاسمانغا تاقاشقۇدەك يوغان دەرەخلەردە ۋە نىل دەرياسىدا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر خىل روھىي پاكىزلىق بار. مەن قان - زەردابلىرى بىلەن كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بۇ زېمىننى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆكنىڭ قەھرىگە، ئاپئاق بۇلۇتلارغا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىغا قارىۋالدىم. سەن ھامىنى بىر كۈنى بىگۇناھ ئەرۋاھلارغا ئۇچرىشىپ قالىسەن

www.uyghurkitap.com

ھەم ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاردىن بولۇپ قالىسەن. مەن بىلىملىك، دىيانەتلىك ئادەممەن. كىچىكىمدىن بېرى ئاسمان بىلەن بويى تالاشقۇدەك ئېگىز بىنالار ئارىسىدىكى بايلار بىناسى توپىغا يوشۇرۇنغان بۇ پاكارغىنا ئۆيدە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. قويۇق قوشۇما قاشلىرىم ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرىمنى مۆلدۈرلىتىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەقلىم يەتمەيدىغان يېرى — چىرىكلىك، زورلۇق - زومبۇلۇق ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە مۇھەببەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىكەن. بۇ كىچىك ۋەيرانە يوللار ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ يادنامىسىمۇ؟ ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتقان زومچەك - زومچەك ئەخلەتلەر جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارغا ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىستا - قىستاڭ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ئادەملەر، ئەتىگەنلىكلەر خەيرلىك بولسۇن. چېقىق ئەينەكتىن سىرتقا ئېگىشىپ قاراۋاتقان چاغدىكى ھالىتىڭلار كىشىگە نازارەت ئاستىدا ئىشلەيدىغان مەھبۇسلارنى ئەسلىتىدۇ.

چوڭ كۆۋرۈك مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن، كىشىلەر پىلە پۇرچىقىنى ئاچ بۆرىدەك يېيىشكىنىچە ئالدىراش مېڭىشماقتا.

— ھەممىلا يەرنى كىرىزىس قاپلىغان مەزگىل، ئىشنىڭ ھەل بولىدىغان مەزگىلى بولىدۇ، — دېدى بوۋام.

ئاھ، قەدىرلىك بوۋا، بىز بۇ كونا مۇقامنى يەنە قاچانغىچە توۋلارمىز؟ كونا سەنەمگە قاچانغىچە دەسسەرمىز؟ بوۋام مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشىم. مەن بولسام يالغۇز ئوغۇل، ئاتا - ئانام كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك خىزمەت قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، مەن ئۆزۈمنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن، بىرەر چىشلەم بولكا ئۈچۈن ھۆكۈمەت

ئورگانلىرى بىلەن شەخسىي شىركەت ئارىسىدا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي توختاۋسىز قاتىرىغاچقا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىم تەسكە توختايدۇ.

— سەندىن ئۆتۈنەي، بىزنىڭ سېنىڭ بۇ پەلسەپىلىرىڭ تۇغرىلىق سۆزلىشىشكە ۋاقتىمىز يوق. ئۇخلىغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دادام شۇنداق دەيتتى.

قايسى ھەدەم نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، مەن شۇنىڭغا تەسەللى بېرىمەن. بۇ كىشى بىلەن كىشىنىڭ كارى يوق جاھان. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇشتا غالىب كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا مەغلۇپ بولىدۇ. مەن ئاخىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر يېمەكلىكلەر شىركىتىدە خىزمەت تاپتىم. كىرىش ئېغىزىدىكى «ئۈمىدلىنىپ كىرمەك» دېگەن توم، قارا ھەرپلەرنى ئوقۇساملا كۆڭلۈمگە ئەڭ يېقىن شۇ ئادەم ئېسىمگە كېلىدۇ. ئۇ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئاممىۋى مۇناسىۋەت ۋە تەرجىمە بۆلۈمى دىرېكتورىنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى مېنىڭ چىرايىمغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

— بىردەم تۇرۇپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ، بىز بىللە كېتەيلى، — دېدىم مەن ئۇنى ئەيىبلەپ.

— ئامال يوق، «بىرازىلىيە» دە ناشتا قىلىدىغان بولدۇق - دە، — دېدى ئۇ جۇشقۇنلۇق بىلەن.

بەختىمگە يارىشا بوۋام بولغاچقىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر شىركەتتە، بىر بۆلۈمدە خىزمەت قىلىۋاتىمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەركىن ئوفىتسېرلار گورۇھىنىڭ بىر ئوفىتسېرى بوۋامنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا، مۇشۇ بەختكە ئېرىشەلىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. بوۋامنىڭ مىجەزىنى كىشىلەر ئۇنتۇيالمايدۇ. ھەتتا

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بۇۋامنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇيالمايدۇ . دىرېكتور بولۇمدىكى قىزلارغا ئوخشاشلا كۆپىيىۋاتقان ئايىغى ئۈزۈلمەس ھۆججەتلەرمۇ يىغىۋېلىنىماي تۇرۇپلا ئۈستىمىزگە يېغىشقا باشلايدۇ . مەن خىزمەت قىلىۋېتىپ كۆڭلۈمدىكى ئامراق ئادىمىم راندانغا پات - پات ئوغرىلىقچە قاراپ قويىمەن . ئۆتمۈشۈمنى خىيال قىلغاچ تاتلىق خىياللارنى سۈرىمەن . ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە تولىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا تاقىلىدىغان ھېكايە . ئۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىز ئاشۇ يالغۇز ھەم كونا كىچىك بىنادا تۇراتتۇق . كىچىك چاغلىرىمىزنى بىللە ئويناپ ئۆتكۈزگەندۇق . ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ ئىدى . بىراق ، ئانام قىلچە ئاساسسىزلا راندانىنى مەندىن بىر ياش چوڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى . يېشىمىز چوڭايغانسېرى ھوشيارلىشىپ ، بىر - بىرىمىزدىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدۇق . جىسمەكچىلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتىمىز بۇزۇلدى . بىراق ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىممۇ دەل مۇشۇ چاغدا يۈرىكىمدە بىخلانغانىدى . بۇ مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى . بارا - بارا ئىككى قەۋەت ئوتتۇرىسىدىكى پەلەمپەيدە دەققە تېزلىكى ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئويۇنلار بىلەن مەست بولۇپ ، يوشۇرۇن كۆز تاشلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدۇق . بىر كۈنى مەن بىر پارچە سۆيگۈ خېتىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم . ئۇ ماڭا جاۋاب ئورنىدا ئىككى ئەۋلاد كىشىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى . بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەڭ پۈتتۈردۇق . مەن بوۋامغا :

— قوشنىمىزنىڭ قىزى راندان سۇلايمانغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىمەن ، — دېدىم .

— بىزنىڭ ياش چاغلىرىمىزدا مۇستەقىل ياشمايدىغان با-

لىلار توي توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمايتتى ، ــ دېدى بوۋام . لېكىن
ئۇ ئاخىر بۇ گەپنى ئاتا ـ ئانامغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا ، مېنى
قوللاشقا ماقۇل بولدى .

ــ سۇلايمان مۇبارەك ئائىلىسى بىلەن بىزنىڭ ئائىلە ئىنـ
تايىن يېقىن . راندان ياخشى قىز بولغىنى بىلەن يېشى سېنىڭدىن
چوڭ تۇرسا ، ــ دېدى ئانام .

دادام :

ــ ئۇ قىزنى سەندىن چوڭ دېمىگەن تەقدىردىمۇ ، يېـ
شىڭلار تەڭ . هەر ئىككىڭلار هېچنېمىسى يوق كەمبەغەلـ
لەردىن ، ــ دېدى . خاسىيەتلىك بىر كۈنى بىزگە چاي ئىچۈـ
رۈلدى . ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا مېنىڭ شېرىن خىيالىم ئەمەلگە ئاشتى .
خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەندىن تارتىپلا بىزنى يېڭىچە بىر رېئالـ
لىق كۈتۈۋالدى . ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى ، هەر ئىككىـ
لىمىز يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردۇق . ئىلگىرى مەن بىر مەجنۇن
ئىدىم . ئەمدىلىكتە تاغدەك يۈكنى يەلكىسىگە ئېلىۋالغان قابىلـ
يەتسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم . بىزنىڭ ئىلگىرىكىدەك پىچىرلىـ
شىپ مۇھەببەت ئىزهار قىلىشىدىغان هالىتىمىزنىڭ ئورنىنى ئەمدى
بىز هامان دۈچ كېلىدىغان ئۆي جاهازلىرىنىڭ ئېپىنى قىلىش قاـ
تارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىش ئىگىلىدى . هەر
ئىككىلىمىزنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك ئارتۇق
ئالاهىدىلىكىمىز يوق ئىدى . بىزدە بارى پەقەت بىر ـ بىرىمىزگە
بولغان ساپ مۇھەببەت ئىدى . بىز ناسىر دەۋرىدە توي قىلىپ ،
ئېچىۋېتىلگەن دەۋردە ئاچچىق رېئاللىققا دۈچ كەلدۇق . زۇلمەت
باسقان تەلۋە دۇنيانىڭ قاينىمىغا غەرق بولدۇق . كۆچۈپ كەتكۈـ
دەكمۇ هالىمىز قالمىدى . پەلسەپە بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدا ئىزـ
دەنگۈچىلەر بىلەن ئىزدەلگۈچىلەر هەسسىلەپ كۆپەيمەكتە ئىدى .

بىزنىڭ ئىزدەنگۈدەك نەرسىمىز يوق ئىدى . ئىزدەنمەيدىغانلار ئە-مەلىيەتتىمۇ كۆپ ئىدى . نېمە ئۈچۈن بىز مۇشۇنداق ۋەيرانچى-لىككە دۇچ كېلىمىز ؟ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر-مېنى ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتى . راندان تەڭداشسىز گۈزەل بول-غاچقا ، بايلارنىڭ ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشەتتى . مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بەخت يولىنى توسۇپ تۇرغان توساقتەك ھېس قىلىپ قالدىم . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ماڭا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى . كەينىمدىن قىلىنغان سۆز ـ چۆچەكلەرنى دائىم دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇراتتىم . بۇ يۇقىرى ـ تۆ-ۋەن ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ، سىياسەت ـ قارارلار ھە دېسە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ، جاھاننى مالىمانچىلىق باسقان بىر ۋاقىتلار ئىدى . ئىلىم ـ پەندە بايقالغان مۆجىزە ئاخىرقى ھېسابتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۆجىزىسى دېمەكتۇر . كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان چىرىكلىك ۋە بۇلاڭچىلىق ھادىسىلىرىگىمۇ ئامال قال-مىدى . ئەلى سەمىغ دوكتورنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك پاساھەت-لىك ، مەزمۇنلۇق بولسا ، مەھمۇد مەھرۇزنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك مۇدھىش ، سۇيىقەستلىك ئىدى . توغرا نەرسە زادى قەيەردە ؟ نېمە ئۈچۈن مەن ھەممىلا نەرسىدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىمەن ؟ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ مېنىڭ ئەڭ يۇكسەك غايىلىرىم بەر-بات بولدى . بەزى كىشىلەر قانداق قىلىپ تېزلا باي بولىدىغاندۇ ؟ ھارام يولدا ماڭمىسا ، بۇنچە تېز بېيىيالامدۇ ؟ مەن نېمىشقا باش-قىچە يول تۇتۇپ باقمايمەن ؟ راندان بىلەن توي قىلغۇدەك ئىقتى-ساد توپلىيالىسامىلا ئارتۇق تەلىپىممۇ يوق ئىدى . راندان ئىككى-مىزنى بۆلۈم دىرېكتورى ئەنۋەر ئالىم چاقىرتقانىكەن ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىزاھاتلارنى تەرجىمە قىلىشقا راندان ئىككىمىز تەڭلا چا-قىرىلاتتۇق . ئەنۋەر دېگەننى ئىگىز بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭلۈك ،

يۇمىلاق كۆزلىرىدىن ئۆتكۈرلۈك چىقىپ تۇرىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئۇستا، سالاپەتلىك كىشى ئىدى. ئاغزىدىن ھەمىشە پو گەپ چۈشمەيتتى. ئەلىككە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي تېخىچە بويتاق ئىدى.

— ئاشىق - مەشۇقلارنى قارشى ئالىمىز، — ئۇ ھەر قېتىملىق ئۆزگەرمەس گېپى بويىچە بىزنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن قارشى ئالدى ۋە تەرجىمىمىزنى كۆرۈپ چىقىپ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك جايلارنى كۆرسىتىپ بەردى، ئاندىن كوررېكتور نۇسخىسىنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىپ:

— توي كەمپۈتلىرىنى قاچان يەيمىز؟ — دەپ سوراپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان بۇ خىل ئۇسۇلىنى بىر خىل تاكتىكا، دەپ چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى كۆڭلۈمنىڭ غەشلىكىنى سېزىۋالمىغان ئىدى. بىراق مەن يەنىلا:

— بىزنىڭ ئىشىمىز ھېچ ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— دۇنيادا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، — ئۇ كۆزلىرىدىن مەنستىمەسلىك نەزىرى چىقىپ تۇرغان ھالدا شۇنداق دېدى.

— بىراق... — مەن ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ گېپىمنى بۆلدى:

— يارىماسلارنىڭ گېپىنى يورغىلىتىۋەرمەڭ.

— سىزچە قانداق قىلسام بولاتتى؟ — ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ قايتۇرۇپ سورىدىم مەن.

— قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى باشقىلاردىن سورىنىشىڭىز-

نىڭ ھاجىتى يوق ، — ئۇ قىتىغىرلىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

ئىشخانامغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن كاللام خېلىغىچە ئارام تاپمىدى . مەن ئۇنى راندانىنىڭ ئالدىدا قەستەن يۈزۈمنى تۆكتى ، دەپ ئويلىدىم . ئىشتىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش ئالدىدا مەن مۇشۇ خىيال بىلەن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالماي قالدىم . نىل دەرياسى كوچىسىدىكى يولدىن ياناشمىزدا بىز پەلـتولىرىمىزغا ئورۇنۇۋېلىشتۇق .

— ئۇ مېنىڭ بەكمۇ چىشىمغا تەگدى ، — دېدىم مەن راندانغا .

— مېنىڭمۇ بەك ئاچچىقىم كەلدى ، — ئۇ پەلتويىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرگەچ شۇنداق دېدى .

— ئۇ تومپاي يەنە نېمىسگە شۇنچىلىك چوڭچىلىق قىلىدىكىن .

— شۇ ئەمەسمۇ .

— بىز تېخىچە ئىشىمىز ھەل بولىدىغان چارە تاپالمىدۇق . سىز ئۇنى بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا ئامالى بار دەپ قارامسىز ؟

ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن دېدى :

— پەقەت ئاللالا بۇ ئىشقا قادىر بىز بۇ ئىشنى ھەرقانچە ئويلىغىنىمىز بىلەنمۇ ، بارلىق ئىشلار مەڭگۈ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە كېتىۋېرىدۇ .

— ئۇنـداق دېگـىنـگـىـز بىلەن يېشىمىز ساقلاپ تۇرمايدۇ ـ دە ، راندان ، — دېدىم مەن پەرىشان ھالدا .

بۇ گەپلىرىمدىن ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا . بىراق بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم .

# راندان سۇلايمان مۇبارەك

مەن بىنانىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەن چېغىمدا ، ئۇ مېنى كەلمەسمۇ دېگەندەك بىر خىل ئەندىشىدە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن . ئايرىلىدىغان چېغىمىزدا ئۇ مېنى سۇسلا سۆيۈپ قويدى . تۇرقىدىن يەنىلا پەرىشان ھەم كۆڭلى بىر جايىدا ئەمەستەك كۆرۈنەتتى . ئاھ ، ئىگەم ، ئاشۇ دىرىكتور ئالىمغا لەنەت ياغدۇرغايسەن ، ئۇ ھە دېسە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىۋاتىدۇ . بىرئازدىن كېيىن ئولفانىنىڭ ئەلەملىك چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن . بىراق ئۇ ماڭىمۇ ئىشەنمەمدىكىنە ؟ ! ئەمدى يەنە نېمىگە شۇنچە غەم يەيمىز ؟ ئۆي ئىچى كىشىنى مەست قىلىدىغان مالۋانىڭ ھىدىغا تولغانىدى . دادام ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ قالدىمىكىنە ؟ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈۋېتىپ قاپىقىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىپىلداپ كەتكىنىنى كۆردۈم . ئۇ مۇھەببەت بىلەن كۈلۈپ قويدى ، ئۇ خېلىلا ئورۇقلاپ قالغانىدى . رېماتىزىم دېگەن نىجىس كېسەل ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشتۇرۇۋاتاتتى . ئولفانىنىڭ بوۋىسى مۇھتاشىم دادامدىن ئون ياش چوڭ بولۇشىغا قارىماي ، دادامدىن خېلىلا تىمەن ئىدى . ئانام بىزگە تاماق تەييار بولغانلىقىنى ، تاماق ئۈستىلىنى يىغىشتۇرۇشنى ئېيتتى . مەن مالۋىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتىم . بىراق ، ئانام مېنىڭ تاماق تاللايدىغان ئادىتىمنى ياقتۇرمايتتى . ئۇ دائىم ماڭا :

— ئادەم بەك ئورۇق بولسا ئاسان ئاغرىپ قالىدۇ ، — دەيتتى .

— سېمىزلىكمۇ ئوخشاشلا زىيانلىق ، — دەيتتىم مەن ئۇ-

نىڭ گېپىگە قارشى تۇرۇپ.

— ۋۇي جاھىل، تاغ دېسەم، باغ دەۋاتقىنىنى

بەك سېمىز بولغاچقا، ئانامنىڭ ساپادا ئولتۇرۇپ ئامال ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئىلگىرىكى ساۋاقتىن كېيىن ئېھتىياتچان ھەم كۆپ تاماق يېيەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندىم. ئانام ھەر ئايدا كىرىدىغان يىگىرمە بەش فوندلىق كىرىمىدىن ئۆزىنى باي سانايتتى. ئۇنىڭ بىزگە دەپ بەرگەن كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان ئاشۇ چاغلار ھەققىدىكى كۆز قارىشى بەلكىم توغرىدۇر. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە ئانامنىڭ كىرىمى، دادامنىڭ پېنسىيە پۇلى ۋە مېنىڭ مائاشىم بولۇپ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ يەنە نېمىگە يېتەتتى دەيسىز؟

دادام پەقەت تاماق يېگەن چاغدىلا سېلىۋالىدىغان يالغان چىشى بىلەن تاماقنى ئاستا چايىنىغاچ ھاۋانىڭ بەك سوغۇقلۇقىدىن ئاغرىنىپ قويدى. ئاچام سەرنا تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتكەندىن بېرى ئىككىمىز بىر ھوجرىدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتۇق. ئۆيدىكىلەرگە ئېغىرنى سالماسلىق ئۈچۈن ئۇ ھازىر بىر شەخسىي مەكتەپتە كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ ئىختىيارسىز ئۇلفانىنىڭ مېنى سۇسقىنا سۆيۈپ قويغىنىنى ئەسلەپ قالدىم. ئەمما بۇنىڭغا بەك ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدىم. بۇ مېنى خورلىغانلىق، ئەقەللىسى ماڭا قىلىنغان ھاكاۋۇرلۇق ئىدى. ئەگەر ئۇ يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭغا يوشۇرۇپ تۇرماي ئوچۇقلا: «مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ياخشى كۆرۈڭ، ھېچنېمىنى ئويلىماڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مېنى سۆيمەڭ» دېمەكچى بولدۇم. بىراق، مۇھەببەتسىزدىن باشقا بىزنىڭ يەنە نېمىمىز بار دەيسىز؟ مەن خۇددى ئانىنىڭ كەپسىز،

ئەركە بالسىنى كەچۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلماقچى بولدۇم. ھەي، ئۇ بىرەر ئىنژېنېر بولۇپ كەتكەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى! ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنى ياراتمايتتى، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ قاچانمۇ ئۆزىگە توغرا قارىيالايدىغان بولار؟ بەلكىم بۇمۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمدۇر. بىراق، مەن مۇھەببىتىمىزدىن، ئارىمىزدىكى نەرسىمىزدىن ئەندىشە قىلاتتىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم. ئولتۇرسام - قوپسام ئويلايدىغىنىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ئىدى. بىراق بۇ ئىشىمىزنىڭ قاچان، قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئاپام سەرنا ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسى ئۈچۈن توي قىلغانىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چېغىدىلا ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئۆي كېلىدى. ئۇ پۇلدار ياش بىر كىشىگە ياتلىق بولغىنىدىن ئىنتايىن خۇش بولۇۋىدى، ئاقىۋەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ياشلىق باھارى ۋاقىتسىز خازان بولدى.

بەخت قاچانمۇ ماڭا قۇچاق ئاچار؟! گۈزەللىك قاچانمۇ ھەممە نەرسە بىر تاياقتا ھەيدىلىدىغان بۇ دەۋردە مۇستەھكەم يىلتىز تارتار؟ ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ ئوخلىسامىلا چۈشۈمگە كىرەتتى. مەن نامازدىگەر ۋاقتىدا ئويغىنىپ مۇشۇكۇم بىلەن بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن نامازدىگەر بىلەن نامازشامنى بىرگە ئوقۇدۇم. ئانامدىن مىننەتدارمەن. ئۇ دىن شامى بىلەن قەلبىمنى يورۇتقان تۇنجى ئۇستازىم. ئانام دىيانەتلىك ئايال ئىدى. ئانام بىلەن دادامنىڭ ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ، دادام دىنغا ئىشەنمەيتتى. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشقىنىم ئېسىڭدىمۇ؟

— دادا، سەن نېمىشقا بىزگە ئوخشاش روزا تۇتمايسەن؟

— ماۋۇ جـەنـنـەتـەك تېخى دادىسىدىن ھېساب ئالغۇدەك

www.uyghurkitap.com

بوپتۇ - دە، — دادام كۈلۈپ كەتتى.

— سەن ئاللادىن قورقامسەن؟

— سالامەتلىكىم يار بەرمەيدۇ، قوزام. ئەجەبا مۇشۇ ھالىتىم بىلەن سېنى ئالدارمەنمۇ.

— ئۇنداقتا نامازچۇ، دادا؟

— ئەستا. . . بۇنى ساڭا چوڭ بولغان چېغىڭدا دەپ بېرىمەن.

كۆكلۈمدىكى ئادىمىم ئۇلفانىنىڭ ئۆيىدە ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بوۋىسى، دادىسى، ئانىسى — ھەممىسى ناماز ئوقۇيتتى، روزا تۇتاتتى. دادامنىڭ ئېتىقادىنىڭ ھازىرغىچە كۈچىيىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. گەرچە ئۇ دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلمىسىمۇ، ھەرىكەتلىرى مەسىلىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا دىننى قارغايتتى، ئاندىن ماڭا ياكى ئانامغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئاللادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيتتى. بىراق ئۇ گەپلەر قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، داھىيلىرىمىز مېڭىمىزگە قۇيۇۋەتكەن شوئارلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بۇ دەۋردە ئاللىبۇرۇن قارا تۇپراقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قەھرىمانلارلا بۇ تۇترۇقسىز شوئارلارنى تەكرارلاش ئاۋارىگەرچىلىكىدىن خالىي ئىدى. ئەمەلىيەتتە شوئار بىلەن پاكىت ئوتتۇرىسىنى ھاڭ ئايرىپ تۇراتتى. بىز ھەممىمىز بۇ ھاڭ ئىچىدىكى ئەرزىمەس مەغلۇبىيەتچىلەر ئىدۇق. كۆكلۈمدىكى ئادىمىم زادى قانداقتۇ؟ ئۇ دىنغا ئىشىنەمدىغاندۇ؟ دىنىي ئەقىدىلەرنى ياقلامدىغاندۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرامدىغاندۇ؟ ئەلى سەمىغ بىلەن مۇھەممەد مەھرۇز قانداقتۇ؟ ھەي، قويايچۇ بۇلارنى، ئۇ مېنى ياخشى كۆرسىلا،

باشقا ئىشلار ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ . ئۇ كۈن بويى بىزنىڭ ئىشىمىز توغرۇلۇق ئىزدىنەتتى . ئىشىمىز ھەل بولمىغانسېرى كۆڭلى بىئارام بولاتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ماڭا تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك تۇيۇلاتتى . ياتاق ئۆي بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىدىغان جاي ئىدى . قېرىپ مۈكچەيگەن ، كېسەل چىرمىۋالغان ، ئىمانى يوق دادام ، ھەددىدىن زىيادە سەمرىپ كەتكەن ، كۈن بويى باشقىلاردىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان ئانام ، خىجالەت ، تەنھالىق ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاچام سەرنا ۋە چوڭقۇر تېڭىرقاش ئىچىدە قالغان مەن بۇ ئۆيدە دائىم دېگۈدەك بىللە بولۇپ قالاتتۇق . قارىماققا ، دادام بىلەن ئانام بارلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغاندەك كۆرۈنەتتى . نېمدېگەن ھەجۋىي ــ ھە ! مەن مۇشۇلارنى ئۇن ــ تىنسىز كۆزىتىۋاتاتتىم . ئولفان ئىككىمىزگە چاي ئىچۈرۈلۈپ قويۇلغىنىغىمۇ ئون بىر يىل بولۇپ قالدى ، يەنە نېمىگە ساقلايمىز كىنتاك ؟ ماڭا ھېچ ئۈمىد قالمىغاندەكلا بىلىنەتتى .

— چاي ئىچكۈزۈلۈپ بولغان قىز تۇرسا ، تۇل خوتۇندەك ساقلاۋېرەمدۇ ؟ — دېدى بىر كۈنى سەرنا زىل ئاۋازى بىلەن .

— مېنىڭ ئىشىم بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن ، — مەن زەردە بىلەن جاۋاب بەردىم .

— سەن ياخشىسى ئولفانغا ئەسكەرتىپ قوي . بولمىسا ئۇ ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ ، — ئانام ئېغىز ئاچتى .

— ھەر ۋاقىت ئەس ــ يادىمىز شۇ ئىشتا تۇرسا ، ئەسكەرتىپ قويۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ؟

ئارقىدىن مەن يەنە زەردە بىلەن دېدىم :

— مەن كىچىك بالا ئەمەس ، تۇرمۇش يولىنى قانداق تاللاش ئۆز ئەركىمدە . ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ پۇ-

شاي

— راندان چوك بولۇپ قالدى بۈگۈنكى ... لى ، — دادام تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى .

— شۇنچە ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ بېرىـ دۇق ـ دە ، — دېدى ئانام ئېچىنغان هالدا .

— مەن يا كىم ئارتۇق پۇل بەرسە شۇنىڭغا سېتىلىدىغان چۆرە بولمىسام ، — دېدىم مەن هاكاۋۇرلۇق بىلەن .

— مەن سېنىڭ ئاناڭ ، تويۇم كونىچە بولغان ، هازىر تۇرمۇشۇمدىن شۇنداق رازى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاغا تەشەككۈر ئېيتىمەن .

— ئانا ، ئادەملەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلى دەۋرنىڭ ئوخشىـ ماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ . لېكىن ، بىزنىڭ بۇ دەۋردىـ كىلەر بەك شور پېشانە ئىكەنمىز .

دادام كۈلۈپ قويدى ۋە :

— ئادەملەرنىڭ ئىت ، مۈشۈكنى ، ئېشەك ، كالىنى يېگىنى ئاز كەلگەندەك ، ئەمدى بىر ـ بىرىنى يەيدىغان دەۋرى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى .

— بەلكىم بىز كىشى كىشىنى يەيدىغان دەۋردىكىدىن بەختلىكتۇرمىز ، — دېدىم مەن ئەلەم بىلەن .

دادام پاراڭنىڭ تېمىسىنى بۇراش ئۈچۈن قاتتىق ۋارقىرىدى :

— بولدى قىلىڭلار ، تېلېۋىزوردا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىـ زىيە تىياتىرى باشلاندى . . .

فىلىمنىڭ باشلىنىشىدا چىقىدىغان يېقىملىق مۇزىكا مېنى ئۆزىگە تارتتى . رىتىملىق ، لەرزان چىقىۋاتقان مۇزىكىنىڭ سېهرىي كۈچى سۆيگەن يارىمنى خىيالەن يېنىمغا ئەكىلىپ تاشلىغاندەك



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بولدي . مەن بىردەمدىلا ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنى پىششىق بىـ لمىدىغان مۇلايىم ئايالغا ئايلاندىم . كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز چاـ ناقلىرىمدا لىغىرلاپ قالدى . ئوڭايسىز ھالەتتىن شۇنچە تەستە ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم . ئۇ بولمىسا بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار دەيسىز ؟

ــــ فىلىمدىكى كىشىلەر نىمىدېگەن بەختلىك ـ ھە ـە ! ھەرقانچە قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ناھايىتى تېزلا قانائەتلەنگۈدەك بىر تەرەپ قىلالايدىكەن ، ــ دېدى ئانام ئەپسۇسلانغان ھالدا .

## مۇھتاشىم زايىت

كېچىلىك خالاتنى ئاجىز تېنىمگە چىڭ ئوراپ ، چاچسىز بېشىمغا كىيىۋالغان كېچىلىك پوسىمامنى تۈزەپ قويغاچ ، بۇرۇـ تۇمنى ئاستا تولغاپ كۈتمەكتىمەن . « ئاللا ھەرقانداق بەندىسىنى خار ـ زەبۇنلۇققا قالدۇرمايدۇ » . ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . ئىشىكنى ئېچىشىمغا ھۆمە غالى ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئايال ئۈستىگە كۆمۈش رەڭ پەلتو يېپىنچاقلىۋالغان ، نۇر يېغىپ تۇرىـ دىغان بۇغداي ئۆڭ يۈزىگە چۈمبەل ئارتىۋالغانىدى .

ــ ياخشىمۇ سىز ، بىبك ؟

ــ ئاللاغا شۈكۈر ، مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋېتىمەن .

ــ بۇ قىشتا بەك سوغۇق بولدى جۇمۇ .

ئۇ ۋاقىتنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان بارلىق ئاياللارغا ئوخـ شاش پەلتوينى سېلىپ ، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كىيىم جازىسىغا ئاسقاندىن كېيىن فاۋاس بىلەن سەرنانىڭ ھۇجرىسىغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى . باللىرىمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئۇنىڭ كەينىدىن سوگدىشىپلا كىردىم . مەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يەر سۈپۈرگەن ، كارىۋاتلارنى قېقىشتۇرغان ، ئۈستەل ، ئەينەكلەرنى

سۇرتكەن ، نەرسىلەرنى رەتلىگەن ھالىتىگە قاراپ تۇردۇم . ئۇ بەك سىمىز بولسىمۇ ، ئىشلارنى تېز ھەم چېۋەرلىك بىلەن قىلاتتى . بالىلار ئۇنىڭ ئىپپىنى تېپىپ قويلارنى يېتىلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى . بۇ راستتىنلا بىر ئاساسسىز گۇمان ــ كونا دەۋردىن قېلىپ قالغان ناچار خۇي ئىدى . ھۇمەغالىنىڭ ھەربىر سائەتلىك ئىش ھەققى بىر پوند ئىدى . ئۇ ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بىر ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ ، يەنە بىر ئائىلىگە يۆتكىلەتتى . ئۇنىڭ كىرىمى بىز پۇتۇن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كىرىمىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز بىللە تۇرۇشنى ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ دالىغا چىقىپ كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قالغان ئەسلىمىلىرىمنى ۋە شېرىن خىياللىرىمنى ئۇنىڭغا بىراقلا دەۋېلىشنى ئويلايتتىم . ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۇچراشقان چېغىمدا توختام سۈدەك بىر خىل رىتىمدا ئۆتىدىغان تۇرمۇشۇم ۋاقىتىنچە ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كېتەتتى . ئارىمىزدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغان تىلنى ئىشلەتسەكمۇ ، قەلبىمىز ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرى ئارىسىدىن نەچچە دەقىقە بولسىمۇ ھاياجانلانغۇدەك بىر نەرسە تاپالايتتى . ئۇ ئېگىلىپ كىگىزنى قايتىدىن يېيىۋاتقان چاغدا مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېقىمىنى چىمدىۋېلىشنى ئويلاپ قالدىم . بىراق بۇ خىيالىم خىيال پېتى قالدى . يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . ئۇمۇ مەندىن يۈزدە ـ يۈز خاتىرجەم ئىدى . ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قەيسەر ئەرلەرگە ئوخشايتتى . « ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغان ياكى خاتالىقتا يول قويغان تەقدىردىمۇ ئاللا بىزدىن رەنجىمەيدۇ . » ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشتىن مەن چەكسىز خۇشلۇق تاپاتتىم ۋە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قوياتتىم .

ــ بالىلارنىڭ دادىسى ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ ؟ ــ

سورىدىم مەن
— ئاللانىڭ ھىممىتىدە ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ .
— باللارمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ ؟
— ھېلىقى ئەخمەقتىن باشقا ھەممىسى ھەرھالدا يامان ئەمەس ، — ئۇ شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مەندىن قايتۇرۇپ سورىدى :
— سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىگىسى يېقىندىن بېرى بىرەر نېمە دېمىگەندۇ ؟
— جىمپلا كەتتىغۇ ، ۋاي بولدىلا ، دېدىمىكىنتاڭ .
— كىم ئىشىنىدۇ دەيسىز ، بۇ دۇنيامۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئالجىۋاتىدىغۇ ؟ !
— ئالجىش — بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيتى ، غالىنىڭ ئانىسى . . .
سەن بىلەن بىللە تۇرۇش گۈزەل ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ ، ئەسلىمە دۇنيايىمنى جانلاندۇراتتى . ئاھ ، ئىگەم ، سەن ھەمىشە بىزگە شاپائەت ئەيلەيسەن . ئورمانلار سايە تاشلاپ تۇرغان خايرات كوچىسى چەتتىن كىرگەن ئەركىن ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىرى ھېسسىياتلىرى چاپچىپ تۇرىدىغان ، يەنە بىرى كونا ئىدىيىلەرگە ئېسىلىۋالىدىغان ئىككى سېستىرا ۋە ئۇششاق باللارنىڭ كەپسىزلىكلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، كىشىگە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتلىك چاغلىرىنى ئەسلىتەتتى . تۇرمۇش بولسا بىر پاساھەتلىك شېئىرغا ئوخشايدۇ . بۇ دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئاللانىڭ زېمىنىدىكى كىشىلەردۇر . بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر كۇپلېتىدىن ئۆزگىچە بىر ھەۋەس ۋە شادىيانە تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، راندانىنىڭ دادىسى سۇلايمان مۇبارەك بىلەن كۆرۈشكەن چېغىمدا ، ئۇ ماڭا :

www.uyghurkitap.com

— مۇھتاشىم ، سىزنىڭ شۇنچە ساغلام تۇرغىنىڭىزغا ھەقىقەتەن ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— ئىرسىيەتكە ئېتىقاد قىلسا شۇنداق بولىدۇ ، سۇلايمان ئىنى ، — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن .

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، سىزگە ئوخشاش ئادەملەرمۇ ئەپسانىلەرگە ئىشىنىدىكەن - ھە ؟ — سورىدى ئۇ قەستەن ماڭا غەيرىي بىر نەزەردە تىكىلىپ .

— ئاللا كىمگە يول كۆرسەتكۈسى كەلسە ، شۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ .

— ئىلگىرى دىنغا قارشى چىقىپ باقمىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ !

مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم ۋە :

— ئاتا - بوۋامدىن ئۇدۇم قالغان ئېتىقاد ، گۇمان ، ئىشەنمەسلىك ، قارىغۇلارچە ئوقۇش ، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى مېنى شۇنداق قىلىپ قويغاندۇ . ئىشىنىشمۇ بار تېخى ، — دېدىم .

— تۈنەكخانىچۇ ، — سورىدى ئۇ مەسخىرە بىلەن .

— تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى شۇ يەردە .

— مەن ئۆزۈمدە مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن ، قەلبىمدە ئېتىقاد بولمىغىنىدىن تولىمۇ رازىمەن . مەن پەقەت رېئاللىقلا چوقۇنىمەن ، مەن زەينەپكە : « ئەگەر مەن ئۆلسەم مەيۈسلەنمەڭلار ، ھازا ئاچماڭلار ، قارىلىقمۇ تۇتماڭلار » دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدىم .

— كائىنات چەكسىز نۇرغا چۆمۈلگەن ھامان زېمىننى قاپلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق يوقىلىدۇ . يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سىزمۇ قېرىيسىز ، پۇتىڭىزمۇ گۆرگە ساڭگىلاي-

دۇ. گەپ — مانا مۇشۇ يەردە.

بۇ نەتىجىسىز مۇنازىرە بولدى. «ئۈلارغا ئېيتىپ قو-يۇڭلار، ھەقىقەتنىڭ يېتىپ كەلگەن ۋاقتى — بارلىق سەپسەتى-لەرنىڭ يوقالغان، سۈپۈرۈلۈپ تاشلانغان ۋاقتى. »دوستلىرىم قا-قاس — چۆللەرنى ماكان ئەتتى. مېنىڭ تۇرمۇشۇم بولسا مۇھەب-بەتكە تولغاندى. ئاھ، ئىگەم، ماڭا ئىلتىپات قىلغايسەن. ھەي، ھۇمە غالى بىلەن ئۇچراشقان چاغلار نەقەدەر گۈزەل — ھە! بىچارە ئولفان نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇ قاراقچىلار سورۇنىغا ئارىلىشىپ قالمىغىيدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ياش ۋاقتلىرىمىزدىكى ئىشلارنى ئىبرەت ئورنىدا سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك.

ھۇمە غالى ئۆينى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن يۈز — كۆزلى-رىنى يۇيۇپ، كۈمۈش رەڭ پەلتوسىنى كىيىپ، ئاندىن سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىش ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالدى. مەن پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ ماڭغاچ:

— ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز، بېك، — دېدى.

— خەير — خوش، ھۇمە غالى، كېلەر قېتىم ۋاقتىدا كې-لىشنى ئۇنتۇماڭ، — دېدىم مەن.

يالغۇزچىلىق يەنە باشلاندى. ھۇمە غالى كەتكەندىن كې-يىن مەن دەرمانسىز ھالدا كوچىنى ئايلىنىپ كىردىم، ئاندىن كا-رىۋور ئىچىدە ئۇيىاقتىن — بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم. قۇرئان كەرىم-نىڭ قىرائىتىنى ۋە ناخشا — مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، رادىئو ۋە تېلېۋ-ۋىزورلارنى كەشىپ قىلغان كىشىلەرگە كۆڭلۈمدە تەشەككۈر ئېيتتىم. ئاللا ئىمانىمنى كامىل قىلغىنىدىن مەن يېمەك — ئىچمەكلەردىن لەززەت ئالالىدىم. نېمىدېگەن غېرىبلىق بۇ! ئەتراپىمدىكى بۇ دۇنيا سان — ساناقسىز ئەرۋاھلار بىلەن تولغان. شۇنچە ياشىغۇم بار، لېكىن پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەنمۇ ئەمدى ئۆلۈمگە

تەن بەرسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ . مېنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچـ
لىـرىمدىن بىرقانچىسى هازىر مىنىستىر بولدى . ئىسلام دىنىدا مو-
ناستىرغا كىرىۋېلىش ئوقۇش دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس لېكىن
مەن بۇ دۇنيادىن تېخى ئايرىلمىدىم . مەن ناهايىتى كەتسە كۆزنى
تىكلەشكەن مەهەل سايىدە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ ، يەنە يولغا
راۋان بولىدىغان بىر سەيياھ ، خالاس . مەن دائىم ئامراق نەۋرەمگە
ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم ۋە ئۇنىڭ گاڭگىراش
ئىچىدىن ئۆزىنى تارتىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئۇنى ئىلھام ئال-
سۇن ، دەپ كىتاب ئوقۇپ بېرەتتىم . بىراق ، ئۇ ئانچە كىتاب ئو-
قۇمايتتى . ھەمىشە بىر خىل ئىشەنمەسلىك ھېسسىياتى بىلەن
سۆزلىرىمگە قۇلاق سالاتتى . ئەلى سەمىغ بىلەن ماخمۇد مەھرۇزنى
بىر ياقتا قويۇپ تۇرايلى . ئەجەبا ئاشۇ ئىشلارمۇ سىنىڭ ۋەتەن ۋە
دېموكراتىزمغا بولغان ئېتىقادىڭنى ئاشۇرالامدۇ ؟ تەقدىرى مەغ-
لۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆتمۈشتىكى قەھرىمانلارغا ئۇنچە
تېۋىنىپ كېتىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ؟! بۇ دۇنيا قۇپقۇرۇق
قالمىسۇن دەپچۇ ، بوۋا . مەن سىنى نەزەرىنى ئەڭ گۈزەل شەيئى-
لەرنىڭ ئۇستىگىمۇ يۆتكەپ باقسا بولمامدۇ ، دەپ ئويلايمەن . ئۇ
قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ماڭا :

— ھازىر ماڭا بىر يۇرۇش ئۆي بىلەن لايىقىدا تويلۇقتىن
باشقىسى كېرەك ئەمەس ، — دېدى .

ئامراق نەۋرەم بىلەن بىللە تۇرغاندا ، قانداق قىلسام بۇ ئا-
لەمنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلالارمەن ؟ مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجى-
زىلىرىنىڭ چىقىپ تۇرۇشنى تىلەيتتىم .

## ئۇلفان فاۋاس مۇھتاشىم

ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىم ماڭا پىكىر قىلىشنى ، ھاكا-

ۋۇرلۇقنى ، گۇمانلىنىشنى شۇنداقلا ھەممىنى ئۆگەتتى . ئېھتىمال مەن ئۈمىدلىك پىلانلارنى تۈزگەنمۇ بولغىيتتىم . بىراق ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ھامان ئاشكارلىنىدۇ ۋە ئاخىر سېپى ئۆزىدىن بىر ئىپلاس ئويۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئەجەبا گۇمرانلىققا مۇشۇنداق قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ ؟ گۈزەل چاغلار زادى قەيەردە ؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى ، گۈزەل چاغلار ئىلگىرى بولغان ، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق چاغلىرىم بولغان . شۇ چاغدا كارىدور ئىچى راندان ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئىللىق نەپەسلىرى بىلەن تولغان ، يۈكۈممۇ يېنىكلىگەندى . دادام ـ ئاناممۇ بوش ۋاقىت بولسىلا ئۆيدە قېلىپ قالاتتى . تالاش ـ تارتىش ، كۈلكە ئاۋازلىرى ، كىتاب ئوقۇغان چاغدىكى قىزغىنلىق ، يەنە تېخى دە تالاش ئۆي ئىچىنى بىر ئالاتتى . بىز بولساق خەلق ، بىز سېنى خەلق ئىچىدىن تاللىۋالغان ، ئىلگىرى مۇھەببەت ئۈمىد قەغىزى بىلەن ئورالغان بىر دەستە ئەتىرگۈل ئىدى . بىز تۇنجى داھىيمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق . تۇنجى داھىيمىز بىزنى ئىلھاملاندۇرغان ئىلھامچىمىز ئىدى . بىر داھىي بىزنى مەغلۇبىيەت پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىمەن دەپ ئويلىدىيۇ ، ئاخىر غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزدىن ، خۇشلۇقىمىزدىن مەھرۇم قىلدى . بىر قېتىملىق غەلىبە ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە توغرا كەلدى . بىز سېنى خەلق ئارىسىدىن تاللىۋالغانىدۇق . مېنىڭ ئامراق سۆيگۈنۈم قارماق بىلەن سۇدىن بېلىق تۇتماقچى بولدى ، ئەمما قارماق بېلىققا ئېلىنماي مېنىڭ بارمىقىمغا سانجىلىپ قالدى . شۇ چاغدىكى تاتۇق ئىزى بارمىقىمدا ھېلىمۇ بار . ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى نىل دەرياسى بويىدا مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدىم :

— بېلىق تۇتۇشنى بىلمىگىنىڭ بىلەن مېنىڭ قەلبىمنى تېزلا ئوۋلىيالايسەن . تومۇرۇمدىكى قان سەن ئۈچۈنلا ئاقىدۇ .

باش باھار يېتىپ كەلگەندە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمىگۈچە دەرەخلەرنىڭ پوتلا چىقارغىنىنى بىلگىلى بولمىغانغا ئوخشاشلا دوستلۇقىمىزنىڭ مۇھەببەتكە ئايلىنىشىدا شۇنچىلىك ئاستا ئىلگىرىلەش بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇلايىملىقى، سۇس قىزارغان مەڭزى ۋە كۆڭلەكلىرىگە كەشتىلەنگەن گۈللەردىن تارتىپ، گەپ - سۆزلىرىگىچە باشقا قىزلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ساددىلىقىنىڭ ئورنىنى بىر خىل نازاكەت ئىگىلىدى. مەڭزىگە ياكى لەۋلىرىگە بىرنى سۆيۈش ئۈچۈن ساڭا يالۋۇرۇشقا، ساڭا گەپ يېگۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. بىر ئادەمنىڭ كىشىنىڭ كۆزىگە ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان تەرىپى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە گۈزەللىكىدە. ئۇنىڭ مەندىن قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىسام، گاھىدا راستىنلا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىمەن. ئۆزۈمنىڭ تەبىئىي پەن كەسپىنى تاللاشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلغان چېغىمدا، ئۇنىڭ ماڭا ھەسرەت بىلەن تىكىلگەن چىرايلىق كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خالىي جايلاردا بىللە بولغان چاغلىرىمىزدا ئارىمىزدا تۈگىمەس دەتالاشلار بولغانىدى. بىز ئىككى ئائىلە كىشىلىرى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندۇق. ياسانمىساڭمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمايدىغان چىرايىڭ مېنى شۇنچە ئازابقا سالاتتى. يەلكەمدە ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت بار ئىدى.

— دۈشمەنلىرىمىزنىڭ تەقىبلىرىنى بۇزۇپ تاشلايلى، — بىر قېتىم مەن ئەل ئىبرامدىكى كۆڭۈل ئېچىش زالىدا ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم.

— ئادەم سۈرەتلىك ئالۋاستىلار، سېپى ئۆزىدىن قاراقچىلار... — دېدى ئۇ قىزىقچىلىق بىلەن.

— بىر مىليونېرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ بىزگە پايدىسى

بارمۇ، قانداق ؟

ــ بەلكىم بىرنى ئۆلتۈرسەكلا كۇپايە قىلار ! ــ ئۇ قا-قاقلاپ كۈلدى .

ــ راندان ، بۇگۈن سىز ئىككىنچى مەھرۇز بولۇپ قاپسىز جۇمۇ . . . ــ مەنمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتىم .

دىرېكتور ئەنۋەر ئالىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ سائەت بەشتە ئۆيگە بېرىشىمنى ، مەن بىلەن بىللە شىركىتىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى نەق چوت ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيت-تى . بۇ ئىشنى راندانغا دېۋىدىم ، ئۇ ئۈندىمىدى . دىرېكتور داچى كوچىسىدىكى 6 ـ ئۆكتەبىر كۆۋرۈكىنىڭ باش تەرىپىگە سېلىن-غان بىر بىنادا تۇراتتى . ئالپتە كېيىنگەن دىرېكتور مېنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى ۋە :

ــ ئۆيۈم ھەشەمەتلىكمىكەن ؟ بىراق سىز ئەجەبلەنمەڭ ، مەن سىڭلىم بىلەن بىللە تۇرىمەن ، سىڭلىم تۇل ئۆتۈۋاتىدۇ ، ــ دېدى .

ئۇ تۇرقىدىن ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى . دېمىسىمۇ كىشىلەر ھازىر بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى . بىز پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن سەككىز-گىچە ئىشلىدۇق . شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ھېلىقى تۇل ئۆتۈۋاتقان سىڭلىسى چاي ئەكىرگىلى ئۆيگە كىردى . ئۇ سىڭلىسىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ :

ــ بۇ مېنىڭ سىڭلىم چارىستان بولىدۇ ، ــ دېدى .

بىر قاراپلا ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئايالنىڭ قىرىق بەش ياش ئۆپچۆرىسىدە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم . لېكىن ئۇ شۇنچە ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئوبدانلا جەلپ قىلاتتى . تولغان ، نازاكەتلىك ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئايال

www.uyghurkitap.com

شۇ تاپتا سەل قورۇنۇۋاتقاندەك ، خىجىل بولۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى . بەلكىم ئۇنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يېرى دەل مۇشۇ ئوياتچانلىقىدا بولسا كېرەك .

— بۇ ئەپەندىنى كەچلىك تاماققا ئېلىپ قېلىڭ ، — ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاكىسىغا شۇنداق دەپ تاپىلىدى .

— قاراڭ ، ماڭا بۇيرۇق چۈشتى ، — دېدى ئەنۋەر ئالىم .

سىڭلىسى كاۋاپ ، سوغۇق سەي ، پىشلاق ، زەيتۇن ، ئالما دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئۈستەلنى توشقۇزۇۋەتتى . تاماق يەۋېتىپ ئەنۋەر ئالىم ماڭا :

— مەن سىڭلىمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى ، بۇرۇنقى ئېرىدىن ئۇنىڭغا ئىككى يۈرۈش ئۆي ۋە بىر تۈركۈم مەبلەغ ئاكسىيىسى مىراس قالغان ، — دېدى .

ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ بايلىقى توغرىسىدىكى بۇ تونۇشتۇرۇشى قىزىقىشىمنى قوزغاپ مېنى قۇرۇق خىيال قايىنىمىغا چۆمدۈردى . ئۇ ھېسداشلىق ئاھاڭىدا سىڭلىسىغا مېنىڭ توي ئىشىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى .

— ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ياشلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق ، — دېدى سىڭلىسى .

— گەپ ئۇلفاننىڭ پرىنسىپچى ھەم ئاق كۆڭۈللۈكلىكىدە ، — دېدى ئۇ ، — مەسىلىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكىنى دەل مۇشۇ سەۋەب !

— ئاكا ، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن خۇش بولدۇم ، — دېدى ئەنۋەرنىڭ سىڭلىسى .

ئۇنىڭ ئاھاڭىدا قىلچىلىك سەمىمىيەتسىزلىك يوق ئىدى . ئۇ كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى . مەن ھازىر تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان دورا تۈگىگە ئوخشاپ قالغانىدىم . بۇ مېنىڭ مۇشۇ

تەرەپتىكى ئاجىزلىقىم ئىدى .

— سىڭلىم ھېچكىمنى ياراتمىدى ، — دېدى ئەنۋەر ، — مەن ئارىلاشمىسام شۇنچە ياخشى يۈرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويدى .

— مەن يا تاۋار بولمىسام ، ئۇلارنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ . . — دېدى ئۇ ئېرەنشىمىگەن ھالدا .

ئەنۋەر ئالىم :

— ئاياللارنىڭ بايلىقى قانۇنلۇق مۈلۈك ، ئەگەر بىر ئەر سېھرىي كۈچى بەدىلىگە ئۇنىڭ بايلىقلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولسا ، ئۇ ئەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى .

— ھازىر ئەرلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ .

مەن سۆھبەت تېمىسىنى بۇراش ئۈچۈن دىرېكتوردىن سورىدىم :

— ئۆزۈمنى چاغلىماي سورايدىغان بولدۇم ، دىرېكتور ئەپەندى ، سىز نېمىشقا ھازىرغىچە توي قىلمىدىڭىز ؟

— دەپ كەلسەم گەپ تولا ، — مۇجمەل جاۋاب بەردى ئۇ .

ئۇ نېمە ئۈچۈن توي قىلمىغانلىقىنى كونكرېت سۆزلىمىدى . سىڭلىسى چارستان بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھاللا گەپ ئارىلىدى :

— نەدىكىنى ، ئۇ توي قىلسا ئاللىبۇرۇن قىلىپ بولاتتى .

ئۇ راندان ئىككىمىزنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى سورىدى . مەن قىسقىلا سۆزلەپ بەردىم .

— راندان كەم تېپىلىدىغان ياخشى قىز . ئەپسۇس ، يىللار بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭ ھۆسنىگە قوروق چۈشۈرىدىغان بولدى ، — دېدى ئەنۋەر ئالىم .

غەيۋەتقۇ بۇ ، قورقۇنچلۇق غەيۋەت ! ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە بىرەر مەقسەت بارمۇ ياكى خۇشامەتچىلىك قىلىۋاتامدۇ ؟ مەيلى قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئارىدىكى قىزغىن كەيپىيات بۇزۇلدى . چارىستاننىڭ گەپلىرىنىڭمۇ ئەمدى پايدىسى يوق ئىدى .

— مۇھەببەتلىك ھاياتلا ھەقىقىي ھايات .

دىرېكتورغا بولغان ئاچچىق غەزەپ ، سىڭلىسىغا بولغان قايناق ھېسسىيات بىلەن بۇ ئۆيدىن ئايرىلدىم .

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

مەن تەرجىمە قىلىپ بولغان ھۆججەتلەرنى دىرېكتورغا تەستىقلىتىش ئۈچۈن ئەكەلدىم . ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ بەدىنىنى ھەرىكەتچان ئورۇندۇقى بىلەن تەڭلا كەينىگە بۇراپ دېدى :

— راندان خېنىم ، مەن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرمەكچى ، سىز چوقۇم قىزىقىپ قالىسىز .

ئۇ ئەمدى يەنە قانداق نەيرەڭ ئىشلەتمەكچىدۇ ؟

— بۇ ھېكايىدىكى ئايال پېرسوناژ بىر ياش دوختۇر ، — دېدى دىرېكتور ، — ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكىنىگە خېلى يىللار بولغانىكەن ، بىراق كېيىن ئىككىسى كېلىشەلمەي توي قىلىش ۋەدىسىدىن يېنىۋاپتۇ . بۇ ئايال دوختۇر ئەڭ ئاخىر بىر كوكس ياڭقى سودىگىرى بىلەن توي قىلغان ، ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئۆينى باشقۇرۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ئېيتقاندا ، ئۇ ماقۇل بولغان . . .

ئۇنىڭ گېپىگە تولىمۇ ھەيران قالدىم . تازىمۇ ئاچچىقىم كەلدى . بىراق ، يەنىلا ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىپ سورىدىم :

— سىز قانداقسىگە مېنى بۇ ھېكايىگە قىزىقىپ قالدۇ دەيسىز ؟

ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەستىن مەندىن قايتىلاپ سورىدى :

— سىز بۇ ئايال دوختۇرغا قانداق قارايسىز ؟

— ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان ھەم كۆرۈپمۇ باقمىغان ئادەمگە باھا بېرەلمەيمەن ، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن سوغۇقلا .

— مېنىڭچە ، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ، — دېدى ئۇ خا-تىرجەم ھالدا ، — ئائىلە خوجايىنى بولۇش ئەر چىقمايدىغان دوختۇر بولۇشتىن ياخشىراق .

چىقىپ كېتىۋېتىپ چىراي ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك غەزىپىم كەلگەنلىكىنى بايقاپ ئۇلگۇرگەنلىكىنى چۈ-شەندىم . ئۇ ماڭا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپلا قالغانىدى . ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئولفان ئىككىمىزنىڭ ئىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدى-غانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى . ئولفان دىرېكتورنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى — جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى بىز ئەل ئېھرام كۆڭۈل ئېچىش زالىغا باردۇق . ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي قۇياش نۇرى كۆزنى چاقاتتى . بىز ئېگىزدىن شەھەر ئە-چىگە نەزەر سالدۇق . شەھەر ئىچى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ ، ھەم خىلۋەت ، ھەم بەك كەڭرى ئىدى .

— دىرېكتور بېكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چوقۇم جىق نەرسى-لەرنى ھېس قىلدىڭىزغۇ دەيمەن ؟ — چاي ئىچىۋېتىپ سورىدىم مەن .

ئۇنىڭ دىرېكتورنىڭ ئۆيىگە بارغاندىكى ئىشلارنى شۇنچى-لىك ئىنچىكە سۆزلىشى مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى .

— قارىغاندا ، خىزمەت توغرۇلۇقلا سۆزلەشمەپسىلەر —

ده ؟ — دېدىمەن .

— ئۇنداق ئەمەس ، بىز ئۈچ سائەت ئىشلىدۇق.

— مېنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمنى سىزگە ئايانغۇ . . . — دېدىم مەن قىزىشقان ھالدا .

— ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا چىداپ تۇرماق ھەقىقەتەن تەس . . . — ئۇ ئاچچىقلىنىپ قالدى .

— ئۇنىڭ سىڭلىسىچۇ ؟ !

— سىڭلىسىغۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ، تارتىنچاقراق ئايال ئىكەن . مەن ئۇنى ئانامنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيمەن . . .

— ئۇمۇ سىزنى ئوغۇل قىلىۋالدى ، شۇنداقمۇ ؟ — سورىدىم مەن قەستەن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ .

— سىز تەنە قىلىۋاتامسىز نېمە ، راندان ؟ — دېدى ئۇ ئاغرىنىپ .

— بۇنىڭغا ئاللامۇ يول قويماس ، — دېدىم مەن شۇ ھامان .

دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇنغان سۆھبەتنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم ، ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى ۋە :

مەن ئۇنىڭغا ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى دەپ قويسام بولغۇدەك ، — دەپ ۋارقىرىدى .

— بىز ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، مۇناسىۋىتىمىزنىلا ساقلاپ قالايلى ، — دېدىم مەن يېلىنغان ئاھاڭدا .

— گەپ دەل ئىككىمىزنىڭ ئورنىمىزنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىدە ، — دېدى ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا ، — مەن دىرېكتور بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى قانداق ساقلاپ قېلىشنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن .

— مەنمۇ ئەيىبلىمىگەن يەردە ، سىزگە نېمە قويۇپتۇ ، —



www.uyghurkitap.com

دېدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن .

— ھەممىسىگە ئۆزۈم سەۋەبچى . مەن بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن .

— بۇنىڭغا نېمە ئامالىمىز بار دەيسىز .

— ئۇ دېگەن بىر لوكچەك ، كىم بىلىدۇ ، ھازىر بىرەر سوپىقەستنى پىلانلاۋاتامدۇ تېخى . . .

ئارىنى جىمجىتلىق باستى . بىز شۇ ئارىلىقتا تەبىئەتنىڭ قويىنىغا نەزەر سالدۇق . ئارىدىكى سۈكۈتنى ئاخىر ئۇ بۇزدى ۋە :

— ئەجەپ مۇھەببەت توغرۇلۇق سۆزلەشمىدۇقمۇ ؟ — دېدى غەمكىن ھالدا .

— مۇھەببەتتىن باشقا بىزگە ھېچنېمە كېرەك ئەمەس ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتلىرىمنى يوشۇرغاچ .

— مەن سىزنى سۆيىمەن ، — ئۇ مىننەتدارلىق بىلەن ماڭا قارىدى .

— مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن ، — مەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم . ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا سورىدى :

— قارىڭا ، بىز شۇنچە خەتەرلىك ھەرىكەتكە تەۋەككۈل قىلىۋاتىمىزغۇ ؟ بىز ھازىر پۇلغا تازىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىمىز ، ئازراق پۇل تويلىساق ياخشى بولاتتى !

— سىز مەندە كىنو ئارتىسى بولغۇدەك قابىلىيەت بار دېمىگەنمىدىڭىز ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ .

— سىزمۇ مۇنچىدا تۇرۇپ ئاۋازىڭىزنى سىناپ باقمىغانمىدىڭىز ؟

ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى غەش بولسىمۇ ، بىز يەنىلا ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

— گەپ كىرىمىمىزنى ئاشۇرۇشتا ئەمەس ، بىر ئېغىز ئۆي

بىلەن بىر يۇرۇش ئۆي سايمانلىرى تېپىشتا .

ئازراق سۇكۇتتىن كېيىن ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەھرۇزنىڭ توي مۇراسىمىمۇ ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلۈپتىكەنغۇ ، لېكىن ئۇلار چېدىردا ياشاپ جان ساقلىغان — دە .

مەن چېدىرغا ھەم چېدىر تۇرمۇشىغا شۇنچە تەلپۈنەتتىم . ئاددىي بىر چېدىردا تۇرساقمۇ ، مۇھەببىتىمىزنىڭ يەنىلا سۇسلاشمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم . يۈرىكىمنىڭ قات — قېتىدىن بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساملا ئۆزۈمنى خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن ، بىر جان بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم .

— دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە مېنىڭ سىزگە بولغان تەشنالىقىمنى قاندۇرالمايدۇ ، — دېدى ئۇ .

كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆزۈمدە بار تەبىئىي تالانتىنى بوغۇپ كېلىۋاتىمەن . جاھىللىقىمغا قارشى قىلغان كۈرىشىم ھامان غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشاتتى . ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ قەلبىمنى لەرزىگە سالالمايتتى . ئەركىنلىكنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئېغىر خىياللارنى سۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتىم . باشقىلارنىڭ ماڭا ياغدۇرۇۋەتكەن مەسخىرىلىك سۆز — چۆچەكلىرىنى قېتىمغىمۇ ئېلىپ قويمايتتىم . مەن ئازاب — قايغۇ ئىچىدىن تېخى قۇتۇلالمىغانىدىم .

## مۇھتاشىم زايىت

تۇنۇگۈن ئاخشام چۈشۈمدە دانىشمەن ئەبۇزۇرنى كۆردۈم . ئىبادەتكە بولغان ئىخلاسمەنلىكىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ كۆرگەن چۈشلىرىم شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە قالاتتى . مەن بۇ

www.uyghurkitap.com

دۇنـيـانى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن . بۇ دۇنيادىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتىشنى خالىمايمەن . تۇيۇقسىز كاللامدىن بىر ھېكايە يالتـ ىنده قىلىپ ئۆتتى .

بىر كـۈنـى مـۇھـەمـەد ياسىن ئاقساقال مۇھەممەد بىن ئاتالدىن :

ـــ سېنىڭ قەلبىڭ قانداق ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ـــ بىلمەيمەن ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇھەممەد بىن ئاـ تـال ۋە بۇ سوئالنى يېنىدا تۇرغان دانىشمەن نەقشبەندىن ياندۇـ رۇپ سوراپتۇ . دانىشمەن مۇھەممەد بىن ئاتالنىڭ سوئالىنى ئاڭلىـ غاندىن كېيىن پۈتىنى ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋاپتۇ . بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد بىن ئاتال ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ، ئۆزىنى دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۆزىنىڭ قەلبىگە سىغقان ھالەتتە كۆرۈپتۇ . ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن دانىشمەن ئۇنىڭغا :

ـــ ئادەمنىڭ قەلبى شۇنداق تۇرسا ، ئۇنى قانداقسىغا شۇنچە ئوڭايلا چۈشەنگىلى بولسۇن ؟ ـــ دەپتۇ . مۇھەممەد پەيـ غەمبەر مۇشۇ خۇسۇسىدا بىزگە : « مېنىڭ مۇشۇنچىلىك قابىل ئىنسانغا ئايلىنالىشىم ھەرگىزمۇ يەرنىڭ ياكى كۆكنىڭ خاسىيىتىـ دىن ئەمەس ، بەلكى ئۇلۇغ ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىمانلىق قەلـ بىمنىڭ شاراپىتىدىندۇر . . » دەپ تەلىم بەرگەنىدى .

بۇ ھېكايىنى كاللامدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، پەيغەمبەرلەرگە ھەۋىسىم كـەلـدى . « شـۇلاردەك مـۆجىزە يارىتالىغان بولسام ـ ھە ! » دەپ ئويلىدىم . بىراق مەن بۇ سىرلىق دېڭىزنىڭ چېتىدىلا تۇرالايمەن ، ئاللا ياراتقان زېمىننىڭ قۇچىقىدىكى دىيانەت ، سادا ـ قەتتىن قانائەت تاپىمەن ھەم ئۆزۈممۇ شۇنىڭدا چىڭ تۇرىمەن . چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن بىر نۇقتىدا قېتىپ قالغان كۆزلىرىم ئېھتىمال ۋاھاب گۇرۇھنىڭ يورۇقلۇقتىن نېرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ

كۆرەلىشى مۇمكىن . ياق ، ئوخشىمىغان دەۋردە بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىمدىن پۇشايمىنىم يوق . چۈنكى مەن تۇرمۇشۇمنىڭ ھەربىر بۆلىكىنى شۇنچە مەنىلىك ئۆتكۈزگەن . بۇ دۇنيالىقتا بار كۈچۈك بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىگەن چېغىمدا ، سەن ئۆزۈڭنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغاندەك ، قېرىمايدىغاندەك سېزىسەن ؛ ئۇ ئالەملىكنىڭ ئۈچۈن تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ دىيانەت يولىدىن چىقمىغان چېغىڭدا ، ئەكسىچە ئۆزۈڭنى پات ئارىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالىدىغاندەك سېزىسەن .

سەھەردىلا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى . كىم كەلگەندۇ ؟ بۈگۈن ھۇمە غالىبنىڭ تازىلىق قىلغىلى كېلىدىغان كۈنى ئەمەسقۇ ؟ مەن ئىشىكنى ئاچتىم . بوسۇغىدا راندانىنىڭ ئانىسى زەينەپ خانىم تۇراتتى . مەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدىم . كۈنىنى تەستە ئۆتكۈزۈۋېتىپمۇ ئۇنىڭ يەنە مۇشۇنداق يۈزۈر كىيىنىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالدىم . ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى . مەن شۇ ھامان رادىئونى ئۆچۈرۈۋەتتىم .

— مېنى يالغۇز سىزلا كۈتۈۋالامسىز ، مۇھتاشىم بېك ، — دېدى ئۇ .

— ئاللامۇ بىز بىلەن بىللە ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلغاچ .

ئۇ چوقۇم فاۋاس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى سەرنا بىلەن سۆزلەشكىلى كەلگەن گەپ . بىراق ئۇلار سەھەر تۇرۇپ تۇگىمەس ئالدىراشلىقلىرى ئېچىگە بەند بولىدۇ ، ئازراقمۇ بوش ۋاقتى يوق . مۇبادا ئولفان بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسا ، ئېھتىمال ھېچقانداق پايدىلىق ئىش يوققۇ دەيمەن . ئىككىمىز سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ .

ھەي ، بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ، سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ

هاجىتى يوق . ئۇ چوقۇم ئولفان بىلەن قىزى راندانىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلدى .

— قۇلىقىم سىزدە ، زەينەپ خانىم ، نېمە ئىش باركىن ؟

— سىز دۇمبىسىدە پال باقىدىغان ئادەم ، مۇھتاشىم ، مېنىڭ قىزىم هالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى .

— ئاللا ئۆز پاناهىدا ساقلايدۇ .

— بىز سىزنى بەكمۇ هۆرمەتلەيمىز . بىراق ، يەنە قانچىلىك ساقلايمىز ؟

مەن بىر شۇملۇقنىڭ ئامراق نەۋرەمگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى سەزگەندەك بولدۇم .

— زەينەپ خانىم ، — دېدىم مەن ، — راندان چوڭ بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە تەربىيە كۆرگەن ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلىگۈچىلىكى بار .

— مۇھەببەت كىشىنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ ، مۇھتاشىم بېك . سىز مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانمىدىڭىز ؟ ئوغلىڭىز فاۋاس بېكمۇ مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانمۇ ؟

— بىراق ، ئولفان بىلەن راندان ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقىي مۇھەببەت .

— ئۇنداقتا بىز مۇھەببەتنىڭ ئۇلارنى نابۇت قىلىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق بولىدىكەن - دە ؟

مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم . ئۇ سېمىز ئېڭەكلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ دېدى :

— بىز ئۇلارنى بۇ تۇيۇق يولدىن قۇتقۇزۇۋالايلى ، ئاندىن تەقدىر گە تەن بېرەيلى . ھەر ئىككىلىسى كېيىن ئۆزىگە ماس كەلگۈدەك ئادەمنى تاپسا ئەجەب ئەمەس .

— سۇلايمان بېكمۇ مۇشۇ ئۆيدىمۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە ، مەن ئۇنىڭ ئانىسى بولسام ، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ دادىسى ـ دە . ئۇلفاننىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىمىز سىيرىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇ ياخشى يىگىت بولغاندىكىن بەختىنى تېپىشى كې-رەك ئىدى .

ــ تازىمۇ بىر تەلەيسىز بالىدە بۇ ، ــ قوشۇپ قويدۇم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاپ دېگۈدەك .

ــ بۇ ئىشتا ئاللادىن باشقا سىزگىلا ئۈمىد باغلىدىم جۇ-مۇ ، ــ ئۇ ماڭغاچ شۇنداق دېدى .

ئاھ ، ئەتىگەندىلا تازىمۇ نەس باستىغۇ ! ئامراق ئادىمىم ئۈچۈن ۋاستىچى بولۇش تەقدىرىمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ . كۆڭلۈم تولىمۇ غەش ھالدا ساپادا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم . چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم . چۈشتىن كېيىن ئۇلفان چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا دەيدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتتىم . ئويلىغىنىمدەكلا ئۇ مەن گەپ تېششتىن ئاۋۋال نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى سېزىۋالدى .

ــ مەن سەن بىلەن كۆڭۈلسىز بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى ، مېنى ئەيىۋ قىلامسەن ؟ ــ سورىدىم مەن .

ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالدى ۋە كىـ-نايە قىلغاندەك :

ــ بارلىق سۆھبەتنىڭ ئاساسى ئاخىرقى ھېسابتا كۆڭۈل-سىزلىك بولىدىغۇ ، بوۋا ! ؟ ــ دېدى .

ــ راندان توغرىسىدىكى ئىش ئىدى ، ئۇلفان .

ئۇنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆزگىرىپ كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى . مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممە گەپنى دېدىم . ئۇ گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەينىكىنى ئەسكى ئۈستەلگە تىرەپ ، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى ۋە غەزەپ بىلەن :

— بوۋا ، مەن تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن بولۇپ قالدىمغۇ ، ئەمدى .

— بىـز بۇ ئىشنى سەزگۈرلۈك ، تەمكىنلىك بىلەن ئويلى- نىپ باقايلى .

— بوۋا ، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار ، — دېدى ئولفان .

— ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار ، بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلمىساق بولمىدى ، — دېدىم مەن ۋە سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم .

— راندان كىچىك بالا بولمىسا يا ، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ .

— شۇنداق . بىراق ، مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە ئۆمۈر بويى ساقلايدىغان ئوخشايمىز .

— مېنىڭ بۇ ئىشنى دەپ كېچىلىرى ئۇخلىماي چىققىنىممۇ يوققۇ .

— سېنى ھېچكىم ئەيىبلىمىدى .

— ئەڭ ئاخىرقى قارارنى كىم چىقىرىدىكەن ، راندانمۇ ياكى ئاتا - ئانىسىمۇ ؟

— ھازىر قارارنى سەن چىقىرىسەن .

— مەنمۇ ؟

— يېشىڭ سېنى ساقلاپ تۇرمايدۇ . سەن ئەقىللىق يى- گىت . ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايسەن . بەلكىم بۇ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزغىنىڭ بولۇپ قالار . . . بۇ 5 - ئىيۇلدىكى بالا - قازا ، ئېچىۋېتىش ئۇ- چۇن بېسىلغان خاتا قەدەم . رۇسىيە ، ئامېرىكا ۋە باشقا بىر قىسىم يات قوۋمدىكى دۆلەتلەر پەيدا قىلغان قارا ھەم توم بىر يىپ ھا- زىرغىچە سۆزۈلۈپ كەلدى . . .

www.uyghurkitap.com

— مەن بۇنىڭغا قارشى تۇرسامچۇ؟

— قايسىسىنى توغرا دەپ قارىساڭ شۇنداق قىلغىن، — دېدىم مەن ئامالسىز.

— ماقۇل، بوۋا، — ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ مۇجـ مەل جاۋاب بەردى.

كەچتە فاۋاس بىلەن سەرنا بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تاپتى. سەرنا ھاياجان ھەم غەزەپ ئارىلاشقان ھالدا:

— راندان ئەسلىدە بۇ ئىشقا قوشۇلۇپ كۆڭلىدە يوشۇرۇپ كەلگەن ئىكەن - دە، — دېدى. فاۋاس ئوغلىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان بۇنداق ئاقىۋەتتىن ھېزى بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى.

— چاي ئىچىۋېلىش ئىككى ئادەمنىڭ بەختىگە ئول- تۇردى، — دېدى فاۋاس.

— بوۋا، — دېدى سەرنا، — سىز ئۇلفانغا ئوبدانىراق نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ. ئۇ سىزنىڭلا گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ. بىز- نىڭ گېپىمىزنى يېمەيدۇ. ئۇ باشتىلا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان بولسا، بۈگۈنگە كەلگەندە يۈزىمىز تۆكۈلمەيتتى.

قۇرئان كەرىمدىكى مۇنداق بىر ئايەت سۈرە خىيالىمدىن كەچتى: « ‹ چاكىنىلار قانداق نەرسە بىزنىڭ ئەسلى نىشانىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى › دەپ غەلۋە قىلسا، سەن: ‹شەرق، غەرب ھەم- مىسى ئاللانىڭ ئالقىنىدا، ئاللا ئۆز ئىرادىسى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ › دېگىن » .

## ئۇلفان فاۋاس مۇھتاشىم

ھاۋا بۇلەكچە ئوچۇق، ئانا تەبىئەتتە قەھرىتان قىشنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى قالمىغانىدى. دۇنيادىكى جىمى دەرد - ئەلەم

مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەندەك ئىدى . ئىھرام كۆكۈل ئىچىش زالىدىن باشقىراق بىر جاينى تاپقان بولسام توغرا بولاتتى . چۈنكى بىزنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىمىز ئىگىزلىكنىڭ چېتىگە جايلاشقان مۇشۇ جايدا قالغانىدى . ھەر قېتىم ئۇنىڭ تىنىق كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەندە ، ۋىجدان ئازابىدا ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە پۇچىلىنىپ كېتەتتىم . مېنىڭ ئويۇمچە ، ھېچقانداق ئادەم ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيتتى . ھەرقانداق ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا ، بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى . ھەتتا جان ـ جانىۋارلاردىن بولۇپ بولسا ئۇ توغرۇپ قالغاندىن ئىلەن قاغا ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇشۇ ئۇدۇم قالغانىدى .

ئاھ ، ئايال دوكتور ، بەك يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتماڭ ، سىز تەقۋادار ئانا بولۇپ قالدىڭىز . مۇھەببەت قايىنمى ئىچىدە مەست بولدىڭىز . كېلىڭ ، بىز راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچەيلى . يا چاي ئىچىشنىڭ ھۇزۇرىدىن سىزلا بەھرىمەن بولۇڭ ، يا چاينىڭ ئاچچىقىنى مەنلا يۇتۇۋېتەي .

ئاللا سېنى سۈكۈت ئىچىدىن تارتىپ چىقارغاي ، ئىلاھىم .

مەن تۆپىلىكتىكى شالاڭ تىكىلگەن كوكس دەرەخلىرىنىڭ ئۇچىغا زەن سېلىپ قارىغاچ ئۇنىڭدىن سورىدىم :

ـــ ئاپىڭىزنىڭ بوۋامنىڭ قېشىغا بارغانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ ، راندان ؟ ـــ ئۇ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئىرەنشىمەيلا دېدى .

ـــ ئانامغا بىردەم ئارامچىلىقمۇ يوق ، ـــ دېدى راندان مەنسىتمەسلىك بىلەن ، ـــ دۇنيادا ھېچقانداق يېڭى نەرسە يوقكەن . . .

ـــ بۇ گېپىڭىزدىن قارىغاندا بىز بىرنەچچە يىل بۇرۇنلا توي قىلغانىكەنمىز ـ دە ، ـــ دېدىم مەن ئازاب بىلەن .

ـــ سىزنىڭ بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

ئويلىماپتىمەن.

— بۇنداق بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن ئىچىم سىقىلىپ ئۆلەيلا دېدىم.

— ئۆزىمىزگە قارشى سادالارنى بۇرۇن جىق ئاڭلاپ تو- يۇپ كەتكەن.

— ئېيتىڭا، بىز يەنە قاچانغىچە ساقلىيالارمىز؟

— ۋاقتىنىڭ كارى چاغلىق.

— بىراق بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، ۋاقىت يەنىلا مۇ- ھىم. يۈكۈم بەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ گېپىنى بۆلدى:

— سىزنىڭكىگە ئوخشاشلا مېنىڭ يۈكۈمۇ ئېغىر.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزنى نابۇت قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېقرار قىلىشىم كېرەك.

— ئۇنداقتا سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزچۇ؟

— بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش، ئەرلەر ئەللىك يېشىدا توي قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇلفان، بىز تۇنجى كۆرۈشكەن چاغدىلا مەن سىزگە باغلىنىپ قالغانىدىم، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. بۇ گەپنى دېگەندە ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بەلكىم ئۇ تۇنجى قېتىم شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋاقتىم بولغىيدى، — مەن بىردەم ئىككىلىنىپ شۇنداق دېدىم.

— ئاھ، خۇدا، ئەجەبا سىزنىڭ ئويلاۋاتقىنىڭىز راست- تىنلا . . . — ئالاقزادىلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

ئۇنىڭ يەنە سۆزلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئازابلىق ھېسلىرىمنى يوشۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم:

— مەن سىزنى بۇ بويۇنتۇرۇقتىن خالاس قىلىشنى قارار قىلدىم.

— ئۇلفان ... بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ مەن راستتىنلا چىدىيالمىدىم، — دېدى ئۇ يۈرىكى قاتتىق پۇچىلانغان هالدا.

— سىزگە ئەمدى يۈك بولمايدىغان بولدۇم. لېكىن سىز بۇ قارىشىڭىزنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىڭ...

— مەن ئەركىن ئادەممەن، هېچكىم ماڭا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

— بۇ ئىشنى قايتا ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنىڭ بەكمۇ زۆرۈرىيىتى بار.

ئۇ ئازاب بىلەن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ شۇنداق توغرا بىر مەنتىقە بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، ئەگەر ھەقىقىي مۇھەببەت مەۋجۇت دېيىلسە، بۇ قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالامدۇ ـ يوق... — دېدى.

— هەرگىزمۇ مەندىن گۇمانلانماڭ، ئەھۋالنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەڭ، مۇھەببەتمۇ بىر خىل قۇربان بېرىشقۇ... — دېدىم مەن جىددىيلەشكىنىمدىن تېخىمۇ قىزىشىپ.

— سىزنى قۇربان بەرگۈزۈشۈمنىڭ هاجىتى يوق...

— مەن قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن ھەممە ئىشنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن.

— سىز ئەڭ ياخشىسى مېنى ئىلگىرىلەش يولىڭىزدىكى توسالغۇ دەپ بىلىڭ، — دېدى ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا.

— بۇنىڭغا ئاللامۇ يول قويمايدۇ، راندان، مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن.

— بىراق مەن سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشىڭىزگە قارشى.

— مەن مۇشۇنداق قىلىشنى قارار قىلىپ بولدۇم، — دېدىم مەن ئوچۇقتىن - ئوچۇق.

يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قاراڭغۇلۇق بىلەن ئېغىر سۈكۈنات ئىككىمىزنى ئايرىپ تۇرماقتا ئىدى. ئىككىلىمىز تۈگۈلگىنىمىزچە ئۆز جايىمىزدا تۇراتتۇق، ئۈمىدسىزلىك بىزنى مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتكەندى. ھەتتا بىللە ئولتۇرۇشىمىزمۇ مەنىسىنى يوقاتقانىدى.

— ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرمانسىز ھالدا شۇنداق دېدى.

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ تاپتا مەن يېلى چىقىپ كەتكەن توپقا ئوخشاش سالپىيىپ قالغانىدىم. بىز ناتونۇش ئادەملەردەك ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق. ئازاب مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كەلگەنىدى. يول تۈگەي دېگەندە يوشۇرۇن غېرىبلىق كۆز ئالدىمدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالدى. يول بويى ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىشمىدۇق. كونا بىنا ئىچىدە ئايرىلار چېغىمىزدىمۇ بىر ئېغىز پاراڭ قىلىشمىدۇق. ئۆيگە كىرگەن چېغىمدا ئانام بىلەن دادام ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشكەن بولۇپ، بوۋام ئۆزى يالغۇز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مەن كېلىپ بوۋامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. بوۋام قىزىقسىنغان ھەم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ماڭا بىر قاراپ قويدى ۋە دەرھال ھېچ ئىش بىلمىگەن قىياپەتتە دېدى:

— بىر ساراڭ ئايالنىڭ كىنوسى قويۇلۇۋاتىدۇ، تايىنى يوقكەن...

— تايىنى بولمىسا نېمىشقا كۆرىسىز؟

— يەنە بىر قانالدا نۇتۇق سۆزلىنىۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۆچۈرۈۋەتمىدىڭىز ؟

— ھەي، قانالارنىڭ بولمىغىنىدىن بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ .

— توي قىلىش ۋەدىمىزنى بىكار قىلىۋەتتىم، — دېدىم مەن .

بوۋامنىڭ شۇ ھامان قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئۈمىدسىز كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ :

— ئاللانىڭ سېنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشۈڭگە ئىلتىپات قىلىشىنى تىلەيمەن، — دېدى .

— توي قىلىش ۋەدىمىز بىكار قىلىندى، ھەممە ئىشىمىز بىراقلا تۈگىدى، — دېدىم مەن سوغۇققىنا .

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

مەن ئالدىمغا چىققان ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن چىرايىمنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدۇم . مەن دادامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسۇن، دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئانامغا :

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، سىز ئاخىر مۇرادىڭىزغا يەتتىڭىز، — دېدىم .

ئانام سۈكۈتكە چۆمدى ھەم كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، بۇ چاغدا دادامنىڭ :

— سېنىڭ ئاقىلانە قارىشىڭدىن مەن ھەمىشە خاتىرجەم، — دېگىنىنى ئاڭلىدىم .

— دادا، مېنى كىچىك بالا ئورنىدا كۆرمىسىڭىز قانداق ؟ — دېدىم مەن ئاغرىنىپ .

— سەن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايسەن، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ساڭا بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، — دېدى دادام پەرۋاسىز ھالدا.

— سەن تەقۋادار ئادەمغۇ، تەقۋادارلار قورقماسلىكى لىدۇ، — ئانام تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى.

— ئاناڭنىڭ دېگىنى توغرا، — راندان.

ھازىردىن باشلاپ ئۇ يۇزلەنمەكچى بولغان بۇ دۇنيا ئۇلغان قايتا مەۋجۇت بولمايدىغان، چىداملىق بىلەن ياشايدىغان دۇنيا ئىدى. يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغىنى ئۈچۈن جىنىم دەھشەت قىينىلىۋاتاتتى. مەن ئۈمىدسىزلەنگىنىمچە ئايالار دۇنياسىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقماقتا ئىدىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى تېمىنىڭ ھاك-لىرى چۈشۈپ كەتكەن ھۇجرا، لىڭشىپ قالغان ئىككى كارىۋات، ئالا - بۇلىماچ سىرلانغان كىيىم ئىشكاپى ۋە تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن، زەي سىلىپ قارىسا، ئاندىن گۈللىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدىغان قوڭۇر رەڭلىك گىلەم ئىدى. ئاپام سەرنامۇ تىرىككەك بولۇپ قالغانىدى.

— سېنى تازا تەربىيىلىسەك بولغۇدەك، — دېدى ئاپام سوغۇقلا.

ئۇلغاننى ئويلىسامىلا ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن مې-نىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەكرەك توخۇ يۈرەك ئىكەن. ئۇنىڭ پېشانىسىگە نىمىلا ئىش قىلسۇن مۇشۇنداق ئارىسالدى بولۇش پۈ-تۈلگەنمىكىن. ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ چارىستان دېگەن ھېلىقى شاللاق خوتۇننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندۇ تايىنلىق. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قابىلىيەتسىزلىكىنى يوشۇرىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام، باشقىلارنىڭ خوتۇن ئې-لىشقىمۇ قۇدرىتى يەتمەپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشىدىن قۇتۇلىمەن،



www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلايتتى . مەن ئۆزۈمگە : « ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن خۇش بولۇشۇم ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ بۇگۇنكىدەك ئېزىلەڭگۈ يۈرمەسلىكىم كېرەك » دېدىم . ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى ، مەندىن يۈز ئۆرۈدى . ئۇلفاندىن باشقا ھېچكىممۇ چىرايىمغا تەپچىپ چىققان قايغۇ ـ ئازابلىرىمنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قويمىدى . ئەمدى ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن تەنتەنە قىلسام ئەرزىيدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھېسسىياتىمنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىمايمەن ، سەگەكلىك بىلەن جاھانغا بېقىپ ئىش كۆرىمەن . مەن ئەمدى ئەركىن ئادەم ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم تولىمۇ رازى . ئالىمنىڭ نېمە دېگىنىكىنە ئۇ ؟ ئاھ ، تۈگىمەس ئازابلىرىم ! ۋاقىت راستىنلا سۆيگۈ يارىسىنى ساقايتالامدىغاندۇ ؟ قاچان ؟ قانداق قىلىپ ساقايتار ؟ لەنەت شۇنداق مۇھەببەتكە ! مۇھەببەت مېنى شۇنچە دەپسەندە قىلغانسېرى مەن مۇھەببەتنى شۇنچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم . ئاتا ـ ئانام قىلىۋاتقانلىرىمنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قەستەن مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى . غەلبىنىڭ باشلىنىشى مەغلۇبىيەتتىن تۇغۇلىدۇ ، ئۇلفان قاچقان بولسا ، مەن ئازاد بولدۇم ، ئازابلىرىم تۈگىگۈچە باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرەي . مەن سەھەردىلا ئاممىۋى مۇناسىۋەت بۆلۈمىگە كېلىپ ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم . ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئۇتتۇرىمىزدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن ئادەتتىكى بىر خىزمەتدىشىمغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى ئۆزۈمگە جېكىلەپ تۇردۇم .

ئېيتماققا ئوڭاي بولغىنى بىلەن ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەن قايغۇ ـ ئازابلىرىممۇ تەڭلا قوزغالدى . تۈنۈگۈن ئاخشامنى ئۇ قانداق ئۆتكۈزگەندۇ ؟ ماڭا ئوخشاش ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنمىدۇ ياكى باش چۆكۈرۈپ خورۇلداپ ئۇخلىغانمىدۇ . بەلكىم تازا را-

ھەتلىنىپ قالغاندۇ تايىنلىق . سىرىمىز چوقۇم ئاشكارىلىنىپ قال-
غان گەپ ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت بۆلۈمىدىكىلەر يالغاندىن بولسىمۇ
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويغان بولۇشتى . ھېچكىم ئارتۇق بىرنىمە
دېمىدى . بەلكىم ئىلگىرى سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلەر
كۆڭلىدە تازا خۇش بولۇشۇۋاتقاندۇ . بۇنداق كىشىلەر ھەمىشە
باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇر-
دۇ . چاقىرىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە مەن ئەنۋەر ئالىمنىڭ ئى-
پادىسىنىڭ باشقىچە كەسكىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . بىراق مەن
خوشلىشىدىغان چېغىمدا ئۇ ماڭا :

— بولغان ئىشتىن خەۋەر تاپتىم ، بەكمۇ ئەپسۇس-
لىنىمەن ، — دېدى .

مەن ئۈندىمىدىم . ئۇ يەنە :

— ئىشلارنىڭ ھامان شۇنداق بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم
يەتكەن ، ئاخىر ئويلىغىنىمدەك بولدى ، — دېدى .

ئاندىن ئۇ يەنە ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا قوشۇپ قويدى :

— سىزگە ئوخشاش بۇنداق قىزلار ئۆزىنىڭ چىقىش يو-
لىنى قۇرۇق ۋەدىلەرگە باغلاپ قويسا بولمايدۇ . سىز تېخىچە ئۆ-
زىڭىزنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ھېس قىلالمىغاندەك قىلىسىز .

مەن يەنىلا بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدىم . ئۇ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى :

— بىر چاغلاردا مەن ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ
ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ ، دېمىگەنمىدىم . مەن شۇ چاغدىلا
مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان . بارلىق شەيئى ھامان
يوقىلىدۇ ، بۇنىڭغا ئازاب چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق . مۇھەببەت
ئىشىمۇ ئوخشاشلا بۇ خىل قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

ئاخىرىدا ئۇ ئارخىپنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ :

— راندان قىزچاق ، مېنىڭ سىزگە بىر سەمىمىي نەسىھە-
تىم بار، بىزنىڭ ئەقىل - ئىدراك دەۋرىدە ياشاۋاتقىنىمىزنى مەڭگۈ
ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ . پەقەت ئەقىل - پاراسەتكىلا تايىنىش كې-
رەك . ئـەقـىـل - پـاراسـەتـتـىـن باشقىسىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق
گەپ . . .

پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا ئۇ ئارىدىكى پەردىشەپنى ئۈنتۈپ
ھاياسىزلارچە ماڭا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى . ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا
ئېرىپ كەتمىدىم . بىراق ، ئەمدى ئۇنى نورمالسىز ، غەلىتە ئادەم
قاتارىدا كۆرۈپ يۈرمەسلىكىم مۇمكىن . كەچتە دادام ماڭا :

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ، راندان ، ئۇ سېنى راستتىنلا
يـاخـشى كۆرگەن بولسا ، ھەرگىز سېنى تاشلىۋەتمەيتتى ، —
دېدى .

دادام ھـەممە نەرسىگە بىر تەرەپلىملىك ، مەنسىتمەسلىك
بىلەن قارايدىغان ئادەم ئىدى . ئۇ تىرناق ئاستىدىن كىر كو-
چىلاپ ، بىرەر ياخشى ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى تېپىپ چىقمىغۇچە
بـولدى قىلمايتتى . كۆڭلۈمدە دادامنىڭ كۆزقارىشىغا مايىل بول-
سامۇ يەنىلا :

— ئۇنـىڭ ئەمدى تىل - ئاھانەتنى كۆتۈرەلىگۈچىلىكى
قـالمىدى . ھېلىمۇ ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەي
دېدى . ئـۇنـى مـەن سـىـزگـە قارىغاندا ئوبدانىراق چۈشىنى-
مەن ، دادا ، — دېدىم .

— ئىشەنچىم كـامـىـل ، سـەن چوقۇم بەختلىك
بولالايسەن ، — دېدى دادام كۈلۈپ تۇرۇپ .

مەن ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدىم . دادام يەنە :

— مۇھەببەت توردىن بۇرۇنراق قۇتۇلساق ، تەقدىرىمىز
ئەقىل - پاراسەتكە باغلىنىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ پىك-

رىنى كۆپرەك ئاڭلاپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق ، — دېدى .

دادامنىڭ بۇ گېپىگە بەكمۇ ئاچچىقىم كېلىپ :

— ئۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم ، — دېدىم .

— ياق ، سېنىڭ ئىشىڭ ئوخشاشلا ھەممىمىزنىڭ ئىشى ، — دېدى دادام .

ئولفان ئۆزۈن مۇددەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن ئازاب تارتىۋاتقان چاغدا بىز يېڭى بىر تۇرمۇشقا خۇشاللىق بىلەن قەدەم قويدۇق .

## مۇھتاشىم زايىت

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپ ، ئولفاننىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ . ھەر ئون بەش كۈندە بىر يەر - جاھاننى گۈلدۈرلىتىپ چىقىدىغان بوراننى دېمىگەندە بۇ يىل باھار ھەرھالدا ياخشى كەلدى . ھەي ، ئولفان ، بۇ ئازابلىرىڭنى قاچانمۇ ئۇنتۇيالارسەن ! بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا مەنسۇپتۇر . كۈنۈم بۈگۈنمۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك ئىبادەت قىلىش ، قۇرئان ئوقۇش ، تاماق يېيىش ، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ . ئادەم سەكسەن ياشلارغا كىرگەن چېغىدا مېھمان خالايدىغان بولۇپ قالىدىكەن . ئاھ ، خۇدا ، ماڭا ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلغايسەن . ئاھ ، خۇدا ، بەندەڭنى قابىلىيەتسىزلىك ۋە ئازابتىن خالىي قىلغايسەن . شەپقەت نۇرۇڭنى دىيانەت يولىنى تۇتقان ئائىلىلەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچاقلىرىغىچە چاچقايسەن . ئۆيىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغايسەن . ئاللانىڭ زېمىنى گۈزەل ، بۇ پاك تۇپراق ھەرقانداق ئىپلاس ئەرۋاھلارنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرمايدۇ .

كۆك ئاسماندىن، نىل دەرياسىدىن، دەل ـ دەرەخلەر-
دىن، توپ ـ توپ كەپتەرلەر ئارىسىدىن يېقىملىق بىر ئاۋاز كې-
لىدۇ: « يەر ـ زېمىنىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدا، كېچە بىلەن كۈن-
دۈزنىڭ ئالمىشىشىدا، دېڭىزلاردىكى ئىنسانلارغا ئاسانلىق ياغدۇ-
رۇپ بېرىۋاتقان پاراخوت ـ كېمىلەردە، ئاللانىڭ مەرھەمىتى بى-
لەن ياغقان يامغۇر ـ شەبنەملەردە يۇمشىغان يەرلەردە، زېمىندىكى
ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان نەرسىلەردە، شامال يۆنىلىشىنىڭ
ئۆزگىرىشىدە، يەر بىلەن زېمىندىكى بەختسىزلىكلەرنىڭ تىزگىن-
لىشىدە دانىشمەنلەرنىڭ سانسىزلىغان قەدەم ئىزى بار. » مۇبادا
مەن مۇشۇ يېشىمدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلالىغان بولسام، نەقەدەر
بەختلىك بولغان بولاتتىم ـ ھە، بىراق مەن بۇ دۇنيادىن خاتىر-
جەم ئايرىلالمايمەن. دىنغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەر
كىشىنى تۈگىمەس ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق قىلىدۇ ۋە كۆز ئال-
دىمىزدىن كەتمەيدۇ. ئارقىدىن بۇ دەۋرنىڭ ئورنىنى سەزگۈرلۈك
بىلەن گۇمانغا قارشى كۈرەش قىلىش دەۋرى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ
كەينىدىن دىن بىلەن قارشىلىشىش ھەم دىن بىلەن قارشىلىشىشقا
قارشى كۈرەش قىلىش، بۇ خىل كۈرەش روھىنى قورقماي مەد-
ھىيىلەش دەۋرى يېتىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل ـ
پاراسەت بىلەن جاھان باشقۇرۇش ھەم ئۇنىڭغا قارشى تۈگىمەس
مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇش دەۋرى باستى. ئېتىقاد ھەم ئۈمىد
دەۋرى ئەڭ ئاخىرىدا يېتىپ كەلدى. ئۆلۈم ئەڭ ئاخىرقى خەتەر
بولۇپ قالدى. ئۆلۈم بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىش چىدامىلىق
ئادەملەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. ئەجەل ھەر ۋاقىت ماڭا تەھدىت
سېلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا مەن ئەجەلگە ئىنتايىن خۇشخۇي-
لۇق بىلەن: « پىشىپ قالغانلىرىنى ئۈزۈۋال، ئۇ پىشتى » دەيمەن.
بىر قېتىم مەن ئۇلفان بىلەن بىر يېگى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە

www.uyghurkitap.com

تىياتىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلفان ماڭا:
— بوۋا، سىزنىڭ مۇشۇنچىلىك تىمەن تۇرۇپ بەرگىنى-ڭىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى.
ئۇنىڭ بۇ گېپىگە بەكمۇ ئاچچىقىم كەلدى ۋە:
— قارا بۇ گېپىڭنى، مۇشۇنچىلىك تۇرغىنىمدىن رازى بولمايدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ، ئۇلفان، — دېدىم.
ئۇ ئوڭايسىزلانغىنىدىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارتۇق گەپ قىلمىدى. مەن:
— ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئادەم سەكسەن ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتتۇر. مەن ھايات تېغىنىڭ سەكسىنىنچى پەلەمپىيىگە قەدەم قويغان چېغىمدا ۋەتىنىمنىڭ بار-لىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇشقا ھو-قۇقلۇق ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن، ئۆزۈم بولسا ياخشى كۆتۈنە-مەن. ئەمدى مېنىڭ ياخشى كۆتۈنىدىغان ۋاقتىم كەلدى. مەن ساقا بۇرۇنلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئېلىشنى ئۆگەتكەن، مەن يەنىلا ساڭا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، سەن ئازاب چېكىپ ئۆمرۈڭنى بالدۇرلا خورىتىۋەتمە. قەلبىڭگە قەيسەر قەھرىمانلىق روھى چوڭقۇر ئورناشسۇن. سەن كىشى كۆڭلىنى تىنچسىز قى-لىدىغان دەۋرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزدۈڭ. ئەمدى يەنە كىشىنى ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدىغان، گاڭگىرىتىدىغان دەۋرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن پەقەت شۇنچىلىكلا دېيەلەيمەن. ئۈچ ئوقۇغۇچۇمنىڭ مىنىستىر بولغىنىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
— سەن مۇشۇلارنىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشى دەپ ھېسابلامسەن، بوۋا؟ — ئۇلفان قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
مەنمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم ۋە:

— سىلەرنىڭ تاللاشقا تېگىشلىك يولۇڭلار تېگىرقاش ئە-مەس ، بەلكى قەھرىمانلىق ، — دېدىم .

مەن ئۇنىڭ يەلكىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن قىقىپ تۇرۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم :

— مەجبۇرىيىتىڭنى ۋاقتىدا ئۇستۇڭگە ئالغىن . شۇنداق قىلساڭ ، ئۆمۈر مۇساپەڭنى بېسىپ بولغان چېغىڭدا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كۆڭلۈڭ يورۇق ھالدا بارالايسەن .

مۇبادا ئاللا مەردلىك بىلەن ئىلتىپات قىلىپ قالسا ، مەن بۇرۇنراق ئۇنىڭغا بىر بىنا ۋە بىر سوۋغا تاپقان بولاتتىم . بىراق ، ھازىر ئارمىنىمغا تۇشلۇق دەرمان يوق ، خىياللىرىم خىيال پېتىلا قالىدۇ ، خالاس . ئۇلغان ئازاب ۋە جاراھەتكە بەرداشلىق بېرىۋا-تىدۇ . بىراق مەن ئىبادەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەي ، كۆزلى-رىمنى چەكچەيتكىنىمچە ، قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋاتىمەن . مەن راندانىنىڭ دادىسى سۇلايمان مۇبارەكنىڭ ماڭا قىلغان كىنا-يىسىنى ئەسلەپ قالدىم :

— ئەجەبا سەن ھىيلىگەرلىك بىلەن بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، شالـلاق ھـەم نـومۇسسىز ۋاقىتلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟

مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدىم :

— مەن بىلەن ئۇلۇغ ئىگەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ۋەھىمە ئىگىلىدى .

— شەيتانىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قىلمىغان بۇزۇقچىلىقىڭ ، ئەسكىلىكىڭ قالمىدى ، ئەمدى قېرىغىنىڭدا ئاللانىڭ مەرھەمىتىنى تىلەۋاتامسەن ؟

— گەرچە ئۇ بىر نومۇسسىزلىق دەۋرى بولسىمۇ ، مەن يەنىلا ئۇنى بىر گۈزەل ئەسلىمە دەپ قارايمەن .

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا مەسخىرە قىلىپ دېدى :

— هەي ، قاراگلار ، كۆپچىلىك ! سىلەر بۇنداق بىچارە شەيخنى كۆرگەنمۇ . .

— خۇمپەر ، جۆيلۈمە . تۇرمۇش مۇساپەمدە بىر نەرسى-لەرنى توغرا چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ بولغانمەن . خۇددى هېلىقى ناخشىدا « مېنى سۆيىدىغانلار نەقەدەر كۆپ ، پەقەت سەنلا مېنى باش ئەگدۈرەلەيسەن » دېيىلگەنگە ئوخشاش ، مەن بۇ ناخشىدىن بىر خىل سىرلىق روھنى چۈشەندىم .

ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سورىدى :

— سەن هېلىقى « سەن مېنى چىشلىۋالدىڭ » دېگەن ناخشىدىن نېمىنى چۈشەندىڭ ؟

— بۇ پىتۇ ، هازىرچە قانچىلىك مازاق قىلساڭ قىلىپ تۇر . دىيانەتلىك هەم تەربىيە كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخى-رىدا ئىنتىلىدىغىنى ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاددىي بولسىمۇ ئىبادەت قىلىش .

— مۇهتاشىم ، — قاتتىق ۋارقىرىدى سۇلايمان مۇ-بارەك ، — مەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن . سەن ئىبراھىم كېپچىلىك كۈلۈبى ۋە ئەتكەسچىلەر مەركىزىنىڭ چوڭ خوجايىنى ئەمەسمىدىڭ .

ئولفاننىڭ زادى ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى هەقىقەتەنمۇ بىلمەيتتىم . ئۇ زادى : « بوۋام مېنى مۇشۇنچىۋالا ئازاب - ئوقۇ-بەتكە دۇچار قىلغان » دەپ قارامدىغاندۇ ؟

— ئولفان ، ئازابلىرىڭنى تەڭ تارتىشىپ بەرگۈم بار .

ئۇ ئاچچىقلانغان هالدا دېدى :

— ئەمەلىيەتتە قانداق قىلىش كېرەكلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيۋاتىمەن .

— دۆلەت ھامان بىر كۆنى تىنجىيدۇ .

— دۆلەت ئەمىن تاپقۇچە مەنمۇ يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالىمەن ، — مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدىم ، — ئاللانىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرىنى سىلەر بىلەلمەيسىلەر .

— ھەي بوۋا ، سىلەر پاساھەتلىك سۆزلەردىن بىردىنلا نىجاتلىق يولتۇزى تاپالايسىلەر - ھە .

— ئولىفان ، 30 - يىللاردا مەن ئوقۇغۇچىلارنى دەرس تاشلاشقا كۈشكۈرتكەنلىك جىنايىتىم بىلەن جان بېقىش ئىمكانىيىتىمدىن مەھرۇم قالغانمەن . ئۇ چاغدا مەن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدىم : ئۆيدە بىر توپ باللار ۋە نامراتلىقتىن يالىڭاچ قالاي دەپ قالغان ئەزالىرىم بار ئىدى . مەن بىر شەخسىي ئاچقان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ نامرات ئوقۇتقۇچى بولدۇم . مائاشىم بەك ئاز ئىدى . دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە بىر مىلىچمال سودىگىرى بار ئىدى . شۇ نېسىگە بەرگەن نەرسىلەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتىم . توپتوغرا بىر يىل يېسى پۇرچاق يېدۇق . ئىشەنمىسەڭ داداڭدىن سوراپ باقساڭ بولىدۇ . . .

ئۇ خۇشياقا - خۇشياقماس سۆزلىرىمگە قۇلاق سالدى ، ئارقىدىن چېچىلغان ھالدا دېدى :

— مەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم يىرگىنىۋاتىمەن .

— بۇ دەل سىـبىـنـىـگـىـدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقانلىقىدىن ، — دېدىم مەن ئۈمىد بىلەن .

— بەلكىم مەن يېڭىدىن گۇمران بولۇش يولىغا مېڭىۋاتقاندىمەن ، — دېدى ئۇ .

— ئۆلۈمنى تـىـلـغـا ئالمايلى ، — دېدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن .

— ئۆلۈممۇ بىر ھايات ، — دېدى ئۇ .

قۇرئان كەرىمدىكى مۇنداق بىر ئابزاس سۈرە ئېسىمگە كەلدى :« توغرا يول تۇتقانلار ئۆزىنىڭ روھىغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ . نىشانىدىن ئاداشقانلار ئەرۋاھلارنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ » .

## ئولفان فاۋاس مۇھتاشىم

قەلبىم ئازابلىنىپ ، غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىندى . كوچىلاردا ئۆيدىن قوغلانغان ئىتتەك لاغايلاپ يۈرىمەن . قۇش پېيى قەھۋەخانىسى ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان جاي ئىدى . مەن قەھۋەخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بىر ئىستاكان قەھۋە بۇيرۇتقاندىن كېيىن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالدىم . بۇ يەر بۇرۇنقى قەھرىمانلارغا ــ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىلەرگە ، كەمبەغەللەر ھەم يېتىم ــ يېسىرلارغا ئۈمىد بېغىشلاش ئۈچۈن سېلىنغان مۇقەددەس جاي ئىدى . بۇ يەر يەنە غەلىبە ھەم تىنچلىق قەھرىمانلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان جاي ئىدى . غەلىبە ئەسلىدە باللار ئويۇنى ، تىنچلىق ئەسلىدە تەسلىم بولۇش دېمەكتۇر . مۇنازىرە ساداسى ئىسرائىلىيە سايامەتچىلىرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى . مەن ئاڭلاۋاتىمەن ، خۇشال بولۇۋاتىمەن ، ئۆزۈمنى خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن . ئەگەر خالىسىڭىز ، كۆلەڭگە پارتىيىگە قاتنىشىڭ ، ئۇنىڭ شوئارى پەقەت « رەت قىلىش » دېگەن سۆزدىنلا ئىبارەت . ئەگەر پارىڭىمىز سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويسا ، چوڭ كوچىلارغا قارىۋېلىڭ ، مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ رىتىمى تېز ، ئۈزلۈمەي داۋام قىلىدىغان ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىڭ . روھى سولغۇن چىرايلارنىڭ كەينىگە نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى قىياس قىلىڭ . ئەرلەر ، ئاياللار ، باللار ، ھەتتا ھامىلىدار ئاياللارمۇ ئۆيدە

قىلىشنى خالىمايدۇ. ھازىر ئادەم ئۆيدىن بىر چىقسا يا تراگېدىيە
يا كومېدىيە كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆي جاھازىلىرى ماگىـ
زىنى، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرى كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن
شۇنچىلىك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتكەن. نەچچە مىللەتنىڭ
كىشىلىرى مۇرىسىنى مۇرىسىگە تىرەپ بۇ مىللەت ئارىسىدا ياـ
شاۋاتقاندۇ ـ ھە؟ خەلق مەيدانىدىكى كۈچلۈك چىراغ نۇرى
كۆزنى چاقنىتىپ، نېرۋىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. نېرۋىنى ھاياجانغا
سالىدىغان نەرسىلەردىن يەنە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ
ئۈستەللىرىگە تىزىپ قويۇلغان مىنېرال سۇلارمۇ بار تېخى. بىز
نېمە ئىچسەك بولار؟! تاكسىلارنىڭ ئىچىدىكى بالا تەگكۈر ئۈنـ
ئالغۇلاردىن ئالىتاغىل ناخشا ـ مۇزىكىلار ئەتراپقا تارىلىپ تۇرىدۇ.
مەن ئەتراپىمدىكى دەرەخلەر بىلەن بىنالارغا ئېرەنسىزلەرچە قاراپ
تۇراتتىم. قەيەردىكى ئۈنئالغۇدىن چىقتىكىن، ئەيتاۋۇر بىر چاغدا
قۇلاقنى يارغۇدەك نۇتۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ
يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلەر ھاۋادىكى چاڭ ـ توزان ئىچىدە
غايىب بولدى. ئۆلەيلا دېدىمغۇ بۇ زېرىكىشلىكتىن... يەنىلا
كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىسىگە قۇلاق سالغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ.
كىچىك بىر دۆۋە خارابىلا يۈز مىڭ پوندقا يارايدىكەن. ئىلىم ـ
پەن جىنايەتچىلىرى ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە ئېقىپ يۈرۈشىدۇ.
مىليونېرلاردىن قانچىسى باردۇر؟ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قىز ـ ئوـ
غۇللار، پارازىت قۇرتلار، ئەتكەسچىلەر، پاھىشىلەر، سۈننىي
مەزھىپىدىكىلەر ۋە شىئە مەزھىپىدىكىلەرمۇ بار تېخى. بۇ يەردە
كۈتكۈچىلەر، ئاياغ سۈرتكۈچىلەر كوچا خەۋەرلىرىنى تارقىتىدۇ.
ئاچارچىلىق؟ قاچان ئاچارچىلىق بولىدىكىنە؟ پارىخورلۇق كۆـ
زىگىزنىڭ ئالدىدىلا ئوپئوچۇق يۈز بېرىۋاتىدۇ. كۈچلۈكلىرى
باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىشىۋاتىدۇ. گۇرۇھ باشلىقلىرى بولسا

www.uyghurkitap.com

قوللىرىدا يەر بېجى تالونىنى تۇتۇپ تۇرۇشىدۇ. كىم چىقىپ دىنى مەزھەپتىكىلەرنى مالىمان قىلالايدۇ ؟ ئىلگىرىكى خەلق پىغىنلىرى ئېچىلىدىغان بۇ جاي ئەمدىلىكتە ناخشا زالىغا ئۆزگەرتىلدى. كېرەكسىز تاشقى پېرېۋوت ئىمپورتى، رەڭگارەڭ پىشلاقلار، يېغىلىنىپ تۇرىدىغان بانكىلار ھەممىسى بار. بۈگۈن بىر تال تۇخۇم نەچچە پۇلدۇ ؟ ئىبرام كۆكۆل ئېچىش زالىدا كىلىن سوۋغىسى تارقىتىلىدۇ. توي ۋەدىسىنى بىكار قىلغانلىقىمىزنى مەركىزىي ئامانلىق ساقلاش قىسمىدىكى ئەسكەرلەر ئاڭلىغان چاغدا مەسچىت ئىمامى نېمە دېگەندۇ ؟ چوڭ بىر كوچىدا بىرمۇ ئاممىۋى ھاجەتخانا يوق. بىز نېمىشقا ئۆي جاھازىلىرى تولۇق بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالمايمىز ؟ ئۇ ناھايىتى كەتسە بىر مەغلۇپ بولغان ئارتىسقۇ. ئىراقنىڭ ئاتوم رېئاكتورى بازىسى قانداق پارتلاپ كەتكەندۇ ؟ بىر ئايال چوڭ كوچىدىن كەلگەن پېتى قەھۋەخانىنىڭ كەينىدىكى پاھىشىخانىغا كىرىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى دەرھال بېسىقىپ قالدى. ئۇلار كۆڭلىدە ئۇ ئايالنىڭ يوغان ساغرىسى بىلەن پاخاللىشىۋاتقان پۇلنى سېلىشتۇرما قىلدى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى: «ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىگە ماتېرىيال توپلاۋاتىدۇ، بەك ئاق كۆڭۈل ئايال ئۇ» دېدى كېسىپلا. بىر ياش بەچچىۋاز مۇقىم كىرىم ساھەسىدە بەچچىۋازلىقنى يولغا قويسا ھەم مۇھەببەت كرىزىسىنى ھەل قىلغىلى ھەم پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. داۋىنىڭ كېلىشمى بىكار قىلىنمىسا بىزگە ئۆلۈمدىن، ئەرەبلەرنىڭ قويىنىغا قايتىپ بېرىشتىن، قايتىدىن قورال كۆتۈرۈپ مەڭگۈ ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول قالمىدى. كۆنۈككەن خېرىدارلارنى خۇدا ئۇرسۇن! بولدى . . . بولدى . . . بىكار تەلەپ ئادەم ئۇچۈن

ۋاقىت تولىمۇ تەستە ئۆتىدىكەن. سەندىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىم بىكارغا كەتتى، راندان، دىل يارىسىنىڭ ساقايمىقى تەس ئىكەن. مەن بۇ كېسەلنىمنىڭ ساقايماس كېسەلگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن. مەن ئۈنىڭ ئازاب ـ ھەسرىتىدىن تەسەللى تاپىمەن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىدى. كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئاتا ـ ئانام بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرغان چېغىمدا ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە ھەسەت قىلغۇم كېلىدۇ. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل ئازابقا دۇچار بولۇشىغا ئىمكان بەرمىگەندى. ئۇلار خىزمەتكە بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىشكەندى. بۇ مەن پەقەت خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ياخشى ئىش ئىدى.

— ئەمدى ئۆزۈڭ ۋە دۆلەت توغرىسىدا گەپ قىلىپ بىرىنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتمىغىن، سەن ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىڭنى ئۆزۈڭ ھەل قىلغىن، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاللا ئۆزى بىر تەرەپ قىلار، — ئۇلار ئۆزۈۋپلا شۇنداق دېدى.

مەن ئىختىيارسىز ئىلگىرىكى چىرايىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان دادامنى ئەسلەپ قالدىم.

ئۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن شوئار توۋلاپ مەغلۇپ بولدى، ئېچىۋېتىلگەن دەۋرگە كەلگەندە بىراقلا توگەشتى. مەن دادامنىڭ:

— ئۇ ۋاقىتلاردا ھەتتا چاچ ياسىغۇدەك، تىرناق ئالغۇدەك ۋاقىتمۇ يوق ئىدى، — دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن يەنە دادامنىڭ بوۋامغا:

— ئېچىرقاپ كەتكەن قورسىقىمنى بىردەم بولسىمۇ ئارام تاپسۇن دەپ ئاپتوبۇستىكى قىستاڭچىلىقتا سەرنانى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، — دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم دادام ماڭا :

— جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بارىمەن ، بايرام كېلىپ قالدى ، قىلىدىغان ئىشلار دۆۋىلىنىپ كەتتى . مۇنچىغا چۈشۈش ، تەزىيە بىلدۈرۈش ، ئەپۇ سوراش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېرەك . مەن تېخى بىرەر سائەت ۋاقىت ئېشىپ قالسا بېلىمنى سوزۇپ بىر يېتىۋالارمەن ، دەپ ئويلاپ يۈرسەم ، سېنىڭ يەنە شۇ دۆلەتنىڭ غېمىنى يەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى ، — دېدى .

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار لىق تولۇپ كەتكەن يىغىن زالىدا مۇئەللىمىمىز ئەلى سەمىغ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . مەن : « مۇئەللىم ، توي ئىشىمىز يوققا چىقتى » دېدىم . ئۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپلا قالماي ، يەنە تېخى ئۇ مېنىڭ راندان بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشىمنى تەۋسىيە قىلدى . « ياق ، مۇئەللىم ، ئەمدى سۆزلەشكۈدەك يېرىمىز قالمىدى . مەن سىزگە ۋەدە بېرەي ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ سۆزلەشمەيمەن » دېدىم . قارىسام ، مەھرۇز رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەم ئۆرپ - ئادەتتىن ھالقىغان ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ ئىشنى ھەل قىلىپتۇ . ئۇ زامانىنىڭ رايىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ھامان مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ قانداق قىلغانكىنە ؟ ئۇ تۇرۇبا ئوڭلاش ھۈنىرىنى ئۆگەنگەنىدى . ئۇ پروفېسسور بولۇش تەكلىپىنى تۈنجى بولۇپ رەت قىلغان ئادەم ئىدى . مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدىم ، ئاخىر تەستە بىر كۈلۈپ قويۇپ :

— مەن سايمان ساندۇقۇمنى كۆتۈرۈپ ماڭغاچ : « سۇ تۇرۇبىسى رېمونت قىلىمەن » دەپ ۋارقىرايمەن ، تۇرۇبىسى بۇزۇلغانلار شۇ ھامان قېشىمغا چېپىپ كېلىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەن بىردەمدىلا سابىر بايدىنمۇ بەكرەك بېيىپ كېتىمەن ، — دېدى . ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ مېنى چاقىرىپ :

— مەن سىنىڭ « باش ئېگىش » دېگەن يېڭى بىر خىل دىنغا كىرىشىڭنى تەشەببۇس قىلىمەن ، — دېدى .

ئەنۋەر ئالىم بىلەن يالغۇز قالغان چېغىمدا ، ئۇ :

— مەن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن ، بىراق سەن توغرا قىلـ دىڭ . ئەمدى دۇنيا ساڭا ئىللىق چىراي ئاچىدۇ ، — دېدى .

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئەنۋەر ئالىم ماڭا داج كوچىـ سىدىكى ئۆيىگە بېرىشىمنى ، ئۇ يەردە جىددىي بىر خىزمەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى . ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ مېنى ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى . بۇنداق بولۇشنى بۇرۇنلا قىياس قىلغانىدىم . چارىستانىڭمۇ بىز بىلەن بىللە تاماق يەيدىغانلىقىدىن ھەيران قالمىدىم . چارىستان قىسقىلا قىلىپ مېنىڭ توي ۋەدىمىزنى بىكار قىلىۋەتكىنىمگە ئەپـ سۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، ئاندىن ھازىر مودا بولۇۋاتقان ناخشا - مۇزىكىلار توغرىسىدا توختىماي ۋاتىلدىغىلى تۇردى . ئەنۋەر ئالىم بىزنى ئاڭلىسۇن ، دەپ مودا بولۇۋاتقان ھەر خىل ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى قويۇپ بەردى .

— قارىغاندا ، سىزمۇ ناخشا - مۇزىكىغا ئامراقكەنسىز - ھە ، بېبك ، — دېدىم مەن .

— ھەئە ، ئانچە - مۇنچە ئاڭلاپ قويىمەن ، — تۈزلا جاۋاب بەردى ئۇ .

چارىستان ئىككىمىز پات - پات ئوغرىلىقچە كۆز بېقىشىپ قوياتتۇق . كۆزلىرىمىزدىكى مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى ھېچقايسىمىز يوشۇرۇپ قالالمايتتۇق . ئۇ مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان تىنىق كۆزلىرىنى پات - پات مەندىن ئېلىپ قاچاتتى ؛ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ جەزبىدارلىقىنى كۆز - كۆز قىلسا ، تۇرۇپ يەنە بۇرۇنقى تەمكىن ھالىتىگە قايتاتتى . ئۇ خۇددى ماڭا : « مەن بىر دىيانەتلىك ئايالـ

مەن، بىراق ئۆزۈمنىڭ جەلپكارلىقىمنى يوشۇرۇشقا ئامالسىزمەن. سىز مېنىڭ بۇ ياشتىكى ئاياللىق گۈزەللىكىمدىن ھوزۇر ئالالامسىز؟» دەۋاتقاندەكلا قىلاتتى. بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە مەن تازىمۇ بىر ئۇچىغا چىققان شەھۋەتپەرەس ئىدىم. بەلكىم ئۇ مېنى تېخى ئىش كۆرمىگەن بالا قاتارىدا كۆرىدىغاندۇ. بىراق مەن بولسام ئىچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتىم. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئاشنام بولۇشنى خالىسا ئىدى، ئۇ چاغدا يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان بېسىممۇ يوقايتتى. بىراق بۇ ئويلىرىم قانداق قىلىپ، قاچان، قەيەردە ئەمەلگە ئاشار؟ ئەنۋەر ئالىم:

— چارىستان ئۇچۇن سىلىنىۋاتقان يېڭى داچا ئەڭ كېچىككەندىمۇ بىر ئاي ئىچىدە پۈتۈپ بولىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا بىراقلا كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالىدىغان بولدۇم ـ دە، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— نېمە ئۇچۇن سىڭلىڭىز بىلەن بىللە كۆچۈپ كەتمەيسىز، بىك، — دەپ سورىدىم.

— مەن پات يېقىندا توي قىلىمەن. شۇڭا، ئاۋۋال ئۆيىنى تەييار قىلىمسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

ئۇمىد — ۋاقىت دېمەكتۇر. ۋاقىت ئادەمگە ھايات ئاتا قىلالايدۇ، ئوخشاشلا ئەجەلمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. باكتېرىيىلەر ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سالامەتلىككە ئەسلىگە كەلگەن چىرايلار قايتىدىن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئاللا ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەمدى ئىككىمىز بىر ئىشخا-

نىدىكى خىزمەتداشلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئىلگىرى تالاي قېتىم-لىق شېرىن سۆيۈشۈشلەردىن مەست بولۇشۇپ بىر - بىرىمىزگە ئېجىل بولۇشۇپ كەتكەن بولساق، ئەمدىلىكتە خىزمەت ئۈستىدە بىرلىكتە سۆزلىشىدىغان، ئىشلارنى ئورتاق كېڭىشىدىغان ئىشداشلارغا ئايلاندۇق. بەزىدە مەن ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاشلا بىچا-رىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرەتتىم. مەن ئەمدى ئۇنى ئەيىبلەپ ئول-تۇرمايمەن، شۇنداقلا ئۇنى ھۆرمەتلىمەيمەن. يېڭى بىر ئادەم تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىردى، ئۇ بولسىمۇ ئەنۋەر ئالىم. ئىشىكتىن كىرگەن چېغىمدا ئۇ بېزەڭلىك بىلەن مېنى قارشى ئالدۇ، مەن بىلەن چاقچاقلىشىدۇ. مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىزھار قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسەت-مەسلىكنى، تەلپىنى رەت قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئانام ئۇزۇندىن بېرى پىلانلاپ كېلىۋاتقان پەيتمۇ پىشىپ يېتىل-دى. بىز ياتاق ئۆيدە ئولتۇرغاندا، ئانام ماڭا:

— ئىبراھىم بېك ساڭا يەنە قايتىدىن توي تەلپى قويۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم دېگىنى ئالتۇن تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئوتتۇرا ياش ئادەم ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويغاندا، مەن رەت قىلىۋەتكەنىدىم. ئانام مېنىڭ نارازى بولغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— ئالدىڭنى توسۇپ تۇرغان نەرسە قالمىغاندىكىن، ئەق-لىڭ بىلەن ئىش كۆرۈپ، بەختىڭنى تاپساڭ ياخشى بولاتتى، داداڭ ئىككىمىز مۇشۇنداق ئويلاۋاتاتتۇق، — دېدى.

— ئۇ بىر بويتاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامدەك ئادەم تۇر-سا! مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ توي قىلاي.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇلى بار، سېنى مۇشۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

تۇرقۇلۇك بىلەنلا ئەمرىگە ئالماقچى ، ــ ئانام بۇ گەپلەرنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ دەۋاتاتتى.

ــ سودىلىشىدىغان ئىش بولمىسا بۇ .

ــ بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويساڭ، ئىككىنچى قېتىم ئېرىشەلمەيسەن جۇمۇ .

ــ مەن توي قىلىشقا ئالدىرىمايمەن ، ــ چىرقىرىدىم مەن .

ــ ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ ، بالام . . . ــ دېدى ئانام ھېسداشلىق ئاھاڭدا.

ــ مەن تارىختىكى بىرلا قېرى قىز ئەمەستۇرمەن ، ــ دېدىم جان ــ جەھلىم بىلەن قارشى تۇرۇپ .

دادام بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى. ئەمەلىيەتتە مەن ھەقىقىي ئىچ ــ سىرىمنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغانىدىم . مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى تەكىتلەيمەن ، غۇرۇرۇمنى يوقىتىش بەدىلىگە ياشىمايمەن . پۇلمۇ ، ئابرۇي ــ ئىناۋىتىمۇ بار ئادەملەرلا ھەقىقىي ئادەم بولۇشقا مۇناسىپ ، ئەنۋەر ئالىم بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلىغان . مۇبادا ئۇنىڭ ناچار تەرەپلىرى بولغان بولسا ، ئاللىبۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولغان بولاتتى . ئەقەللىسى ئۇنىڭ سىرتقى تۇرقى ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئوبدانلا جەلپ قىلىدۇ . ياش پەرقىنىڭ كارايىتى چاغلىقتۇ . مۇھەببەتكە كەلسەك ، ھازىرقىدەك دەۋردە پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ .

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ مېنىڭ دوكلاتىمنى تەستىقلاپ بولغاندىن كېيىن ، ماڭا :

ــ بۇگۈن پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولىدىغاندۇ ، ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغىلدە قىلىپ قالدى . ئۆزۈم قى-

ياس قىلغان ئىشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيغاندەك بولدۇم.

— نېمە ئىش توغرىسىدىكى پىكىرنى دەيسىز، بېك؟ — سورىدىم مەن.

— مەن سىزگە توي قىلىش تەلىپىنى قويماقچىدىم، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىزكىن؟

مەن ئىش كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققاندەك ئۆندىمەي تۇرۇۋالدىم.

— بەلكىم مەن مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىشقا تازا ماھىر ئەمەستۇرمەن، بىراق ھەقىقەتەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنداق تۇترۇقسىز ھەمدەم خىيال ئادەملەرگە ئوخشىمايمەن. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، سىزلا ماڭا ھەقىقىي مۇناسىپ كېلىدىكەنسىز... — دېدى ئۇ.

— بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى، — دېدىم مەن پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— بۇ ئىشتا ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن ئوبدان ئويلانغىنىڭىزمۇ مۇۋاپىق. بىراق ئۆزۈم توغرىسىدا ئازراق بىر نېمە دېيىشكە رۇخسەت قىلىڭ. ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتىن ھەرگىزمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ ھەم ئاسانلىقچە تويغا تۇتۇش قىلمايدۇ.

— رەھمەت، مەن ئاۋۋال ئويلىشىپ باقاي.

كەچتە بۇ ئىشنى ئاتا - ئانامغا دېدىم. ئانام قىلچە ئىككىلەنمەيلا:

— ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى.

— بۇ ئىشقا سەن قوشۇلغان بولساڭ، بىزمۇ قوشۇلىمىز، — دېدى دادام.

ئانام بىلەن يالغۇز قالغان چېغىمدا ، مەن ئانامدىن :

— بىز ئۇنىڭغا نېمىمۇ بېرەلەرمىز ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا :

— داداڭنىڭ بەرگۈدەك ھېچ نەرسىسى يوق . ئۆزۈمگە كەلسەم ، بىرنەچچە تال زىننەت بۇيۇمۇم بولىدىغان ، شۇلارنى سېتىپ ، قىز مېلىڭغا ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىر نەرسە قىلارمىز . ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېگىن . . .

دەرد ـ ئەلەمنى باشتىن كەچۈرۈۋېرىپ نومۇسچانلىقىمۇ يوقالدى . ھەتتا بۇ ھال پەرزەنتلىرىمدىنمۇ ھالقىپ كەتتى . مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېيىش قارارىغا كەلدىم . بىراق ، ھەممىنى دەپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . چۈنكى ئۇ بۇرۇندىنلا ھەممە ئەھۋالىمدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى .

— ئۆي جاھازىلىرى دېگەندەك ئىشلاردىن سىزنىڭ غەم يەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن ، — ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئوچۇق - يورۇق جاۋاب بەردى .

بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قوشۇلاتتىم . ئۇ يەنە :

— بىلىشىمىز كېرەككى ، ۋاقىت بەكمۇ قىممەتلىك . ئىشلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېزرەك پۈتكىنى ياخشى ، — دېدى .

توي چېيىمىز بىزنىڭ ئۆيدىلا ئۆتكۈزۈلدى . توي چېيىغا بىر تەرەپتىن پەقەت ئانام ۋە بىرنەچچە ئاچاملا قاتناشتى . ئۇ تەرەپتىنمۇ پەقەت ئۇنىڭ سىڭلىسى چارىستان بىلەن ياشنىپ قالغان بىر ئاكىسى قاتناشتى . ئاستىنقى قەۋەتتىكى كونا قوشنىمىز ئۆيىدە بولمىغاچقا ، قاتنىشالمىدى . چارىستان ماڭا ئالماستىن كۆز قويۇلغان قىممەت باھالىق بىر ئالتۇن بۇلاپكا سوۋغا قىلدى . تېشىمدا ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋالغاندەك قىلساممۇ ، ئىچىمدە ئىنتايىن جىد-

دىلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ ھەسەت قىلغۇدەك گۈزەل چىرايىم بىلەن ئۆز رولۇمنى ئىلىۋاتاتتىم. ئاچام سەنايى بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالغان چېغىمدا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆڭ-رەپ يىغلىۋەتتىم. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئاچام كۆزلىرىنى يو-غان ئېچىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالدى ۋە:

— ئېھتىمال بۇ كۆڭۈلسىز ئۆتمۈشۈڭنىڭ خاتىمىسى بو-لۇپ قالار، — دېدى.

— مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقىتىپ قويدۇم، — دېدىم مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ.

ئاچام ھېچقاچان ماڭا بۇ گۈنكىدەك تەسەللى بېرىپ باقمى-غانىدى. ئۇ:

— بۇ قارىشىڭغا قوشۇلمايمەن. ھەممە ئىشنى ۋاقىت ئىس-پاتلايدۇ، — دېدى.

## مۇھتاشىم زايىت

نەچچە قەۋەت قېلىن پولنىڭ ئۈستىدە راندانغا چاي ئىچ-كۈزۈلۈۋاتاتتى. ئۇلفان كالتە يەڭ كۆڭلەك بىلەن ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋالغانىدى. قاۋۇل بىلەكلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئالدى ئېچىلىپ قالغان كۆڭلىكىدىن قاپقارا مەيدە تۈك-لىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئازابلىق چىرايىغا يول - يول قورۇقلار، ياشلىق باھارىنىڭ گۈزەللىكى ۋە قايغۇ - ھەسرەت تېپىپ چىققا-نىدى. تازا نەس باسقان مۇشۇنداق پەيتتە، ئۇ كۆڭلىدە نېمى-لەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ بۇ خىل ئازابنىڭ تەمىنى ئازابلىق ھېسسى-يات ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلاردىنلا سەزگىلى بولاتتى. مەن نېمە دېسەم بولار؟ كۆزۈمنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا نېمە قىلالايمەن دەيسىز. ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قوللىرىنى

پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ ، بوۋا ، — دېيى خوشلان-
قىنىنچە چىقىپ كەتتى .

مەن بىر ئوچۇم لازا يۇتۇۋالغاندەك ، پۈتۈن ئەزايىمغا ئوت كەتكەندەك بولۇپ قالدىم . ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلانغان كۆچە - ئىسرىقلارنى ، ئۆزۈمنى يىراقتا — ئازابلىق بىر دۇنياغا تاشلىۋەتتىم .

يەر ئاستىدا خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان دىلكەش دوستلىرىم ، سىلەر ئىمىدىگەن كۆپ - ھە ، سىلەرنى بەكمۇ سېغىنىماقتىمەن . لېكىن . ئېنىقراق سەۋەبىنى تاپالمىدىم . نەچچىلىگەن دانىشمەن ، ئەۋلىيالار سىلەردىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇلار شۇ تۇپراقتا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇ-شىۋاتىدۇ . نېمە ئۈچۈن ئۆتكەن ئىشلار يانار تاغ پارتلىغاندەك روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ ؟ ئىنقىلابنىڭ شوئارى يېڭىۋاشتىن ياڭرىماقتا ، ىېقىندىلىق ئۆلۈمدىن ياخشىراق . خەلق پادىشاھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . قاھىرەنى ئاھ - زار سادالىرى قاپلاپ كەتتى . ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن مەغلۇبىيىتى ، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە چۈشكۈن-لۈكى سىلىشتۇرما بولۇپ قالدى . ئەسەبىيلىك ئارىلاشقان ئاچار-چىلىق بىلەن قەرز بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەتتى . ئاھ ، مېنىڭ رەھ-مەتلىك دوستلىرىم ، سىلەر ئىمىدىگەن كۆپ ! سىلەر كېسەلگىمۇ ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلمايسىلەر ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بەزىلەر زەنجىۋىل سۈيىنى بىراندىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشىپ ، شەھەرلەردە ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشماقتا ؛ بەزىلەر قىمار سورۇنلىرىدا جىنىنى تىكىپ تۇرۇپ ، يەنە بامدات نامىزىنى ئوقۇ-ماقتا ؛ يەنە بەزىلەر ئۆزىنى ئاي نۇرى سايە تاشلاپ تۇرغان نىل

دەرياسىغا تاشلىۋېلىشتى ، نەشە قاچىلانغان يەلكەنلىك كېمىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشمەكتە . ئەمەلدىن قالغان ئاساسىي قانۇننى خاتىرىلەش كۈنى مەرتىۋىسى بار ياشلار ئېتىقاد ۋە تاش بىلەن قوراللىنىپ ، ھەربىي ، ساقچىلار بىلەن قارشىلاشتى . شۇ قېتىملىق جەڭنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ، ۋىژىلدىغان ئوق ئاۋازلىرىنى ، ياشلارنى سۈر ـ توقاي قىلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدىم . رەھمەتلىك دوستلىرىم ، سىلەر نەقەدەر كۆپ . سىلەر رەقىبىڭلارنى نەقەدەر پەس كۆرىسىلەر ـ ھە ! مەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، گىراماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان بوۋامنى ئەسلەپ قالدىم . بوۋام ھەتتا موماغا گەپ قىلـ غاندىمۇ ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا سۆزلەيتتى . ئۇ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەقىل ـ ئىدراك تا ھازىرغىچىمۇ قىممىتىنى يوقاتمىدى . ئالجىغان نەۋرىلىرىڭلار جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ ، زېمىنىنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قالدىمۇ ئەمدى ؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن پەرزەنتىڭلارغا پۇل ھەم خاتىرجەملىك قالدۇرۇپ كەتمەي ، بىزنى ھالاكەت ، كۆك نامراتلىق ، قەرزدارلىق يولىغا باشلاپ قويىسىلەر ؟ ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى سىلەر ئۈچۈن بەخت ، بىز ئۈچۈن ئاچچىق ئازابمىدى يا ؟ ئاھ ، خۇدا ، ماڭا قاـ چانمۇ جاسارەت ئاتا قىلارسەن ؟ قاچانمۇ بۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىسىدىن قۇتۇلۇشۇمغا ئىمكان بېرەرسەن ؟ يەنە تېخى ئاشۇ تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان مۆجىزىلەر قاچانغىچە ساقلىنىپ قالار ، دەپ ئويلاۋاتىمەن . قاچانمۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ، دېـ ڭىزلاردا مېڭىپ يۈرگۈدەك بولارمەن ؟ قاچانمۇ مەن ئاشۇ زالىم پادىشاھنى يەنجىپ ، دۇنيانى ئۇنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقىدىن ئازاد قىلارمەن ؟ ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئەقلىغا سىغمايدىغان ئەمەلىيەت . چۈنكى بۇ ئەمەلىيەت ئاسىيلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنى ئۆزىگە

يۇقتۇرۇۋالغاچقا ، كىشىلەر ئۇنى ئاجايىپ زور مېھىر ــ شەپقەت ، دەپ قاراشقا ئامالسىز كېلىۋاتىدۇ . مەن شۇ تاپتا ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭغاچ ، كۆكلۈمدىكى ئاچچىق غەزەپلىرىمنى چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن . خوشلىشىۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە ئۆي جاھازلىرىنى تەكشۈرۈۋاتىمەن . ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەدەپتىن ھىلال ئاينىڭ رەسىمى ئويۇلغان ، شۇ ھىلال ئايغا پارس يېزىقىدا قارا رەڭلىك قېلىپ مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەت يېزىلغان : « چىداملىق بولۇش ــ ئارزۇ ـ ئۈمىدنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى » . بۇ قانداق چىداملىقتۇ ، ئېگەم ؟ بىز ھېلىمۇ شۇنچە يىل چىدىدۇق ، تاكى سەۋر ـ تاقىتىمىز ئېپلاسلىققا ، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىز ئېغىر كېسەلگە ئايلانغانغا قەدەر چىدىدۇق . مەن بىر ئىستاكان ئارپىبەدىيان سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن يەنە ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردۇم . كالپۇكلىرىم ئارىسىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى . كۈلۈمسىرەش ؟ ! كۈلۈمسىرەش قاپقاراڭغۇ دۇنيادىن قانداق چىقىدىغاندۇ ؟ ئازابلىق قاراملىقتا يوقالغان بۇ كۈلۈمسىرەش ئۆزىنىڭ گۈزەل ، ئەمما ئالجىغان زامانىدىن ، ئېتىقاد بوسۇپ ئۆتكەن قاشالاردىن ، گۈزەل قىزنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن ، ياش بوغۇنلار ئارىسىدىكى قارام سەركەردىلەردىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . ئۇلارنىڭ كۈلكە سادالىرى بوشلۇقتا جاراڭلىماقتا . ئاۋاز قوبۇل قىلىش ئاپپاراتلىرىمۇ بۇ كۈلكە سادالىرىنى يەر يۈزىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئامالسىز قىلىۋاتىدۇ . جۈمە رۇدا ئانىدىن توغما ھالەتتە ئۇسسۇل ئوينىغاچ ، « يۈزدىن ئارانلا ئەللىكى قالدى » دېگەن ناخشىنى توۋلىماقتا . بىكاردىن ـ بىكار كۈلكە ـ چاقچاقنى تەرك ئەتكەنلەرنىڭ كېچىلىك ئارامىنى بۇزماقتا . ئۇ يەردىكى پاھىشىلەر ۋە جالاپلارنىڭ پېشانىسىدىن چېچەنلىك ھەم ساداقەت چاقناپ تۇ-

رىدۇ . ئۇلار كىچىك پېئىللىق بىلەن بىزگە : « ئەجەبا بىز سىد-
لەرنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىڭلاردىنمۇ مېھرىبان ئەمەسمۇ ؟ بىز
ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرىمىز ،
ئۇلار بولسا پەرزەنتلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن سىلەرنى قۇربان
قىلىۋاتىدۇ » دېدى . ئۇ دۇنيالىقىڭلار جەننەتتە بولسۇن ، جۇمە
رۇدا ، داھلوبا ، ھۇمە تاجىيە ھەم تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بار-
لىق قىز - ئوغۇللار ! بىز سىلەرنىڭ تۆھپەڭلارنى تېخى ئېتىراپ
قىلمىدۇق . ۋاقىت ھاياتىمىزنى خورىتىۋاتىدۇ . نامراتلىق ۋە مەغ-
لۇبىيەت يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرىدۇ ، رەھمەت . جاھاننى ئىس -
تۈتەك باسقان ئاشۇ رەڭگارەڭ كېچىلەردە بارلىق تىرىشچانلىقلى-
رىمىز ھەم پىلانلىرىمىز باشقىلار ئۈچۈن بولدى . ئۆزىمىز بىرەر
چىشلەم بولكا بىلەنلا قانائەتلەندۇق . باشقىلارنىڭ كۆز ئالايتىش-
لىرى ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇشى ، مانا
بۇلار ھېلىقى كولۇمسىرەشنىڭ بىزگە دەيدىغان گەپلىرى . بۇ
كولۇمسىرەش ئەڭ زۆرۈر بولغان چاغلاردا چىقىدۇ ، تەلۋىلەشكەن
ۋاقىتلاردا ھەمدە يۈرەكنى سەدپارە قىلىدىغان كۆلەڭگە ئاستىدىلا
چىقىدۇ . بۇ كولۇمسىرەشتە پۇشايمانلىق ھېسسىياتى ئېغىر بولى-
دۇ ، باشقىلارنىڭ ئىلتىپات قىلىشنى تىلەش ھېسسىياتى چەكسىز
بولىدۇ . بۇلاڭچىلار ئولجىلىرىنى بۆلۈشۈۋاتقان چاغدا ، قېشىغا
بېرىپ ئۇلاردىن نېمىلەرنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى ، نې-
مىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى قايتىلاپ سوراش ئازابىنى تولىمۇ
ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ . مەن ئاللادىن بارلىق مۆجىزە ياراتقۇچىلار ۋە
بارلىق بىلىملىك زاتلارنىڭ تېزرەك چىقىپ ، بۇ ئۇزۇن تۈننىڭ
زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقىنى تارقىتىۋېتىشىنى تىلەيمەن . كارىۋاتقا
چىقاي دەپ تۇرسام فاۋاس بىلەن سەرنا ھۇجرامغا كىرىپ كەل-
دى . فاۋاس مەندىن :

— سىزنىڭچە ئۇلفان قانداق قىلسا بولار ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇپ :

— ھەممە ئىش ناھايىتى نورمال كېتىۋاتىدۇ ، ئۇلفان قىدى-سەر بالا ، ئۇ چوقۇم بۇ قېتىن ئۆتكەلدىن خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتە-لەيدۇ ، — دېدىم .

— ئۇ ھازىر ئەركىن بولۇپ قالدى ، خالىغانچە ئۆز يولىدا ماڭسا بولىدۇ ، — دېدى سەرنا .

— ئۇنتۇپ قالماڭلار ، قارارنى ئۇ ئۆزى چىقىرىدۇ .

مەن ئۇخلاپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلفاننىڭ يېنىمغا كىرى-شىنى شۇنچە ئۈمىد قىلاتتىم . تۇيۇقسىز يېڭى بىر خىيال كاللامغا كەلدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇنى ئويلاپ يۈرگىنىمگىمۇ خېلى بولغا-نىدى . ئۇ بولسىمۇ « ئادەم چوقۇم بۇ دۇنيانى سۆيۈشى كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ دۇنياغا زىيادە چوقۇنۇپ كېتىشتىن خالىي بولۇش كېرەك » دېگەن بىر ئوي ئىدى . مەن يەنە ئۆز-ئۆزۈمگە : « نەچچىلىگەن يېقىن دوستلىرىم بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى ، ئەجەبا مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى توختىماي نابۇت قىلىۋاتقان بۇ دۇنيادا مەرھۇم دوستلىرىم بىلەن خىيالىي ئالاقە قىلىپ كې-تىۋاتقىنىمغا ئۆزۈن بولغانمىدۇ ؟ » دېدىم .

## ئۇلفان قاۋاس مۇھتاشىم

مەن ئاخىر ئۆزۈمگە ئەڭ چوڭ غەيرەت بېرىپ ، راندانىنىڭ ئىش ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە قوللىرىمنى كېرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا :

— سىزنى سەممىيلىك بىلەن تەبرىكلەيمەن ، — دېدىم .

— رەھمەت ، كېلەر قېتىم تەبرىكلەش نۆۋىتى سىزگە



www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ، — ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن غۇدۇراپ دېگۈدەك شۇنداق دېدى.

مېنىڭ ھېچكىمنىڭ ۋاقتىنى ئالغۇم يوق ئىدى. مەن ئۇ-نىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ، پەس ئاۋازدا:

— سەممىيلىك بىلەن ئېيتسام، مەن ئەسلىدە سىزنىڭ نىكاھ ئىشىدا تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدىم.

— بۇ گېپىڭىزنىڭ تويۇم بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — سورىدى ئۇ قەستەن.

— راست... مەن سىزنى تېخىمۇ بەختلىك نىكاھقا ئې-رىشكەن بولسا توغرا بولاتتى، دەۋاتىمەن.

ئۇ چۈشىنىكسىز بىرنى كۈلۈپ قويىدى ۋە:

— بۇمۇ سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىز، — دېدى.

مەن ئىچىمدە تۇرمۇشنىڭ بۇ بېتىنى مەڭگۈلۈك ئۆرۈۋەت-سەم بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىز بۇ ئازابلىرىمىزغا تاكى بىز ئۇنى ئەسلىمىزدىن مەڭگۈلۈك چىقىرىۋەتكەنگە قەدەر بەرداشلىق بېرەيلى. ئەگەر مەن بۇ ئازابلىرىمغا باش ئەگكەن بولسام، چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالغان بولاتتىم. دىرېكتورنىڭ ئىشقا كېلىپ بولغىنىنى ئاڭلاپ مەن دەرھال ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم ۋە ئۇنىڭغا:

— ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مەن سىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كىرگەنىدىم، — دېدىم.

— ئەگەر سىز بۇ ئىشتىن قول ئۈزمىگەن بولسىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايتتىم، — دېدى ئۇ دوستانىلىك بىلەن.

— سىز ئىنچىكە توغرا قىلىپ كەلدىڭىز.

— رەھمەت ، كېلەر قېتىم سىزنى تەبرىكلەيمەن . ھازىردىن باشلاپ سىزمۇ مەنپەئەتىڭىز توغرۇلۇق ئويلىنىپ قويۇڭ ...

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم . ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سىز پەقەت سەممىيلىك بىلەن ئويلانسىڭىزلا ، يولىڭىز ھامان ئوچۇق بولىدۇ .

— تازىمۇ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش بولدى بۇ ، بېك ، — مەن شۇنداق دەپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇۋشۇمغا ، ئۇ :

— سىڭلىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە سىزنى سىڭلىمنىڭ يېڭى داچىغا كۆچكەنلىك شەرىپى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلىمەن ، — دېدى .

ھەقىقەتەن توغرا ، بۇ دەل مېنىڭ ئالدىمغا قويۇلغان يول ئىدى .

— تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ، — دېدىم مەن .

كۆڭلۈمدىكى ئويلىرىم ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ ، مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم . كەچ سائەت ئالتىلەر بىلەن مەن يېڭى ئادرېس بويىچە يۈرۈپ كەتتىم . ھاۋا ئىسسىق ئەمما نەمخۇش ئىدى . بۇ داچا ئەنۋەر ئالىم تۇرۇۋاتقان بىنادىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . داچىنىڭ سىپىلىنىشى باشقىچە نەپىس بولۇپ ، ئەتراپىنى بۈككىدە دەل - دەرەخلەر ، چىرايلىق گۈللۈكلەر ئوراپ تۇراتتى . مەن مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇم . ئوتقاشتەك قىپقىزىل تامغا ماي بوياق رەسىم ئېسىلغانىدى . بېشىدىن - ئايىغىچە ئاپئاق كىيىنىۋالغان چارنىستان بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئولتۇردى . گۈزەل فىگۇرىسى ئۇنى تېخىمۇ جەزىبدار كۆرسىتىۋەتكەنىدى .

— بۇگۈنكى ئولتۇرۇشقا پەقەت ئۈچىمىزلا قاتنىشىمىز ، — دېدى ئەنۋەر ئالىم ، — سىز ئۆيىمىزگە چاقىرىلغان تۇنجى مېھمان .

چارىستان مۇلايىملىق بىلەن :

— خىزمەتداشلىرىڭىز ئىچىدىن ئولفاندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز ، دىتىمغا ياقمايدۇ ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم . ئەنۋەر ئالىم بولسا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ئولفانغا تازىمۇ جايىدا باھا بەردىڭ ، — دېدى .

بىز چاي ئىچىشكەچ يوغان بىر تورتنى يېيىشكە باشلىدۇق . ئەنۋەر ئالىم يەنە ئېغىز ئاچتى :

— كىشىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان دىنىي مەزھەپ توقۇنۇشى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىدۇ .

— بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ — سورىدى چارىستان .

— ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟ — سورىدىم مەنمۇ .

— كىشىنى ئارامىدا قويمايدىغان كۈنلەرغۇ بۇ ، — دېدى ئەنۋەر .

چارىستان ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تارتىنغان ھالدا :

— سىلەر بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە ، — دېدى .

— يەنە تېخى كىشىلەر بىگۇناھ قارىلىنىۋاتىدۇ ، — بىزارلىق ئىلكىدە قوشۇپ قويدۇم مەن .

ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بىرنەچچە يەرگە جىددىي تېلېفون ئۇرماقچىدىم ، كەچۈرۈڭلار ، بىردەمدىلا كىرىمەن ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

چارىستان ئىككىمىز يالغۇز قالغان چاغدا، ئۇ ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ پەس ئاۋازدا :

— سىزگە ئوخشاش ئادەملەر ھەرقانداق بەختتىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ . . . — دېدى .

مەن ئۇنىڭدىن :

— سىز نېمىنى كۆزدە تۇتىۋاتىسىز ؟ . . . سىياسىنى كۆزدە تۇتىۋاتامسىز ياكى مېنىڭ تراگېدىيەمنى كۆزدە تۇتىۋاتامسىز ؟ — دەپ سورىدىم . كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بەدىنىگە تىكىلدى . مەن خېلىدىن بېرى ئۇنى ئاشنا قىلىۋېلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم . مەن شۆلگىيىمنى يۇتقاچ ، ئۇنىڭغا :

— مەن سىز بىلەن مۇشۇنداق يالغۇز ئۇچرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن ، — دېدىم پىچىرلاپ دېگۈدەك .

— سىزگە ئوخشاش پەزىلەتلىك ئادەم بىلەن يالغۇز تۇرسام مەنمۇ خۇش بولىمەن ، — دېدى ئۇمۇ تارتىنىپ تۇرۇپ .

كۆكرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان بىر خىل ئىللىق سېزىم سېكۇنت ئىچىدە يەنە غايىب بولدى . ئۇنىڭ مېغىزلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ پەلىپەتىش خىياللىرىم نەگىدۇر يوقالدى . ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— مەن ئۆزۈمنى ھۆرمەتلەيمەن ، شۇنداقلا غۇرۇرلۇق ئادەملەرنىمۇ ھۆرمەتلەيمەن ، — دېدى .

مەن ئۇمىدسىز كەيپىياتىمنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ :

— بۇ گەپلىرىڭىزدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم ، — دېدىم .

— قانداقلا چاغدا كەلسىڭىز ، سىزگە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ، مەن سىزنى خېلى چۈشىنىپ قالدىم . بىراق ، سىز تېخىچە ماڭا بولغان چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ باقمىدىڭىز ، — دېدى چارىستان .

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

مەن ئەنۋەر ئالىمنىڭ تويىنى تېزرەك قىلىۋېتىش تەلىپىنى كىچىكتۇرۇشكە سەۋەب تاپالمىدىم . توي مۇراسىمى چارىستان خانىمنىڭ داچىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانغا بېكىتىلدى . دادام توي مۇراسىمىغا قاتنىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . توي مۇراسىمى داغدۇغىسىز ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن هاراقلار ئۇستەلگە توشقۇچە تىزىۋېتىلگەنىدى . توي مۇراسىمىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ هەممىسى شىركەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار ۋە كارخانىچىلىق ساهەسىدىكى قابىل كىشىلەر ئىدى . مەن يۈزۈمگە تويلۇق چۈمبىلى ئارتىۋالغانىدىم . هەقىقەتەن مەن ئىبادىتىمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تىلىگەنىدىم هەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بەل باغلىغانىدىم . قەلبىمدە مېنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇشۇمغا ماس كېلىدىغان بىر خىل سەممىي ئارزۇ مەۋجۇت ئىدى . مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئولفانىڭمۇ بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدىم . تەلىيىمگە ئۇ كەلمىدى . قەلبىمدە مۇهەببەتتىن قىلچىلىك ئەسەرمۇ قالمىغانىدى . بۇنىڭغا چىداشلىق بەرگۈدەك هالىممۇ يوق ئىدى . ناۋادا بۈگۈن ئولفان ئەنۋەر ئالىمنىڭ ئورنىدا تويى بولغان يىگىت بولۇپ قالغان بولسا ، ئۇ زادى قانداق قىلار ئىدى ؟ بۇ ئۆمرۈمدە مەن ئۆزۈمنى ئولفاندىن باشقا ئادەمگە مەنسۇپ ئەمەس ، دەپ قاراپ كەلگەنىدىم . ئاھ ، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى . پەقەت ئەنۋەرنىڭ هامان بىر كۈنى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى هېس قىلسام ، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى . تويدىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە تويىمىزنى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى ، بولۇپمۇ مېنىڭ تۇغقانلىرىم بىلەن ئۆيۈمدىكىلەر جىقراق كەلدى . بىراق شۇنچە كۆپ ئەرلەر كېلىپ نېمە قىلىش-

ماقچىكىنە ؟ ئۇلار سوۋغا ـ سالام كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى . بىز ئۇلارغا زىياپەت بېرەتتۇق . مېھمانلارنىڭ ئايىغى كېچە ـ كېچىلەپ ئۈزۈلمەيتتى ، ھەتتا بەزىلىرى بېزەڭلىشىپ كەتكىلى ئۇنىمايتتى . ھەمىشە مېھمانلارغا ئالسىلا ـ باقسىلا ، دەپ تەكەللۇپ قىلىشىپ ، مېنى بەكمۇ بىزار قىلىۋەتكەنىدى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئەنۋەرگە :

— سىزنىڭ تىجارەتچى دوستلىرىڭىز نېمانداق جىق ، — دېدىم .

ئۇ بەك ئوچۇق ـ يورۇق بولغاچقا ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى .

— ئۇلار مېنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىمغا ياردەم بېرىدۇ ، — دېدى ئۇ .

— سىز نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز ؟ — چۈشەنمىگەن ھالدا سورىدىم مەن .

— مېنىڭ ھازىرقى بۇ ۋەزىپەمنى كىچىك خىزمەتچىلەرلا نەزەرگە ئېلىشى مۇمكىن . بىزنىڭ ھەقىقىي كەلگۈسىمىز شەخسىي كارخانىلار ۋە كىشىنىڭ مەنسەپ ـ ئابرۇيىنى ئۇچقاندەك ئۆرلىتىدىغان خەتەر داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ . بۇ ئادەملەرگە ھەرگىز سوغۇق مۇئامىلىدە بولماڭ !

— بۇ گەپچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەت توغرۇلۇق كېلىدىكەن ـ دە ! بۇنىڭدىن مەن سىزنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا بەك ئىشتىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم ، — دېدىم مەن .

— بىردىنبىر يولمۇ مۇشۇ ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق . مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتكەن بۇنداق دولقۇندا ھەرقانداق ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئەنۋەر ئوچۇقلا .

مەن ئەتراپىمنى بىر قەۋەت قويۇق چۈشكۈنلۈك تورى چىرمىۋالغاندەك ھېس قىلدىم . ئۇ زوق ـ شوق بىلەن



www.uyghurkitap.com

سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىرقىدەك ئەھۋال ئاستىدا كىشى جىق بايلىق توپ-لىۋالمىسا، ئاللامۇ ئۇنى قۇتلۇقلىمايدۇ. . .

— ھازىرقى پۇللىرىمىز تۇرمۇشىمىزنى ئارامخۇدا ئۆتكۈ-زۈشىمىزگە يەتمەمدۇ؟

— ئارامخۇدا ياشاش؟ . . . قەدىرلىكىم، بىز ھازىر ئىنتا-يىن رەھىمسىز بىر رىقابەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز.

ئۇ ئىچىمدە ئۆزىگە قارشى ئىكەنلىكىمنى ئەسلا ئويلىمايت-تى، ئوچۇقتىن - ئوچۇقلا ماڭا: «مېنىڭ ئالدىڭىزدىكى تۇرقۇم مۇشۇلا، سىز ماڭا قانداق قارايسىزكىن؟» دېدى. بۇ دۇنيادا ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ قارا نىيىتى ۋە شەخسىي ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇشنىلا ئويلايتتى. ئۇ مۇشۇ ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئۈچۈن كۈنىگە نەچچە يۈز قېتىم باش ئۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە مېنى ئويلايدىغانغا ئورۇن يوق ئىدى. ھەتتا ئۇ ئىچ - پۇشۇقىنى چى-قىرىش دېگەنلەرگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمايتتى. بۇ خۇددى ئو-چۇق ئاسماندا چاقماق چېقىپ، تۇرۇپلا شارقىراپ ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش بەك ئۈشتۈمتۇت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەندە مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئەسلا قالمايتتى. ئۈشتۈمتۇت مەن ئۆزۈمنى باھاسىزلا سېتىۋېتىلگەن قۇلدەك ھېس قىلىپ، بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. بەلكىم ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بولار. ئۈمىدسىزلىكىمنى ئاشكارىلاشقا يۈزۈممۇ قالمىغانىدى. باشتا مەن ئۆزۈمنى ئەنۋەرنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئازراق قىممىتى بار ۋاستىگە ئايلىنىدىغانلىقىمنى بايقىدىم. مېنىڭ بۇ ئۆيدىكى ۋەزىپەم مېھمانلارنى كۈزىتىش، ئۇزىتىش، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ پاراڭلىشىش، چاي دەملەش، چاي توشۇشلا ئى-

دى . ئۇ تېخى بۇنىڭغا رازى بولماي كەچلىك خىزمەتنى ئۆزۈپ قويۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ماڭا مېھمانلارنى ئۆزىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ تاپشۇردى .

— بۇ سىزنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت خىزمىتىڭىزنىڭ داۋامى ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— بىراق ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا قىلچىلىك ئورتاقلىق بولمىسا ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بېرىپ .

— بۇ تەرىپى مۇھىم ئەمەس . سىز چىچەنلىكىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ، مېھمانلارنى ياخشى كۈتسىڭىز ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . ئىككىمىز شىركەتنىڭ شېرىكلەشكەن پايچېلىرى ، بىر پايچى يەنە بىر پايچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بولۇپمۇ بۇ قېتىم ئىككىمىزگە تازا پايدا تېگىدۇ . . .

— بازارنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسىز ، — مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم . بۇ مېنىڭ شېرىن ئاي جەريانىدىكى تۇنجى ئاچچىقلىنىشىم ئىدى ، — مەن سىزدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلارمەن دەپ ئويلىمىغان .

— گەپنى دەرقەمەتە ئولتۇرۇپ دېيىش ياخشى ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ .

ئۇنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى جېنىمغا تەگدى ، ئۆزۈمنى خۇددى ئېگىز قىيادىن چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم . ھاراق ئىچىشىپ بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىشىپ بەزدەك قاراپ ئولتۇرۇشقان ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا مەن بەكمۇ يالغۇزسىرايتتىم . بىر قېتىم ئەنۋەرنىڭ دوستلىرىنى كۈتۈۋېتىپ ، تولىمۇ تېتىقسىز بىر چاقچاقتىن ئېسىمگە كەلدىم ۋە شۇئان ئىچىمدىن بىر خىل يوشۇرۇن غەزەپ ئېتىلىپ چىقتى .

— سىلەر تەڭشىلىپ قاپسىلەر ! — دېدىم توڭلۇق بىلەن

لەن. ئۇلار ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى كاككۇكتەك ئاچقىنىچە ماڭا قاراپلا قالدى.

— ئەمدى ئىچمەڭلار! — دېدىم قاتتىق غەزەپ بىلەن.

— بىز سەل تاپتىن چىقىپ كەتتۇقمۇ، قانداق؟

— ھەئە، سىلەر تاپتىن چىقىپ كەتتىڭلار، — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا.

— ھەرقاچان بۇ گەپ كەشىڭلارنى توغرىلاڭلار دېگەننىڭ بەلگىسىغۇ دەيمەن؟

— سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇم يوق، — دېدىم مەن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ.

ئالاھەزەل يېرىم كېچىگە يېقىن ئەنۋەر قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي سورىدى:

— ئىشلار جايىدىمۇ؟!

— نېمىسى جايىدا بولاتتى؟ بۇ دېگەن ئۆي، قاۋاقخانا ئەمەس...

— نېمە بولدى سىزگە؟

— بىر ئېغىز گەپ قىلسام، ئۇلارنى قوغلىۋەتتىم. قالغان ئىشلار ئۆزىڭىزگە چۈشىنىشلىك...

ئۇ گەپ - سۆز قىلماي ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئاندىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— ئاشۇ لۈكچەكلەرنى بېسىۋالغىيدى، ئىلاھىم، — دېدىم مەن قەھرىلىك ئاۋازدا.

— ئۈمىدسىزلىك...

— ئەجەبا سىز مېنى چۈشىنىشنى خالىمامسىز؟ — دېدىم

مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي .

ئۇ باشقىچە بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن :

— مەن سىزنى مېنى خېلى چۈشىنىدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن . . . — دېدى .

— مەن ھەقىقەتەن سىزنى چۈشىنىپ بولالمىدىم . سىز بەك غەلىتە ئادەمكەنسىز ، — دېدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن .

— گەپ بىر - بىرىمىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىمىزدا ، — دېدى ئۇ ئىلگىرىكى تەمكىنلىكىنى بۇزماي .

— خاتا چۈشىنىپ قېلىش دېدىڭىزما ؟ !

— بۇ تەرىپىنى توغرا مۆلچەرلىمەپتىمەن . . .

— قارىماققا سىز ئىنتايىن خۇش پېئىل كۆرۈنىسىز !

ئۇ « ئاچچىقلانماڭ » دېگەن مەنىدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ياق . . . ياق . . . بۇ گەپنى دېيىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن ئۆمرۈمدە ئەزەلدىن ئاچچىقلىنىپ باقمىغان ، — دېدى .

— ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالدىغۇ . . .

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، خاتالاشقان بولساق ، تۈزەتسەكلا بولىدىغۇ . . .

— مەن كېتىمەن ، — دېدىم مەن ئىلگىرىكى قارارىم بويىچە .

— بۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلىسىز ؟ تاڭ ئاتسۇن . . .

— بۇ ئۆيدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى .

— بوپتۇ ، ئىختىيارىڭىز ، ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ ، — دېدى ئۇ ئامالسىز .

## مۇھتاشىم زايىت

« ئاللا ۋاپاسىز ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ » . ھەي ،

قانداق قارار چىقارغىنىڭ بۇ ؟ ! 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىلا باشلان-
غان ئىنقىلابنى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پاكپاكىز تۈگىتىۋەتمەكچى-
مۇ ؟ سەن بارلىق مىسىرلىقلارنى ، مۇسۇلمانلارنى ، قىبتىلارنى ،
پارتىيە ئىچىدىكىلەرنى ، مۇتەپەككۇرلارنى تۈرمىگە تاشلىماقچى-
مۇ ؟ ئەركىن مەيدانلاردا پەقەت پۇرسەتپەرەسلەرلا قالدى ، يەنە
شۇلارغا ئىچ ئاغرىتامسەن ، ئۆز بېشىمچى ئادەم ؟ « كىمكى بۇ
دۇنيادا كۆز ئالدىدىكى نەرسىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، كۆرمىگەن
قىياپەتكە كىرىۋالسا ، شۇ كىشى ئۇ ئالەمدە كور بولىدۇ ، يولدىن
ئازىدۇ » مەن سادات زاھلۇر ئۈچۈن ئۆيۈشما بىناسى ئالدىدا
ھەيكەل تىكلەنگەن كۈنلەرنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ كۈنى پۇرسەت-
پەرەسلەر دەبدەبە بىلەن پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىگە-
نىدى . سەن نېمىشقا مىسىرنىڭ كونا پاجىئەلىك تراگېدىيىسىنى
يېڭىۋاشتىن ئويناپ چىقماقچى بولىسەن ؟ مەن جاپاكەش خەلق
ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىن مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈلگەن دەۋرنى ئەس-
لەپ قالدىم . 1919 ـ يىلدىكى ئىنقىلاب چۈشمۇ ياكى ئەپسانىمۇ ؟ !
( ئېلىشىش مەيدانىدىكى قەھرىمان ھەقىقىي باتۇر ئەمەس ، ھەقى-
قىي باتۇرلار بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۆزگەرمىگەن ئادەم-
لەردۇر ) . ئاھ ، ئەتە سېنىڭ كەينىڭگە زادى نېمىلەر يوشۇرۇنار ؟
تۈنۈگۈن مەن ئەڭ كونا ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى دوستۇمدىنمۇ
ئايرىلىپ قالدىم . ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى يەتمىش يىل داۋام
قىلغانىدى . بىز تۇنجى قېتىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدا
تونۇشقان ئۇچرىشىپ قالغانىدۇق . ئەگەر قېرىپ كەتمىگەن
بولسا . . . ھە . مەن ئۇنىڭ دەپنە قىلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش
ئويىدا ئولفاننىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تولىمۇ تەستە ئۇ يەرگە بار-
دىم . دەپنە ئىدارىسىنىڭ زالىدا مەن ئۇنىڭ قەھۋەخانا ، قاۋاقخانا ،
ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ، تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشى ، توي قا-

www.uyghurkitap.com

تارلىقلاردىكى كۆرۈنۈشلىرى ئېلىنغان فىلىمنى كۆردۈم. بۇ ئۇ-
نىڭ يۈزى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى، سەن ئەڭ ئاخىرقى بىر يۇمۇرنى
ئاڭلىغانمىدىڭ؟ سەن ئەڭ ئاخىرقى ئاغرىنىشنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟
ئافالى بىلەن زامراك پۇتبول ئەترىتى ھەققىدە دەتالاش قىلغان
ۋاقتىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ئەزەلدىن قىزىرىشىپ قالمىغان.
شۇنداقمۇ؟ ئازراق سۇ ئىچىپ گېلىڭنى نەمدىۋالغىن... ھەي،
نېرۋا ياخشىلاش شىرنىسىنى ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالما. سېنىڭ 9 ـ
ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى ئوبزورۇڭنى ئاڭلىيالمىغان بولساممۇ، ئۇ-
نىڭدا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىمەن. مەن ئايەتلەرنى ئوقۇشنى
باشلىۋەتتىم: «بارلىق شەيئىلەر ھامان ئۆلىدۇ». ئەزرائىل ناھا-
يىتى تېزلىك بىلەن غەلىتە ھېجايغىنىچە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ
توختىدى. ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، ئالدىڭىزدا يەنە بىر قەدەم بار.
كونا دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ ئۆلۈمۈمنىڭ رېپېتىتسىيەسى.
مەن مېيىت يۇيۇش، كۆمۈش، ئۇزىتىش ئىشلىرىنى خىيالەن كۆز
ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئاندىن ئۆزۈمنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئو-
قۇشقا باشلىدىم: «مۇھتاشىم زايىت مائارىپ سېپىدىكى پېشقەدەم
ئەرباب، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ مەرد ئوغلانى». ئۇ سې-
نىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ سەن ئۇنى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس، دەپ
قارايتتىڭ. بارغانچە ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىۋاتقان بولساممۇ، مەن
ھەممىدىن رازى. توغرا، بۇ كىشىلىك ھايات ئۇزۇندەك قىلغىنى
بىلەن ئىنچىكىلەپ قارىسىڭىز، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ
كېتىدۇ. مۇھەببەت، زوراۋانلىق، غەزەپ، ئۈمىد ـ ئارزۇ، ھەتتا
ئۆلگۈچىلەرمۇ بەك كۆپىيىپ كەتتى. تاۋۇتۇڭنىڭ ئالدى ـ كەي-
نىدە مېڭىپ يۈرگەن بولساممۇ، تاۋۇت ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا
كەتكەن سەن بىلەن ھېچقانداق پەرقىمىز يوق. دوستۇمنىڭ
ئوغلى قىزغىنلىق بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

« دادام سەكراتتا يېتىۋېتىپ سىزگە سالام دېيىشىمنى تاپىلىغانىدى » — دېدى .

كەچتە ئوغلۇم فاۋاس مېنى ئەيىبلەپ :

— بۇ يېشىڭىزدا ئەمدى بۇنداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىمەسەڭمۇ بولاتتى ، — دېدى .

— بۇگۈن مەن « ئۆيىڭىزدىكى ئائىلە سايمانلىرىنى قانداق رېمونت قىلىسىز » دېگەن بىر كىتاب سېتىۋالدىم . باھاسى ئانچە قىممەت ئەمەس ، بۇ كىتابنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بەك يۇقىرى ، — دېدى سەرنا .

— ھۆكۈمرانلارغا مۇناسىۋەتسىز كىتابلارمۇ بارمىكەن ؟ — دەپ سورىدى ئولفان .

— قالايمىقان سۆزلىمە ، بولمىسا سەنمۇ تۇتقۇن قىلىنغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسەن . . . — دېدى فاۋاس .

— ئەلى سەمىغ مۇئەللىم تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ . دوستۇم مەخمۇد مەھرۇزىمۇ شۇنداق بوپتۇ ، — دېدى ئولفان ھاياجانلىنىپ .

مەن ئارىدىكى قاتماللىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن :

— بىگۇناھلارغا زىيانكەشلىك يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھازىر سوراق قىلىشقا ئەمدى ماقۇل بولدى ، — دېدىم .

— بوۋا ، سەن تېخىچە ئاشۇ ئۆسەك گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرەمسەن ؟

ئولفان ئىككىمىز يالغۇز قالغان چاغدا ، مەن ئۇنىڭغا :

— مۇشۇ باتۇرلۇقۇڭ بىلەن قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدىم .

— قىيىنچىلىق كۆپ ، لېكىن ھەيۋىمىز ئاجىز . تىنغ ـ تىنغنى ئېگىۋەتتى ، — دېدى ئولفان مەسخىرە ئاھاڭدا .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئولفان ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يېنىمدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى :

— بوۋا ، مەن ھەرقانداق مەخپىيەتلىكنى سىزدىن يوشۇرۇشنى خالىمايمەن .

مەن ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقسىنغان ھالدا جىممىدە قۇلاق سالدىم.

— راندانىنىڭ ئېرى ئەنۋەر ئالىم ماڭا : « سىڭلىم بىلەن توي قىلغىن » دەۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ .

— بۇ راستمۇ ! ماڭا ئىشنى ئېنىقراق دېگىنە . . .

— ئۇ بىر تۇل ئايال ، مەندىن يىگىرمە ياش چوڭ ، بەك باي . . .

— رەڭگىرويى قانداقراق ؟

— ئويلىغىنىڭىزدەك ئەمەس ، رەڭگىرويى بولىدۇ . ئۆزىمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر .

جىممىدە ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ، ئۇ مەندىن :

— بۇ ئىشقا قانداق قارايسىز ، بوۋا ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەسكەن . ئەڭ ياخشىسى باشقىلارنىڭ ئارىلاشمىغىنى تۈزۈكتەك قىلىدۇ ، — دېدىم مەن ئوڭايسىز ھالەتتە .

— بىراق ، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولاتتى .

— ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن ؟

— ياق ، لېكىن ئۆچمۇ ئەمەس .

— نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم . . .

— مۇنداق بىر گەپ تارقالغانىكەن . . .

— مەن ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس . مەن باشقا بىر دۇنياغا مەنسۇپ ئادەممەن . بىر دۇنيا يەنە

بىر دۇنيانىڭ ئۈستىدىن مۇستەبىتلىك يۈرگۈزسە، بۇ ئاقىلانىلىك بولمايدۇ، — دېدىم مەن.

— بىراق مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرغانلىقىڭىزنى كۆرمىگەن . . .

مەن بىردەم جىممىدە تۇرغاندىن كېيىن:

— بۇ پىلاننىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ، كەمچىلىكىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، هازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ پىلانىنىڭ ئارتۇقچىلىقى يېتەرسىزلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدىم.

ئۇ چۈشىنىكسىز بىر تەرزدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن زەردىلىك ئاۋازدا:

— مەن ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلىشنى رەت قىلىمەن، — دېدى.

ئۆزۈمنى يالقۇنلۇق قەلبىمدىن زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىققاندەك هېس قىلدىم. ئاخىر يەنىلا ئۈنىڭدىن:

— بىر قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلاندىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— هەئە.

— ئالدىنقى قېتىم جىق رىيازەت چەكتىڭ. بۇ قېتىم خۇدا بەختىڭنى بېرەر، — دېدىم مەن.

مەن ئىچىمدە: « هەنەف پەيغەمبەر، مۆجىزىلىرىڭنى روياپقا چىقارغىن » دېدىم.

## ئۇلفان فاۋاس مۇھتاشىم

ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقماي دەپ تۇرۇشۇمغا، بوۋام مەندىن:

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئولفان ؟ — دەپ سوراپ قالدى .
مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە بوۋامغا قارىدىم .
— راندان ئىرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ ، — دېدى بوۋام .

ئۆزۈمنى بىردىنلا شىددەتلىك كەلكۈندە ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدىم . ئىچىمدىن ھەم بىر خىل ھەيرانلىق ھەم بىر خىل خۇشاللىق ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى .

— ئۇلارنىڭ شېرىن ئىپىي تېخى تۈگىمىگەنىدىغۇ ؟ — ۋارقىرىدىم مەن .

— ئەتىگەن ئاناڭ شۇنداق دەيدۇ .

— نېمە بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ ؟

— ھەرقاچان تۇرمۇشتا كېلىشەلمىگەن چېغى . . .

ئاخىرىدا بوۋام مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ :

— كۆرۈشكەن چېغىڭلاردا قولىقىڭغا بەك ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانمىسۇن دەپ ئەسكەرتىپ قويۇۋاتىمەن ، — دېدى .

يول بويى يۈرىكىم دۈپۈلدەشتىن توختىمىدى . بىردە ئازابلانسام ، بىردە خۇشال بولاتتىم . خۇشاللىقىمدىن ھەتتا نەپەسىممۇ قىسىلىپ كەتتى . مەن راندانىڭ ئىنتايىن بىچارە ، سولغۇن بىر ھالەتتە ئىشخانىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم . پۈتۈن ئىشخانىنى بىر خىل مەيۈسلۈك كەيپىياتى قاپلىغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ : « مەن . . . » دەپ گېپىمنى باشلىشىمغا ، ئۇ :

— رەھمەت ، — دەپ مىنى سۆزلىگىلى قويمىدى .

— ئىشىنىڭ نەتىجىسى بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى .

— كۆپ رەھمەت ، ئارتۇق سۆزلىمىسىڭىز قانداق ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن .

خەقلەر ئۈنىڭ كەيىندىن بىرمۇنچە سۆز ـ چۆچەكنى تارقىتىپ يۈرەتتى . مەن : « ئەنۋەر ئالىم ئەرلىكتىن قالغان ئادەم ئىكەن ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا توي قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدۇ » . « ياق ، ياق ، ئۇ دېگەن بىر بەچچىۋاز ، سىلەر ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراڭلار » . « مېنىڭچە ، مەسىلە ئۇنىڭ ئايالىدىمىكىن . بۇتۇن تەكلا بىر ئايالغۇ ئۇ ، تاشقى قىياپىتى گۈزەل بولسىلا ھەممە جەھەتتىن ياخشى بولىدۇ ، دەپ قارىماڭلار » . « ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا غەيرىي بىر مۇناسىۋەت بار ئىمىش » دېگەندەك ھەرخىل غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلايتتىم . بۇلارنى ئاڭلاپ قەلبىم بەكمۇ ئازابلاندى . مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن راندان ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن . ياق ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن . تولىمۇ ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى ئازاب ئىچىدە كۆردۇم ، مېنىڭ قەلبىم بىلەن سىزنىڭ دەپسەندە قىلىنغان غۇرۇرىڭىز مەھكەم باغلانغان . مەن ئەنۋەر ئالىمنىڭ ئۆيىدە بىر مەخپىيەتلىكنى سېزىپ قالدىم . مەن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىدىغىنىمنى بىلدۈردۇم . ئۇ مەسخىرە قىلغاندەك بىر نەزەردە ماڭا زەن سېلىپ قارىدى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ :

ــ رەھمەت ، ــ دېدى .

ئۇنىڭ سەممىي نىيىتىمدىن گۇمانلانغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم .

ــ بۇ ئىشتىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن ، ــ دېدىم مەن .

ــ ئەپسۇسلانغۇدەك ھېچ ئىش يوق .

ئۇ مەن سۇنغان ھۆججەتلەرگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى . چارىستان خانىمنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى

ھېچ ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدىم . ئەمدى چارىستان خانىمدىن ئىگىلىگەن تەپسىلاتلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايت-تىم . ئۇ تويى بولىدىغان قىزدەك چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى .

— تەكلىپ قىلمىسام ، مېنى كۆرگىلى كەلمەمتىڭىز ؟ — دېدى ئۇ مېنى ئەيىبلەپ .

— سىزنى بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىماي ، دەپ كەل-مىگەنىدىم .

— تازىمۇ يوقىلاڭ باھانە بولدى ـ دە ، بۇ تەرىپى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئايان .

ئۇ ماڭا بىر ئىستاكان مۇز سېلىنغان ھاراقنى سۇنغاندىن كېيىن :

— مۇنداق بىر خىيالىم بار ئىدى ، — دېدى .

مەن تەشۋىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراۋېتىپ ، گېپىنى داۋام-لىق ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم .

— ئاكامنىڭ قولى بوشىمىدى . شۇڭا سىزنى مېنىڭ ئىش-لىرىمغا ۋاكالەتچى بولۇپ بېرەرمىكىن دېگەنىدىم . سىزنىڭچە بولامدۇ ؟

« ماڭا تۇزاق قويۇۋاتىدىغۇ بۇ » دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ ئالمان ـ تالمان ئېغىز ئاچتىم :

— بۇنداق قىلساق ، ئاكىڭىز خاپا بولىدۇ .

— بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئويى .

— ئويلىنىپ باقاي ، — دېدىم مەن تەڭقىسلىقتا قېلىپ ، — بىرى ماڭا ماگىستىرلىقتا ئوقۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى .

— ئىشقۇ بەك ئاددىي ، بىراق ئىشەنچلىك بىر ئادەمگە ئېھ-تىياجلىق بولۇپ قالدۇق .

— سىزگە تېزلا جاۋابىنى بېرىمەن .

ئۇ تۈيۇقسىز ماڭا ئىلگىرىكى ئۇرۇنلىرىدا كۆرگەن - بىلگەن ھەم ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىشلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ :

— كىشىلەر مېنى « ئېرىنىڭ مال - دۇنياسىنى كۆزلەپ توي قىلدى » دەپ تىللىشىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ، دادام مېنى ئۆزۈمدىن ئوتتۇز ياش چوڭ ئادەمگە ياتلىق قىلغان . شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزدۈم . « كىمكەن دېسە ، چارىستانكەن » دېگۈچىلىكىم بار .

— سىزگە ھەقىقەتەن قايىلمەن ، — مەن بىر خىل ئۇمىدسىزلىك ئىلكىگە چۈشۈپ قالدىم ، ئۇ بۇنى سەزمىدى . بىرئازدىن كېيىن تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكە باشلىدىم :

— ئەنۋەر بېكمۇ كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغان ئادەم ، تەلىيى كەلمىگەن يېرىلا بار شۇ . . .

ئۇ ئارامسىزلىق ئىلكىدە ماڭا قاراپ قويۇپ :

— سىز ئۇنىڭغا ئىچىنىۋاتامسىز ياكى ئايالىغىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى . بولدى ، بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى ، — دېدىم مەن ئاتتىن چۈشسەممۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي .

— بۇ راستمۇ ؟ !

— بۇ ئاددىي بىر پاكىتقۇ .

— ئەمىسە ياخشى ، باشقىلارنىڭ غېمىنى قويۇپ تۇرۇپ ، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى !

چارىستان مېنى يامان يەردىن قىستىغاچقا ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم .

— سىزگە ئايان ، ئوخشاشلا ماڭىمۇ ئايان ... — ئۇنىڭ

ئەگىتمەي ئۇدۇللا ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن تەڭ مەن ئەنۋەر ئالىمنى ئەسلەپ قالدىم .

ئارقىدىن ئۇ يەنە سەل ھاياجانلانغان ھالدا :

— پاك - غۇرۇرلۇق ئايال بولغاندىكىن ئۆز بەختىمنى ئىزدىشىمگە ھەقلىقمەن ، — دېدى .

دېمىم يەنە ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى ، ھەتتا بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆزۈمۇ چىدىماي ئاخىر ئېغىز ئاچتىم :

— قارىشىڭىزنى ھۆرمەتلەيمەن . . . ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز .

— سىز پۇشايمان قىلمايسىز ، مەن سىزنى مەڭگۈ كۈتىمەن ، — دېدى ئۇ بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىلكىدە .

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

ئۈچ جۈپ كۆز ئىزتىراپ ئىلكىدە بىر - بىرىگە تىكىلمەكتە ئىدى . مەن ، دادام ، ئانام بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپ قارايتتۇقيۇ ، يەنە ھايال ئۆتمەي كۆزىمىزنى ئېلىپ قاچاتتۇق .

يېرىم كېچىدە ئانام مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ ، بەكلا قورقۇپ كەتتى . چىرايىدا مېنىڭكىگە ئوخشاشلا چەكسىز بىر ھەسرەت ئالامىتى ئەكس ئەتكەنىدى . دادام يوتقانغا پۈركۈنۈپ ئاتلىق خورەككە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانام ئاستاغىنا مەندىن :

— راندان ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ — دەپ سورىدى .

بىز مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتۇق ، يىغلىپ قالغان دەردلىرىمنى ئانامغا بىراقلا تۆكۈپ بەردىم :

— ئاجرىشىش تەلىپىنى ئۇ قويغان !



www.uyghurkitap.com

مەن ئىشنىڭ جەريانىنى ئانامغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردىم . دادام ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا چۈشەندى . مەن دادامغا :
— بىز كېلىشەلمىدۇق . . . — دېدىم .
ئانام دادامغا مېھمانلارنىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان ئىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى . دادام ئاچچىقتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى . مەن دادامغا :
— ئاچچىقلانماڭ ، ئاچچىقلانسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ ، — دېدىم .
— مەن ھەممىنى چۈشەندىم . ئەگەر سالامەتلىكىم يار بەرگەن بولسا ، ئۇنى ئەدەپلىمەي قويمايتتىم ، — دېدى دادام غەزەپ بىلەن .
— ھاجىتى يوق ، دادا ، ئۇ سەممىي ئىكەن . ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى تېزلا ئېتىراپ قىلدى .
— نېمىدەپ باشتا ئۇنى ياخشىراق چۈشەنمىگەنسەن ؟
— ھەممە كىشىنىڭ مەخپىيىتى بولىدۇ ، ئەلۋەتتە مەنمۇ ئالدانغىنىمنى ئېتىراپ قىلىمەن .
— ئەڭ ياخشىسى بىز بىر ئادۋوكات تەكلىپ قىلايلى .
— ئۇنداق قىلساق چاۋىمىزنى ئۆزىمىز چىتقا يايغان بولىمىز ، يەنە دېسەم ، ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئېلىشىمغا ئۇ ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى .
— ئۇ خۇمپەر غەيۋەتچىلەرنى كۈشكۈرتۈپ ، كەينىڭدىن گەپ تاپماس ـ ھە ؟
— ئىشىنىمەنكى ، ئۇ تېزلا بارلىق ئىشلارنى پاكپاكىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ .
ئىشداشلىرىمدىن ھېچقايسىسى كېلىپ مېنىڭ ئارامىمنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

بۇزمىغان بولسىمۇ ، لېكىن مەن ھەمىشە بېسىقىپ قالغان ئاشۇ ئىشلار تۈيۈقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

بولۇپمۇ مېنىڭ ئولفانغا بەكمۇ ئاچچىقىم كەلگەنىدى، بىر قېتىم ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ، ئۇ ماڭا ئاستاغىنا :

— مەن ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتىمەن ، — دېدى.

— نېمىشقا ؟ — دەپ سورىدىم توڭلۇق بىلەن .

— بەلكىم ۋىجدانىم ئازابلىنىۋاتقان بولسا كېرەك .

— بۇ ئىشلار سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز .

ئۇ يۈزىنى بۇراپ :

— مەن يەنىلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى .

— سادىغاڭ كېتەي ، ئەمدى مېنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغۇم يوق ، — دېدىم مەن زەردە بىلەن .

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىچىمنى بىر خىل تىت - تىتلىق چىرمىۋالدى . ھەتتا ئاچچىقلىنىشقىمۇ رايىم بارمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۆزۈمگە ھەم ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قېلىۋاتاتتى . بىرئاز-دىن كېيىن كاللام سەگەكلەشكەندەك ھېس قىلدىم . مەن ئۆ-زۈمگە : « ئۇنىڭ بىلەن چارىستاننىڭ مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىپ زادى قايسى باسقۇچقا يەتكەندۇ ؟ ئۇ ھامان بىر كۈنى چارىستان بىلەن راستتىنلا توي قىلارمۇ ؟ نېمىدېگەن غەلىتە - ھە ، بەلكىم بۇ ئايال ئاكىسىدىن ياخشىراقتۇ » دېدىم . مەن ئۇ ئايالنىڭ بىرەر يامان تەرىپىنى سەزمىدىم . ئۇ ئولفاننى ياخشى كۆرىدۇ . بۇنىڭغا قىلچە گۇمانلىنىش كەتمەيدۇ . ئۇ ئولفاننى قالتىس ياخشى كۆ-رىدۇ . . . ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئۆز يولىمىزغا مېڭىشىمىزنى كىم ئويلىغان ؟ يۇكسەك غايىلىرىمىزنىڭ بىر ئوچۇم توپىغا ئوخشاش سورۇلۇپ تۈگەيدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان ؟

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن ئۇ ماڭا ئاستاغىنا :

— سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ باققۇم بار ، — دېدى .

مېنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم ، بار ئىدى . شۇڭا مەن ئۇنىڭ گېپىگە باشقىچە ئىنكاس بىلدۈرمىدىم .

ئىبراھىم كۆكۈل ئىچىش زالىغا كەلدۇق . ئۇ يەردە چاي ئىچكەچ گۇشنان يېدۇق . بىر - بىرىمىزگە كۆز ئۈزمەي قارايتتۇق .

— قانداق قىلاي دەۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .

— مېنىڭ پىلانىممۇ ، تۇرمۇشقا بولغان ئارتۇق ئارزۇ - تەلىپىممۇ يوق ، مۇشۇنداق ياشىسىمۇ ئادەم ناھايىتى خاتىرجەم بولىدىكەن ، — دېدىم مەن سەممىيلىك بىلەن .

— مەنمۇ شۇنداق ، بىراق بوۋامنىڭ دېيىشىچە ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە . . . — مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم :

— بولدى ، بوۋىڭىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى دېمەيلا قويۇڭ ، ھەممىسى شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى . سىز چارىستان بىلەن قاچان توي قىلىسىز ؟

ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قويۇپ ، قايتۇرۇپ سورىدى :

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— سوراشتۇرۇپ بىلدىم .

— مەن ئۆزۈمنى ساتمايمەن .

— ئۇنداقتا مەن ئۆزۈمنى سېتىپتىمەن - دە ؟

— ياق ، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ . ئايال كىشى ئۆزىدىن چوڭ ئەرگە تەگسە ئەجەبلەنگۈدەك يېرىمۇ يوق . لېكىن . . .

ئۇ سىنچى نەزەر بىلەن چىرايىمغا قاراۋېتىپ :

— نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتتىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغىلا دېگۈم بار ئىدى .

— سىز ماڭا بۇ سىرنى ھەرقانداق ئادەمگە ئاشكارىلىماسلىقتا ۋەدە بېرەلەمسىز ؟

— نام - ئابرۇيۇم بىلەن قەسەم قىلاي .

مەن تېخى بايىلا كۆكرەك قەپەسىمنى بېسىپ تۇرغان ئازابلىرىمنى ئاشكارىلىدىم . ئۇ شۇھامان ۋارقىراپ كەتتى :

— ئۇ نېمىدېگەن ئىپلاس !

— ئەمدى ئاچچىقلانسىڭىزمۇ بەرىبىر . ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ .

— بۇنداق بولارىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن .

— تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلارغا ئەجەبلىنىپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوققۇ .

## مۇھتاشىم زايىت

چۈشۈمدە مەن دادامنى ، ئانامنى ۋە ئاچام مەھسەرنى كۆردۈم . . . قارىغۇدەك بولسام ، ئۇلار بىللە دەسسەپ تۇرغان شار يېشىمدىن ئۇچۇپ كەتكۈدەك . ئەجەبا مېنىڭ ۋاقىت - سائىتىممۇ توشقانمىدۇ ؟ ئەجەبا مەن قېرىنىڭ دۆلەتتىن تارقىتىلىدىغان پېنسىيە پۇلىدىن مەھرۇم قالىدىغان ۋاقتىم كەپتۇ - دە . سۇلايمان مۇبارەك ، سەن قانچىلىك ھەسەت قىلساڭمۇ مەيلى ، مەن يەنىلا ئىنتايىن تىنىمەن . ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : « ۋابادەك بىر خىل كېسەللىك كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ » دې- گەنىدى . پەيغەمبەر ھەقىقەتەنمۇ راست دەپتىكەن .

ئاھ خۇدا ، ئاجىز بەندەڭ ھازىرلىق كۆرۈپ قويدى ، ئە-
جەل سائىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار ، ئۇ ئەزرا-
ئىلنى خۇشال كۈتۈۋالىدۇ . تەقدىرگە تەن بېرىدۇ . ئاھ خۇدا ،
ئۆز ئەجىلىمدە ئۆلۈشۈمنى نېسىپ قىلغايسەن . باشقىلارغا يۈك
بولۇپ قېلىشىمدىن خالىي قىلغايسەن . سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان
ئۇزۇن ئۆمرۈڭگە تەشەككۇر ئېيتىپمۇ ئېيتىپ بولالمايمەن . سۈيە-
قەستچىلەر تولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيادا مەن ھېچكىمگىمۇ زىيان
يەتكۈزمىدىم . بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ رازى . مەن سېنىڭ كۆرسەتمەڭ
ھەم ئەلچىلىرىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ تەلىمىدە يەتمىش
نەچچە يىللىق ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم . بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ سېنىڭ
ماڭا ئاتا قىلغان شاراپىتىڭدىن قانغۇدەك بەھرىمەن بولدۇم . بۇ
دۇنيانىڭ ئاچچىق قايغۇ - ئەلەمىنىمۇ يەتكۈچە تېتىپ كۆردۈم .
نامازمۇ مېنى چېنىقتۇردى . ئويۇن - تاماشا ئىچ پۇشۇقۇمنى چى-
قاردى ، ھالال يېمەكلىكلەردىن قانغۇدەك يېدىم .

بايرام كۈنىنىڭ شەبنەملىرىنى ئەكېلىپ ئۈستۈمگە چاچتى .
ئاپئاق بۇلۇتلار رەڭگەر رەڭلىك نىل دەرياسى ۋە دائىم كۆكىرىپ
تۇرىدىغان ئاسمان - پەلەك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە سۇدەك لەيلەپ
يۈرىدۇ . بۇ ۋەيران بولغان بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىدىكى نەچچە
كۈننىڭ ئىچىدىكى بىرلا كۈن ، خالاس . فاۋاس خاتىرجەم ھالدا
كۆكلەكلىرىنى كىيىۋاتىدۇ ، سەرنا چاچلىرىنى تاراۋاتىدۇ ، ئول-
فان بولسا سەيلە قىلغىلى چىقىش ئۈچۈن ساقال ئېلىش بىلەن
ئاۋارە . مەن ئۇلارغا سەپسالغاچ ، كۆتۈرەڭگۈ ھالدا :

— باللىرىم ، بىز ئاخىر جەم بولۇپ ، بىر ئائىلىگە ئوخ-
شىدۇق ! — دېدىم .

— بۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەيياھنىڭ بىردەم ئارام
ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىغىنىدەكلا بىر ئىش ، ئەگەر مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

لەنتى ھاۋا بولمىغان بولسا، بىز فولبا رايونىغا بېرىپ كېلەتتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى فاۋاس.

— زامانغا ماس كەلمىگەن خىيالغۇ بۇ. كېسپىراق ئېيتسام، بۇ بىر ساراڭلارنىڭ خىيالى.

— قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىش بايرام بىزگە ئاتا قىلغان خاسىيەتلىك نەرسە بولدى، — دېدى سەرنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەنچۇ، ئۇلفان؟

— پىيادە قەھۋەخانىغا بارىمەن.

— گەپدانلىق قىلىمەن دەيدۇ- دە، بۇ، — دېدى فاۋاس كۈلۈمسىرەپ.

— بۈگۈن دەل غەلىبە خاتىرە كۈنى، — دېدىم مەن.

— غەلىبە بىلەن تۈرمە، — دېدى ئۇلفان مەسخىرە بىلەن.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ:

— ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە يوق، يېڭى نەرسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى شۈبھىسىز، — دېدىم.

— شۇنداقمۇ؟... ياشىسۇن سەۋر- تاقەت!

فاۋاس چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا گەپ قىلدى:

— چوڭ نېفىتلىك تېپىلدى ياكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا بايقالدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— ياكى بولمىسا ئىنقىلاب پارتلىدى دېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇلفان.

— ئىنقىلابنىڭ يەنىمۇ بەكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن باشقا، ئارزۇلىغۇدەك يەنە نېمىسى قالدى؟ — سورىدى فاۋاس.

— يەكچەشمىنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىش! — دېدى ئۇلفان.

ئۇلار ئىنقىلاب توغرىسىدا سۆزلەشكىنى بىلەن ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى . ئۇلار بۇرۇن ئىنقىلاب دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغانىدى . پەقەت ياللانما ناتىقلار ئۇلارغا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . قابىلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىلار كاززابلارچە چىقىرىلغان « 1919 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ ؟ » دېگەن تېما بويىچە دەرس سۆزلەشكە باشلىغانىدى . ھەي ، لەنىتى ئەۋلادلار ، سىلەردە ئازراق خىجىل بولۇش دېگەن نەرسە بارمۇ ؟ ھەي ، يىغىلىش لاگېرىدىكى جاللاتلار ، رىم ھۆكۈمرانى نىلنىڭ غالچىلىرى .

ئولفان ئۆزىنىڭ ھەم پۈتۈن بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئۇمىدسىزلىكىنى يۇدۇگىنىچە ، قوللىرىنى سىلكىشلىگەن ھالدا ئىشكتىن چىقىپ كەتتى ، سەرنا تېلېۋىزورنى ئېچىپ :

— تەبرىكلەش يىغىنىنى كۆرەيلىچۇ ، — دېدى .

يىغىن مەيدانىنىڭ تەنتەنىلىك كەيپىياتىدىن كىشىلەر ۋەتىنىدىن پەخىرلىنىش ھېس قىلاتتى . يىغىن مەيدانىدا زوڭتوڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ، ئەتراپ خۇددى رامزان ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنىدىكى « خاسىيەتلىك كېچە » گە ئوخشاش يورۇپ كەتتى . زوڭتوڭ ئۈچىسىغا باش قوماندانلىق كىيىمى كىيىۋالغان ، قولىدا سەۋلىجان تۇتۇۋالغانىدى . قوغدىغۇچىلىرى نېمە دېسە « لەببەي » دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى .

— قاراڭلار ، ئۇنىڭ گىدىيىپ كەتكىنىنى ، نېمىدېگەن ھاكاۋۇر . . . — دېدى سەرنا تۈزىگىلا .

— بۈگۈن دېگەن ئۇنىڭ كۈنى تۇرسا ، — دېدىم مەن .

— ئۇ ناھايىتى بەختلىك ، مۇشۇنداق قىلىشقا ھەقلىق . . .

فاۋاس گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى :

www.uyghurkitap.com

— 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن بېرى ئۇنىڭ ئوغرىلىغانلىرى ئاز ئەمەس.

يەردىكى، ئاسماندىكى پاراتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بولۇشى تەس ئىدى.

— بىز ئۇ چاغلاردا ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى پەقەت خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئىچىلغان كۈنلەردىلا كۆرە-لەيتتۇق، — دېدىم مەن ئۆتمۈشنى ئەسلەپ.

— قارا سىنى، دادا. بۇ باشقا بىر دۇنيا تۇرسا...

— قىپقىزىل يۈزلىرى خۇددى ئەگلىك سۇرتۈۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن، — دېدى سەرنا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەسكەرلەر رەت ـ رېتى بىلەن مەيداندىن ئۆتۈۋاتاتتى. ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ھارغىنىمدىنمۇ ياكى ئازابلىق خىياللاردىنمۇ ئەيتاۋۇر چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. ئاجايىپ بىر پەيتتە مەن تۇيۇقسىز ئىسىمگە كەلدىم. تارىخ ۋە دەۋرنىڭ داۋرىكى قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتەتتى. ئۇلار ماڭا: «ۋەقە يۈز بەر-دى. سەن تارىخنىڭ بەتلىرىدىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ چىققان» دېدى. ئۇ ئەمدى ياتاق ئۆيدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. تۇرۇپلا تېلېۋىزورنىڭ كىچىككىنە ئېكرانى لاپىلداپ، تۇتۇقلىشىپ كەت-تى. ئادەتتە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيتتى. تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئېگىز ـ پەس چىقىپ، بىردەمدىن كېيىن بىراقلا يوقىدى، بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

— فاۋاس، تېلېۋىزوردىن چاتاق چىققانمىدۇ، يا؟

— تېلېۋىزوردىكى گەپ ئەمەس... مەنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدىم...

— كۆكلۈم دەككە ـ دۈككىدە بولۇۋاتىدۇ... چوقۇم بىر ئىش بولدى... — دېدى سەرنا ئالاقزادىلىك بىلەن.

— قانداقمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن . . . — دېدى فاۋاس .

— ئەجەبا . . . ؟

— نېمە ئىش بولغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . بىراق ، دادا ، نېمە ئىش بولغانلىقى ئۈزۈن ئۆتمەي ئايدىڭلىشىدۇ . . .

مەن چىن يۈرىكىمدىن ئاللادىن تىلەشكە باشلىدىم :

— ئاھ خۇدا ، بىزگە ھەمدەم بولغىن ، بىزدىن ئايرىلمىغىن . . .

## ئولفان فاۋاس مۇھتاشىم

ھەرقانداق بىر بايرام ، مەيلى ئۇ بىرەر سائەت داۋاملاشسىمۇ بىزنىڭ غەم ـ ئەندىشىمىزنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ . بىراق ، ھەربىر ئەشكىنىڭ بىر تال ئاچقۇچى بولغىنىدەك بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟ نىل دەرياسى ماڭا نېمە دەۋاتقاندۇ ؟ دەل ـ دەرەخلەر ماڭا نېمە دەۋاتقاندۇ؟ تېززەك قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ باقايچۇ . ھە ، ئۇلار : « ھەي ئولفان دېگەن بايقۇش ، قويە سېنىڭ گادايلىقىڭنى . راندان دوستلۇق ھەم پاراڭلىشىش كەيپىياتى ، بىر خىل ئاشكارىلىنغىلى بولمايدىغان مۇھەببەت رامكىسى ئىچىدە قېشىڭغا قايتىپ كەلمەكتە . بۇ پولات ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى تۈۋرۈك تىرەپ تۇرغان بازا ئۈستىگە قۇرۇلغان ، ئۇلى چىڭ مۇھەببەت . ئاشۇ ئۇلنى شېرىن بىر چۈش ئوراپ تۇرىدۇ . ھەربىر يەلەرچە قەدەم تاشلاپ تېززەك ئىلگىرىلىگىن » دەۋاتقاندەك قىلىدۇ . بۈگۈن ئارمىيە بايرىمى ، ھەي ، قەھۋەخانىغا گەپدان ، ئۇزۇن قۇلاق ئادەملەر لىق تولغان . ئۇلار رېئاللىقتىكى ھەرقانداق نەرسىدىن رازى بولمايدۇ . ئەمما ، ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمايدۇ . بىز بىر ئۈستەلنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرىمىز . ئۈستەلگە كىمدۇر بىرى ئېلىپ كەلگەن رادىئو قويۇلغانىدى . 6 ـ ئاي-

نىڭ 5 ـ كۈندىن كېيىن يەنى ، سابىق زۇڭتۇڭ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىغان ئاشۇ كۈنىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بولغانىدى . مېنىڭ تۇنجى ئاڭلىغان سۆزۈم : « مەغلۇبىيەت پاتقىقىغا پاتقان سابىق زۇڭتۇڭىمۇ غەلىبە قۇچاق ئاچقان بۇ قېتىملىق زۇڭتۇڭىمىزدىن ئۇلۇغراق » دېگەن گەپ بولدى . بۇ گەپلەردىن مەن ئىلگىرى بوۋامنىڭ ماڭا دېگەن مۇنداق بىر سۆزىنى ئويلاپ قالدىم . بوۋام ماڭا : « بىز مەغلۇبىيەتتىنمۇ بەكرەك غەلىبىگە ئىنتىلىدىغان بىر مىللەت . ئۇزۇن يىللىق قايتا ـ قايتا مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بىر خىل ئاچچىق ئازاب بىلەن تىنىپ كەتتى . قايغۇلۇق ناخشا ـ مۇزىكىلارغا ، ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرگە ھەم ئۇلۇغ قەھرىمانلارغا ئامراق بولۇپ قالدۇق . داھىيلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى . مۇستاپا كامال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇش قىلىپ ، كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇربان بولدى . مۇھەممەد خالىد سۇرگۈندە قۇربان بولدى . سائاد زاغلۇرمۇ ئوخشاشلا سۇرگۈندە قۇربان بولدى . مۇستاپا نۇرخاس زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . كامىل 5 ـ ئىيول قۇربان بولدى . پەقەت جاھانغا پاتماي قالغان مۇشۇ غالىبىيەتچىلەرلار كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، بىزگە ئۆز غەلىبىسى ئارقىلىق جەڭ ئېلان قىلدى . قەلبىمىزدە يېڭى ـ يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى . بىزدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇمنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈنلا ، بىزنىڭ لەنىتىمىز ۋە نەپرىتىمىزگە ئۇچرىدى . كەينىدىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ماختىنىپ ، جاھانغا پاتماي كەتتى . بىراق ئۇنىڭ ئازاد قىلىش ئېڭى بىزگە نامراتلىق بىلەن چىرىكلىكتىن باشقا نەرسىنى قالدۇرمىدى . مانا بۇ دەل مەسىلىنىڭ نېگىزى » .

قەھۋەخانىدىكى خېرىدارلار رادىئودىن غەلىبە خاتىرە كۈ-

نىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى بېرىلىپ ئاڭلاۋا-
تاتتى. بىز بولساق يەنىلا شۇ تۇتۇرۇقسىز تالاش - تارتىش بىلەن
ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە ئىدۇق. تۇيۇقسىز چىققان غەيرىي ئاۋاز دىق-
قىتىمىزنى تارتتى. دىكتورنىڭ: «ئاسىيلىق... ئاسىيلىق...»
دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدۇق.

ئالاقـزادىلەشكەن كىشىلەر گۇررىدە رادىئونىڭ ئەتراپىغا
ئولاشتى. دەل شۇ پەيتتە خەۋەر تۈگەپ، ناخشا ئاڭلىتىلىشقا
باشلىدى.

— نېمە ئىش چىققاندۇ؟

— چوقۇم بىر ئىش يۈز بەرگەن گەپ.

— ئۇ «ئاسىيلىق، ئاسىيلىق» دەپ نەچچە قېتىم
تەكرارلىدى - يا؟

— قەست قىلىپتۇ - دە.

— كىمگە؟

— تازىمۇ بىر بىمەنە گەپقۇ بۇ...

— ناخشىدا شۇنداق بىر بېشارەت بار...

— پەرەز دېگەن بەرىبىر پەرەز - دە.

— بىردەم تەخىر قىلايلى!

ئۆيگە قايتىش خىياللىرىمۇ بىر چەتتە قالدى. قېلىپ قې-
لىشقا ئۇندەۋاتقان بىر خىل ھېسسىيات بىزنى ھەقىقىي ئەھۋالنى
ئۇقـۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بۇ سىرنى ئېنىقلاشقا تېخىمۇ بەك قىزىقتۇ-
رۇۋاتاتتى.

بىز كەچلىك تاماق ئورنىدا ئۇششاق - چۈششەك نەرسى-
لەرنى يېگەچ كۈتۈشكە باشلىدۇق. كىشى كۆڭلىنى ۋەھىمىگە
سالىدىغان بىردەم كۈتۈشتىن كېيىن دىكتور ئىشقا ئاشمىغان بىر
قـەستلەش دېلوسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، زۇڭتۇڭ يىغىن مەيدا-

www.uyghurkitap.com

نىدىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ قوغدىغۇچى قىسىملارنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قامال قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى . ئاندىن ناخشا ئاۋازى يەنە كۈچىيىپ كەتتى .

— ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە .

— نىمە شۇنداقكەن ؟

— كاللاڭلارنى ئىشلىتىپ باقماسىلەر !

— بەزى پاكىتلارنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ ، جۇمۇ !

— بىراق ، پاكىتنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كېچىكتۈرگىلى بولىدۇ .

— سۈيىقەستچىلەر نىمە ئادەملەردۇر ؟

— دىنىي مەزھەپتىكىلەردىن باشقا يەنە كىم بولماقچىتى ؟

— بىراق ئۇ ئەسكەرلەر بىلەن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان تۇرسا .

— قۇلاق سېلىڭلار ، دۆلەت ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتىدۇ . . . رادىئودىن يېڭى خەۋەرلەر ئاڭلىنىۋاتاتتى . يېڭى خەۋەردە : « زۇڭتۇڭنىڭ يېنىك يارىلانغانلىقى ، ھەمدە دوختۇرخانىدا كۆڭۈل قويۇلۇپ كۈتۈنۈۋاتقانلىقى » دېيىلگەنىدى . ھەر خىل ئېھتىماللىقلار قەلبىمىزدىن كېچىپ ئۆلگۈردى . ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەندەك بولدى . ئارقىدىن كۆز ئالدىمىزدا تونۇش بىر خىل چىرايلار پەيدا بولدى .

— ئۇ يارىلانغان بولسا ، كېيىن قانداق بولىدىكىنە ؟

— سىلەر ئەمدى تۈرمىگە كىرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويساڭلار بولغۇدەك .

— مۇقەررەركى ، ئاق تېررورچىلارنىڭ قىلغان ئىشى بۇ .

— ئۇ ساقايغاندىن كېيىن چوقۇم ئۆچ ئالىدۇ .

— دۆلەت ناخشىسىدىن كېيىن قۇرئان كەرىم ئاڭلىتىلارمۇ ؟
ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . ئاخىر مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلەر راستقا ئايلىنىپ ، دېگەندەكلا قۇرئان كەرىم ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى . دەسلەپىدە ھەممە كىشىلەر داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى . راستتىنلا مۇشۇنداق بولۇشىدىن كىشىلەر چۆچۈگىنىدىن غال – غال تىترەيتتى . بۇ راستىمدۇ ؟ ! ئۇ راستتىنلا تۈگەشكەنمىدۇ ؟ . . . كىم ئۆيلىغان دەيسىز ؟ بىز نېمىشقا بەزىدە مۆجىزىلەرگە ئىشىنىپ قالىدىغاندىمىز ؟ نېمىشقا دۇنيادا ئۆلۈمدىن باشقا يەنە پاكىتىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندىمىز ؟ ئەزرائىل ، پەقەت ئەزرائىللا ھەقىقىي دىكتاتورا يۈرگۈزگۈچى . ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى . كىشىلەر بۇنىڭغا زادى نېمە دېيىشەر ؟ مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدۇم ۋە كىشىلەر توپىغا قۇلاق سالدىم . قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار پەقەت ئاللاغىلا ئىشىنىشى كېرەك . ئاللا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . دۆلەت سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئېغىر خەتەرگە دۇچ كەلدى . مەيلى ئۇ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر بۇنداق ئاقىۋەتكە قالماسلىقى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەلبە خاتىرە كۈنىدە بۇنداق ئىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى . سۈيىقەست . . . بۇ چوقۇم ئەتراپلىق پىلانلانغان سۈيىقەست . بىر قېتىملىق بالا – قازا ئارقىلىق . . . ئەزرائىل ئۇنىڭ تەلۋىلىكىگە خاتىمە بەردى . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇنىڭمۇ كېتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان . بۇ دۆلەتنى مۇردا ئورنىدا كۆرىدىغانلارغا بېرىلگەن جازا ، ياق ، بۇ سىرتتىن پىلانلانغان سۈيىقەست . ئۇ بۇنداق ئاقىۋەتكە قالماسلىقى كېرەك ئىدى . لېكىن ، بولغۇلۇق بولدى . ئۇمۇ بىر لەنەتگەردى ئىدى . قاتىل ئاخىر ئۆلتۈرۈلدۇ .

www.uyghurkitap.com

قاتىل ھازىرچە جىنىنى ساقلاپ قالسىمۇ ، ھامان جەھەننەمگە ئۇزايدۇ . بىر ئىمپېرىيىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى . ئاشۇ تېررورچىلار ئەمدى قانداق قىلماقچىدۇ ؟ مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم . ئازاب ، قورقۇش ، خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھەر خىل زىددىيەتلىك ئىنكاسلار قەلبىمنى تاتىلىماقتا ئىدى . مەن ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئىلكىدە ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى قىياس قىلدىم . قاتىللاشقان ھەم بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالغان تۈزۈمنىڭ پاچاقلىنىشىغا ، پايانسىز دالىلاردا قېيغىتىپ ئويناشقا شۇنچە تەشنا ئىدىم . تېزرەك كەلگىن ، ئەتە ، سەن بۈگۈندىنمۇ بەكرەك ئىپلاس بولساڭمۇ كەلگىن .

قالايمىقانچىلىق ئۈمىدسىزلىككە ئوخشايدۇ . قىرغىنچىلىق ۋەھىمىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . بۇ زەربە تەختنى تەۋرىتىپ ، پولات ئىستىھكاملارنى ۋەيران قىلدى . ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېپىلدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چوڭ كوچىغا قاراپ مەقسەتسىزلا مېڭىشقا باشلىدىم . تالاش ـ تارتىش مېنى چارچىتىپ ، ھالىمنى قويمىغانىدى . مەن كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشنى شۇنچىلىك خالايتتىم . يولدىن ئۆتۈۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسى قالدۇرغان قورقۇنچنى كۆردۈم . تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ چارىستان خانىمنىڭ داچىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى سەزدىم . ئەنۋەر ئالىمنىڭ پىكاپى ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا ھاياجان ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىشقا ، قاتىللىق ئىستىكى كۈچىيىشكە باشلىدى .

## راندان سۇلايمان مۇبارەك

نېمىدېگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەۋەر بۇ ، ئەجەبا

قەستلەشتىن باشقا يول يوقمىكىنە ؟ ئۇنىڭ خوتۇن ـ باللىرىدا نېمە گۇناھ ؟ مەن ئۇنىڭ مۇرتى ئەمەس . بىراق ئۇ مۇنداق ئاقىۋەتكە قالماسلىقى كېرەك ئىدى . مەن خېلى بۇرۇنلا قىلتاققا چۈشكەنىدىم . ئۇ مېنى يېڭىۋاشتىن ئاممىۋى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ قويغانىدى . قەست قىلىش ئىنتايىن ئېپلاس ۋاستە ھەم ئالالنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپ ، ئانام سىياسىي بىلەن كارى يوق ئادەملەرگە ئوخشاش تولا يىغلاۋېرىپ ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى . ياتاق ئۆيدىكى كەيپىيات ئالدىنقى بىرنەچچە كۈندىكىدىنمۇ بـۇرۇقـتـۇرمـا ئـىـدى . مەن دادام بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتاتتىم .

— تىرىكلەرنىڭ پىكرى ئۆلۈكلەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانمايدۇ ، — دېدى دادام .

ئۇ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى :

— دۆلەتنى تەلۋىلىك قاپلىدى ، راندان . ناخشىدا ئېيتىلغان « مەن نېمىشقا دىنغا ئىشەنمەيمەن » دېگەن كۈنلەر قاچان كېلەر ؟ ئۇلار بىزنى 14 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى زامانلارغا سۆرەپ بارماقچى .

ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە دېدى :

— بىلىمەن ، سەن مېنىڭ كۆزقارىشىمغا ئەسلا قوشۇلمايسەن . ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭلار ، ئۇلارمۇ سىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ . بىراق ، ئىككىمىزنىڭ ئازراق ئوخشاشلىق تەرىپىمىز بار . ئۇ بولسىمۇ ئىككىلىمىز سۇيىقەستكە قارشى تۇرىمىز . . .

بۇ بىزنىڭ ئورتاق مەۋقەيىمىزگە ئەڭ يېقىن بولغان بىر سىزىق .

www.uyghurkitap.com

ھەي ئولفان ، سىز زادى قەيەردە ؟ سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز ، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئاقىۋەتكە قالغانلىقىدىن خۇش بولامسىز ؟ بۇسۇغىمىزغا دەسسىمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان ئۇلا فان ئويلىمىغان يەردىن يۈرەكلىك بىلەن ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرىپ قالدى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . بىز دەرھال تاماقخانىغا كىرىپ ، تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئورۇندۇقتا يېقىن ئولتۇردۇق . مەن ئۇنىڭدىن :

— سىز شۇ چاغدا قەيەردە ئىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇنىڭ قورۇنۇپ ئولتۇرۇشلىرى مېنى ۋەھىمىگە سالدى .

— بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى ، سۆزلەشكۇدەك يېڭى نەرسىمۇ يوق . گېپىمنى زەن قويۇپ ئاڭلاڭ . . . — دېدى ئۇ .

— سىزگە نېمە بولدى ؟

ئۇ ماڭا تۆۋەندىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى :

— بۈگۈن ئاخشام ئۆزۈممۇ تۇيمايلا چارىستاننىڭ داچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن . قارىسام ، ئەنۋەر ئالىمنىڭ ماشىنىسىمۇ شۇ يەردە تۇرۇپتۇ . مەن ئۆيگە ئۇسۇپ ئۇدۇللا كىرىۋەردىم . ئەڭ ئاۋۋال ئەنۋەر ئالىم : « ياخشى كەپسىز » دەپ تۇۋلىغىنىچە چىقىپ كەلدى . « رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشار » دېگىنى شۇ بولسا كېرەك . مەن بىردىنلا خۇدۇمنى يوقىتىپ ئۇنى : « ۋۇ ئىپلاس » دەپ تىللىغانچە ، كۆكرىكىگە بىر مۇشت سالدىم . ئۇ سەنتۈرۈلگىنىچە بېرىپ يەرگە يىقىلدى . دەل شۇ چاغدا چارىستاننىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلدىم . چارىستان : « تولا لۆكچەكلىك قىلما ! » دېدى ۋە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى . چارىستان قاتتىق ھاسىراپ كەتكەن ئەنۋەر ئالىمنى يۆلەپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتتى . مەن ئەس — ھوشۇمنى يوقىتىپ ، جايىمدا مەڭدىگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . ئون بەش مى-

نۇتتىن كېيىن چارىستان ئۆگسۈلى ئۆچكەن، ئالاقزادە بولغان هالدا مېهمانخانىغا يېنىپ كىرىپ ۋارقىرىدى:

«نېمە قىلىپ قويغىنىڭنى بىلەمسەن، تەلۋە!»

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىمچە جايىمدا ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدىم. ئۇ كۆزلىرى ياشقا تولغان هالدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «ساراڭ، نېمە قىلغىنىڭ ئۇ؟! نېمشقا ئاكامنى ئۆلتۈرىسەن؟» دېدى. ئۇ هارغىن بىر هالەتتە بېشىنى قامالىغىنىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن ئاستا ـ ئاستا ئېسىمگە كېلىپ، نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى بىلدىم. مەن: «ساقچى چاقىرىڭ، تەقدىرىم مۇشۇنداق ئوخشايدۇ...» دېدىم ئاخىر.

ئۇ قىمىرلاپمۇ قويمىدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

«ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزۈم بېرىپ مەلۇم قىلاي...» دېدىم مەن.

ئۇ چۈشىنىكسىز تەرزدە قولىنى بىر شىلتىپ قويۇپ: «مۇشۇ يەردە جىم تۇر» دېدى پىچىرلاپ دېگۈدەك. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەسەبلىرىم چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى. «نېمىگە ساقلايمەن؟» دېدىم مەن. «ساقلاپ تۇر دەيمەن» دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

ئۇ مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئاستاغىنا: «ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجىز ئىدى» دېدى.

ئۇ نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟ گۇمانسىراش ئىچىدە قەلبىمدە بىر خىل ئۈمىد نۇرى چاقنىغاندەك بولدى.

«بىراق ئۇنى مەن...»

«ئازراقمۇ تاياق يېگەنىنىڭ ئىزى يوق...» دېدى ئۇ

www.uyghurkitap.com

تەمكىنلىك بىلەن .

بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ جىددىي ھالەتتە قانداق قىلىشنىڭ پىلانىنى سوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مەن مەڭدىگىنىمچە ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم . مەن راستتىنلا ئۇنىڭ بۇ خىل نىي-ىتىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىۋاتاتتىم . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماققا ئوخشايتتى . قانداق ئايالدۇ بۇ ! مېنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىم سۇدا ئېقىپ كېتىۋې-تىپ تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشايتتى .

« دوختۇردىن ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ - دە » دېدىم مەن . « بۇنىڭ بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن » دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن . كۆزلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە ھاياسىزلارچە تىكى-لەتتى . « ئەلۋەتتە ، سېنى نېمىشقا قۇتقۇزۇۋالغىنىم ئۆزۈڭگە ئا-يان » دېدى ئۇ . « مەن ھېچ ئىشەنمىگەن ھالدا بېشىمنى لىڭشى-تىپ ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم . ئۇ مەندىن : « ساڭا ئىشەنسەم بولامدۇ ؟ » دەپ سورىدى . مەن نام - ئابرۇيۇمنى شېپى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ۋەدە بەردىم . . .

ئولفان ماڭا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بولغان چاغدا ، مەن قاتتىق بىر ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە قالغانىدىم .

— سىز نېمىشقا مەخپىيىتىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بې-رىسىز ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك يوق ، راندان ، — دېدى ئولفان .

— سىز مېنى دەپ شۇنچە يۈرەكلىك بىلەن بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپسىز ، بۇ پېشكەلچىلىكتىن قۇتۇلىشىڭىز بولاتتى ، — دې-دىم مەن ئازابلانغان ھالدا .

— بۇ سىزنىڭ يۈرەك سۆزىڭىزمۇ ؟
— ئەلۋەتتە ، مەن ھەرگىزمۇ سىزنى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرسەم بولمايدۇ .
— يۈرىكىمدىكى ئىچ - سىرلىرىمنىڭ ھەممىسى تۈگىمىدى . مەن داچىدىن ئايرىلىپلا ئۆزۈمنى « تازىمۇ بىر يارىماس ئادەمكەنمەن » دەپ تىللىدىم . ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق قارار چىقارغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم . ئارىسالدىلىق ئىچىدە قېشىڭىزغا كېلىپ ، ھەممىنى سىزگە ئىقرار قىلدىم . . — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا .
— كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم ، بىراق سىزنىڭ قارارىڭىزنى ئەيىبلىمەيمەن ، — دېدىم مەن ھېسداشلىق قىلىپ .
ئۇنىڭ تەرسالىقىدىن كۆڭلۈم دەككە - دۈككىگە چۈشتى .
— لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ پىلانىغا قارشى يول تۇتىمەن ، — دېدى ئۇلفان .
— ساراڭلىققۇ بۇ .
— ساراڭ بولسام بولمامدىمەن .
— بىرەر مۆجىزە يۈز بېرەرمىكىن دەپ ئويلىماڭ ، — دېدىم مەن يېنىنىش ئاھاڭىدا .
— نېمە بولسا بولمامدۇ !
— سىز پۇشايمان قىلىسىز .
— ياق ، مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايمەن .
— بىراق ، مەسىلىنى بۇنداق ئاددىي چاغلىسىڭىز بولمايدۇ .
— مەن چارىستانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ھەممىنى ئېيتىمەن ، — دېدى ئۇلفان ئورنىدىن تۇرۇپ .
— بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

— ئەمدى قارارىمدىن يانمايمەن ، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ .

## مۇھتاشىم زايىت

ئولفان كەتكەندىن كېيىن مەن چەكسىز غېرىبلىق ئىلكىدە قالدىم . مېنىڭ ۋە فاۋاس بىلەن سەرناننىڭ ئازابلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس . ئەمما ، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا يېڭىچە بىر دەۋرنى تېز كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى . ھەيرانمەن ، راندانغا نومۇس ۋە ئىززانى قايرىپ قويۇپ ، نەۋرەمنى ئاقلىغۇدەك جاسارەت نەدىن كەلدىكىن ؟ ھېلىمۇ ياخشى جەسەت تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن « ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن » دېگەن ھۆكۈم چىقىرىلدى . بۇ يىللارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ . نەۋرەم بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان كۈنلەرنى كۆرۈپ تۈرمىدىن چىقىدۇ . ئاشۇ يەردە كۆرگەن — بىلگەنلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بوران — چاپقۇنلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە ،مۇرادىغا يېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ . ئېھتىمال مەن ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەسمەن . ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ بۇ ئۆيدە ئۆزى چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن ئادەمى بىلەن ۋىسال تاپقان چاغدا ، مەن قارا تۇپراقنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بولىمەن . ئاھ ، پانىي ئالەم مېنى ئۆز قوينىدا بەكرەك ئۇزۇن تۇرغۇزۇۋەتكەنمىدۇ ؟ مەن ئولفاننىڭ ئىشىنى ئۇقۇشماستىن مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتىممىكىن ؟!

راست ، ئەمدى مېنىڭ شېرىن خىيالدىن ، ئۇمىددىن ۋاز كەچمەي سىرلىق بوشلۇقتا ئۆلمەس ئابىدە تىكلىگەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قېتىلىدىغان ۋاقتىم كەلگەن ئوخشايدۇ .

(« دۇنيا كلاسسىك پوۋېستلىرى خەزىنىسى » ناملىق خەنزۇچە مەجمۇئەنىڭ « ئەرەب ، ئافرىقا ئەسەرلىرى » تومىدىن تەرجىمە قىلىنغان . )

# مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى

## غالىي پروساند تەبرىيار ( ھىندىستان )

پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى

### 1 . پارسلار

ھىندىستاننىڭ داڭلىق شەھىرى ئاگرادا قەد كۆتۈرگەن مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى ئۈچ يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە . تا بۈگۈنگىچە ، ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ساياھەتچىلەر ھەر كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ بۇ مەقبەرىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشماقتا . بۇ تاۋاپچىلارنى قىزىقتۇرىدىغىنى مەقبەرىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈزەل تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە دۇنيادا جۈپتى يوق مېمارلىق ئابىدىسى ئىكەنلىكى بولۇپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى ، مەقبەرىنىڭ ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن خانىش مۇمتاج ماھال ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوردىسى ـــ پۈرەن قەلئەسىدە يۈز بەرگەن ، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلىق كەچۈرمىشلەردۇر . . .

بۇ ھېكايە ئون ئالتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ، يەنى ھىندىستان تارىختا ئەڭ گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋردە يۈز بەرگەن . ئەينى چاغدا ، ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى ئەكبەرشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى . دۆلەت چېگرىسى غەر-

بىي شىمال تەرەپتىن ھىندىقۇشقىچە سوزۇلغان بولۇپ ، ئەينى زا-ماندىكى كابولمۇ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇ-نىڭ نېرىسىغا ئۆتسە پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىدى . سودىگەرلەرنىڭ توختىماي قاتنىشى ئارقىسىدا ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ، ئىقتىساد مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانىدى . ئۇ چاغدىكى ھىندىستان باي ـ باياشات ، گۈللەپ ياشنىغان بىر دۆلەت ئىدى . شۇڭا ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ئائىلىسى بويىچە پۇل تېپىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كۆ-چۈپ كېلەتتى . جان بېقىشنىڭ بىرەر يولىنى تېپىۋالسا ، مەڭگۈ-لۈك ئولتۇراقلىشىپ قالاتتى . ھىندىستان سانسىزلىغان نامرات ، سەرگەردان ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى پاناھلىنىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

شۇ چاغلاردا ، پارستىن ھىندىستانغا كېلىپ ئولتۇراقلاش-قانلارنىڭ ئىچىدە غىياسىددىن بەگ ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى . ئۇ تېھرانلىق بولۇپ ، دادىسى ھەمزە مۇھەممەد شەرىف ئەينى چاغدىكى خۇراسان ئەمىرى مۇھەممەدخان داغۇرنىڭ ۋەزىرى ئىدى . مۇھەممەدخان داغۇر ئىستىداتلىق ھەم ئادىل ئەمىر بولۇپ ، ھەمزە مۇھەممەد شەرىف ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلات-تى . مۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەمزە مۇھەممەد شە-رىف خۇراساندىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ تېھرانغا كەلگەن ۋە تېھران پادىشاھى دىھاماسىب سافىلىنىڭ خىزمىتىدە بولغان . شۇ-نىڭدىن ئېتىبارەن ، ئۇ تېھراندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان . ئۇ ئوردى-دىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى يول ـ يولى بىلەن بىر تەرەپ قى-لىپ ئۆزى ، ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلغانلىقى ۋە شاھقا سا-دىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، تېھرانغا يېقىن يەزد شەھىرىگە ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن . شۇنىڭ بىلەن شەرىف

تېهراندىن يەزد شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە 1577 ـ يىلى ئا-
لەمدىن ئۆتكەن.

شەرىفنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئا-
غاداشىر، كىچىكىنىڭ ئىسمى غىياسىدىن بەگ ئىدى. دادىسى
ئۆلـگەندىن كېيىن ئاغاداشىر دادىسىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۆتكۈزۈۋال-
غان. ھوقۇق ـ مەنپەئەت، مال ـ مۈلۈك دەۋاسى ئاغا ـ ئىنى
ئىككىسىنى ياتلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاغاداشىر دادىسىدىن قالغان دۇن-
يانى ئۆزىلا يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ غىياس-
دىننى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان.

غىياسىدىننىڭ يا ھوقۇقى، يا پۇلى يوق بولۇپ، ئۆيدىن
ھەيدەپ چىقىرىلغاندا ھېچنېمىسى يوق يالاڭتۆش ئىدى. شۇڭا،
ئۇ جان بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرگە ئەگىشىپ تېھرانغا كەلدى.
ھەريان قاتراپ جان باققۇدەك ئىش تاپالمىغاچقا، تېھراندىن ئاي-
رىلىشقا مەجبۇر بولدى.

يولدا ئۇ ھىندىستانغا كېتىۋاتقان چوڭ كارۋانغا ئۇچراپ
قالدى. كارۋان بېشى سەردار مالىك مەسئۇد ئىسىملىك كىشى
ئىـدى. ئۇ چارمانشاھ ئىسىملىك سودىگەر ئارقىلىق كارۋان بېشى-
دىـن رەھىم ـ شەپقەت تىلەپ، ئۆزىنى ھىندىستانغا ئالغاچ كې-
تىشنى تىلىدى. كارۋان بېشى مەسئۇد ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆيدىن
قوغلاپ چىقارغان، بارار ـ تۇرار يېرىنىڭ تايىنى يوق بىر بىچارە
ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كارۋان سې-
پىگە قوشۇۋالدى.

ئۆيدىن قوغلانغان غىياسىدىن بويتاق ئەمەس، ئۇنىڭ ئا-
ئىشە ئىسىملىك ئايالى، ئاسىف، شاكىر ئىسىملىك ئىككى ئوغلى
بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە زېرىنە ئىسىملىك قىزىمۇ بار ئى-
دى. ئائىشە تولىمۇ گۈزەل چوكان ئىدى، ئەمما غىياسىدىننىڭ

www.uyghurkitap.com

نەزىرىدە ئۇ ئۇنىڭغا بەخت ئەمەس ، ئەكسىچە بەختسىزلىك ، ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەتتى .

كارۋان قەندەھارغا يېتىپ كەلگەندە ، غىياسىددىننىڭ ئايالى يەنە بىر قىز تۇغدى . تەتۈر قىسمەت ، نامراتلىق ، سەپەر جاپاسى ئۇنى بۇ بالىنى بېقىشقا ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . بالا ئىڭگىلەپ يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ ، ئۇ بۇ قىزنى يول ياقىسىغا تاشلاپ ماڭدى . ئەمما ، بالىدىن ئايرىلىش ئازابىغا چىدىمىغان ئانىنىڭ ئاھ - زارىغا چىدىماي يەنە كەينىگە قايتىپ قىزىنىڭ قېشىغا كەلدى .

ئۇ قىزنى تاشلاپ قويغان يەرگە كەلگەندە ، يۈز بەرگەن ئەھۋالغا قاراپ ياقىسىنى تۇتتى . غايەت زور بىر يىلان بوۋاقنى ئورىۋېلىپ ئۇنى قوغداۋاتاتتى . غىياسىددىننىڭ قىزىغا يېقىنلاشقىنىنى كۆرگەن يىلان ئاستا سوزۇلۇپ كېتىپ قالدى . ئۇ قىزنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كارۋان سېپىگە قايتتى ۋە قىزنى پەريادى تېخى بېسىلمىغان ئانىنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى . ئۇ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگىنىدە ، ئائىشە ھەم خۇشال ، ھەم ھەيران بولغان ھالدا قىزىنىڭ يۇمران مەڭزىگە سۆيۈپ قانمىدى . نامراتلىق ئېلىپ كەلگەن غەم - قايغۇنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇغان ئەر - خوتۇن قىزىنىڭ ساق - سالامەت تۇرغىنىدىن ۋە ئۇ ئۇچرىغان قىسمەتتىن چەكسىز سۆيۈندى . شۇنداق قىلىپ ، بىر ئائىلىدىكى ئالتە جان ئادەم سەپىرىنى داۋام قىلدى .

غىياسىددىن قىزىغا مېھرىنىسا دېگەن ئىسمنى قويدى . بۇ مېھرىنىسا كېيىن موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھى جاھانگىرشاھنىڭ ئامراق خوتۇنى نۇرجاھانغا ئايلاندى .

كارۋان قەندەھاردىن ئايرىلىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ھىندىقۇش ئېگىزلىكىنىڭ ئاغزىدىن ئۆتۈپ ، ھىندىستاننىڭ غەر-

بي شىمال چېگرىسىدىن ھىندىستان تەۋەسىگە كىردى .

كارۋان سېپىدىكى سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا سودا ـ سېتىق قىلغىلى قالدى ، بەزىلىرى لاھورغا قاراپ ماڭدى . مەسئۇدنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بولسا ئۇدۇل موغۇل ئىمپېراتورى ئەكبەرشاھنىڭ پايتەختى بولغان ئاگراغا قاراپ يول ئالدى . كارۋان بېشى مەسئۇد ھەققەتەنمۇ غىياسىدىننىڭ ئەڭ چوڭ شاپائەتچىسىگە ئايلاندى . ئۇ يول بويى ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ، ھېچنېمىنىڭ خىجالەتچىلىكىنى تارتقۇزمايلا قالماستىن ، بەلكى ئەكبەرشاھ بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا ، ئۇنى پادىشاھقا تونۇشتۇردى . چارمانشاھمۇ ئەكبەر شاھقا ئۇنىڭ سەمىمىي ، سادىق ھەم ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ، ئاكىسىنىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ئەكبەرشاھنىڭ ئەتراپىدا ئادەم كەمچىل بولغاچقا ، ئۇ غىياسىدىننى ئېلىپ قېلىپ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى بېجىرىدىغان بىر خىزمەتكە قويدى .

ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولغان غىياسىدىننىڭ خۇشلۇقى چەكسىز ئىدى . ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن شاپائىتىگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ، جان ـ دىلى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش نىيىتىگە كەلدى . گەرچە ، ئۇنىڭ ئەمىلىنى چوڭ بەگ ـ غوجىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ ، ئەمما كۈندىكى ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان ، تېھراندىكى قورسىقى تويغۇدەك تاماق كۆرمىگەن ئېچىنىشلىق كۈنلىرى كەلمەسكە كەتكەنىدى .

جاپانى يەتكۈچە تارتقان غىياسىدىن ھازىرقى كۈنلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىپ بەجانىدىل ئىشلىدى . ئۇنىڭ كارامەت ئىستىدات ئىگىسى بولۇپلا قالماي ، ئۆزىگە چەكسىز سادىقلىقىنى پەملىگەن

ئەكبەرشاھ ئۇنىڭغا مەرھەمىتىنى ياغدۇرۇپ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈردى. تېھراندىكى سەرگەردان ئەمدى موغۇل خانلىقىنىڭ ئەمەلدارىغا ئايلاندى.

## 2. شاھزادىنىڭ مۇھەببىتى

غىياسىدىن بەگ ئاگراغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كەتتى. كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى قەلبىگە پۈككەن غىياسىدىن بەگ موغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇ يەنە پارسلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئۆزگىچە يۇقىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كەلگەندى. ئۇ موغۇل خان ئوردىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر، سىرلىق ئىشلارنىڭ تېگىگە بارغانسېرى چوڭقۇر چۆكۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ بۇ يېڭى مۇھىتقا ئاستا ـ ئاستا كۆندۈردى.

ئەكبەرشاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇ يېڭىدىن بىنا قىلغان پايتەخت فەتھپۇر ـ سېكرى شەھىرىگە قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئۇ كونا پايتەخت ئاگرانى تاشلاپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت ھەيۋەتلىك يېڭى شەھەرنى بەرپا قىلدى. كونا پايتەخت ئاگرا بىر مەزگىل سۈيىقەستچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغان، ۋەتەن ئاسىيلىرى قارا نىيەت ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خانىداندا قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلغان. ئەكبەرشاھ شۇلاردىن نېرى تۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاگرا شەھىرىگە نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان سېكرى كەنتىدە يېڭى پايتەخت قۇرغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ بۇ يېڭى

پـايتەختكە فەتھپۇر ① ـ سىكرى دەپ نام بەردى . ئەكبەر شەھەر سىپىلىگە زەپەر دەرۋازىسى ئورناتتى . شەھەر ئىچىگە ھەشەمەتلىك ئوردا ـ ساراي ، ھەرەم ـ قەسىرلەر ، مەسچىت ـ گۈمبەزلەرنى سالدۇردى . بەش قەۋەتلىك ئىمارەت ئېگىزلىكىدە مەريەم كۆزەتخانىسى ۋە ھەيۋەتلىك جامە ياساتتى . بۇلاردىن باشقا يېقىن ۋەزىرلىرى بىر بال ، ئەبۇلفازىل ، فىشلارغا ئاتاپ خاتىرە ساراي سالدۇردى . بۇ قۇرۇلۇشلار تا ھازىرغىچە ئۆزگىچە ھۆنەر ـ سەنئەتى ، گۈزەل قىياپىتى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ تۇرماقتا . شۇنچە يىللاردىن بېرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەر بۇ جايلارنى تاۋاپ قىلماقتا .

گەرچە ئەكبەرشاھنىڭ خەزىنىسىدە پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقى ياتسىمۇ ، ئۇ بۇلارغا قانائەت قىلماس ئىدى . شـۇڭـا ، ھـەر ھـەپتىنىڭ ئاخىرى ئاگرادىكى خان سارىيى ــ پۈرەن قەلئەسىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شاھلىق بازىرى ئاچقاندى . بۇ بازار مەخسۇس ئەكبەرشاھ ۋە خان جەمەتىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى ئۈچۈنلا ئېچىلغاندى . ئەكبەرشاھ خان جەمەتى ۋە ئەمەلدار ـ بايلارنىڭ خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ بازارغا كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ ؛ بـازاردىكى بارلىق دۇكانلاردا خانىم ـ قىزلار مال ساتىدۇ ؛ بۇ بازاردا ھەممە ئايال چۈمپەردىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ ، دەپ قارار چىقارغاندى . ئەكبەرشاھنى خۇشال قىلىشنى بۇرچى ھېسابلايدىغان ساراي ئەھلى چىرايلىق قىزلارنى تاللاپ ، ئۇلارنى ياساپ ـ جابدۇپ دۇكانلارغا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان غۇنچىگە ئوخشاش نازاكەتلىك بۇ قىزلار ئەكبەر شاھنىڭ زوق ئېلىشى ئۈچۈن تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرىشاتتى .

---

①فەتھپۇر ــ زەپەر شەھىرى دېگەن مەنىدە .

بۇگۈن پەرىزاتلار يەر يۈزىگە چۈشكەندەك بىر كۈن بولدى .
خانىش — خان ئاغىچىلار كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ، بۇ
بازارغا يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېلىشتى . ئەكبەرشاھ
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ياشلىقىنىڭ باھالىغۇچىسىدەك
قىزلارنىڭ ھۆسنى ـ جامالىنى تاماشا قىلغاچ ، كۆڭلىگە چېكىت
ئۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . شاھلىق بازار قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن ،
ھەممە يەر دۇر ـ جاۋاھىرلارغا تولغان ، خۇشبۇي مۇشكى ـ ئەن-
بەرلەرنىڭ پۇرىقى دىماغنى ياراتتى . بۇ يەر قىزلارنىڭ ئۆز گۈ-
زەللىكىنى نامايان قىلىدىغان گۈلزارلىقتا ئايلانغانىدى . بەزى
قىزلار تولغان ساغرىلىرىنى تولغاپ چېكىپ دەسسەپ ماڭسا ،
بەزى قىزلار لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىلىرىنى توسۇش ھەلەكچى-
لىكىدە ئىدى . يەنە بەزى قىزلار نازۇك بارماقلىرى بىلەن چېكە-
سىگە چۈشۈپ قالغان چېكە چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ ، ئور-
غاقتەك قاشلىرى ، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى يەنىمۇ ئېنىقراق كۆرسى-
تىش كويىدا ئىدى . بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان كۆڭلەك كى-
يىپ ، بېشىغا نېپىز ياغلىق سالغان ، قۇلاق ـ بويۇن ، بىلەكلىرىگە
قىممەت باھالىق بېزەكلەر تاقىغان بۇ قىزلارنىڭ بەدىنىدىن گۈل-
لەرنىڭ ھىدى كەلسە ، پۇت بېغىشلىرىغا سېلىنىۋالغان كولدۇر-
مىلاردىن ياشلىق ناۋاسىغا تەڭكەش بولغاندەك يېقىملىق ھەم رى-
تىملىق سادا كېلەتتى . ئۇلار گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن
رەڭدار كېپىنەكلەردەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . تۇ-
رۇپلا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە زوقلانغاندەك قاراپ
قېلىشاتتى ـ دە ، دەرھال ئۆزلىرىنى تۈزەپ ، ھېچنېمە كۆرمىگەن-
دەك بەللىرىنى تولغاپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى ، تۇرۇپلا بارماقلىرىنى
چىشلەپ ، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇ ئىما قىلى-
شىپ ، سۈركىلىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈشۈپ كېتەتتى . مانا بۇ پۈتۈن

دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئەكبەر شاھ بازىرى ئىدى.

غىياسىددىن بەگ ئوردىدىكى خىزمەتلەرنى سەممىي ــ سادىقلىق بىلەن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئىشلىگەچكە، ئەكبەر شاھ ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى ئىدى. ئۇ سادىقلىقى ۋە تالانتىغا تايىنىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا باش غوجىدار بولدى. قىسقىسى، قانداقلىكى ۋەزىپە ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلسا، ئۇ كۆڭۈل تىنغۇدەك ئادا قىلاتتى. ئۇ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى، شېئىر، خۇشخەت ماھىرى ئىدى. ئادەملەرگىمۇ ئوچۇق ــ يورۇق، سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى.

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاسىف ئۆي ــ ئوچاقلىق بولغان، ئوردىدا ئەمەل تۇتقانىدى. كىچىك ئوغلى شاكىر پارس خانىنىڭ قېشىدا خىزمەتتە ئىدى. چوڭ قىزى زېرىنە ئەرگە تەگكەن، پەنجاپلىق سەركەردە ئېرى بىلەن بىللە لاھوردا تۇراتتى. كىچىك قىزى مېھرىنسا بالاغەتكە يەتكەن، ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىدەك ھۆسنىگە تولغانىدى، پۈتۈن تۇرقىدىن ياشلىق نۇرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. غىياسىددىن بەگنىڭ ئائىلە مىزانى بويىچە، ئۇ ئەمدى ياتلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى.

قەپەستىكى قۇشتەك قانات ــ قۇيرۇقى بوغۇشلانغان مېھرىنسا ئەتىدىن ــ كەچكىچە غەمكىن يۈرەتتى. دادىسى شاھ سارىيىغا كەتكەن، ئانىسى تەگتۈش خېنىملار بىلەن مۇڭداشقىلى چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، مېھرىنسانى ئېيتقۇسىز غېرىبلىق باساتتى. ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇپ، كەشتە تىكىپ باقاتتى، ئەمما ھېچبىرىگە دىققىتىنى يىغالمايتتى، نامەلۇم بىر تىت ــ تىتچىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى.

ئۇ بۇ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا زادى چىدىيالمىغان چاغلىرىدا، ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپلا ئاكىسى ئاسىفنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئا-

سىڧىنىڭ ئايالى موغۇل خانلىقىدىكى بىر ۋەزىرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاجۇمەند بانۇ ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى يىراق بولمىغاچقا، مېھرىنىسا بانۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا شاھزادە بىلەن ساھىبجاماللار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مېھرىنىسا تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي قىز بولۇپ، بانۇ ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتى.

ئوردىدا بىرەر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلسە، ئەكبەر شاھ غىياسىدىن بەگ ئائىلىسىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلاتتى. شۇڭا، مېھرىنىسامۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ شاھ ھەرەملىرىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم ئۇ دۇر - جاۋاھىرلار ئىچىدە باي - باياشات ياشاۋاتقان خانىش - مەلىكىلەرنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز ئۇلار بىلەن گۈزەللىك تالاشقۇسى كېلىپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن چەندان گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇلاردا بار قىممەت باھالىق بېزەكلەر، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەر، شاھ ئائىلىسىگە خاس سالاپەت ۋە ھەممىگە قادىر ھوقۇقنىڭ ئۆزىدە يوقلۇقىنى ئويلىغىنىدا ھەسەت ئوتلىرى ئىچىنى ئۆرتەيتتى. مۇراسىم باشلىنىپ پادىشاھ خانىشى بىلەن كىرىپ كەلگەندە، ئىككى چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئوردا ئەھلى بېشى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شاھ ۋە خانىش شەنىگە ھەمدۇ سانالار ئوقۇيتتى. مېھرىنىسامۇ بەگ - غوجا قىزلىرىنىڭ قاتارىدا تەزىم بەجا كەلتۈرگەچ ئىچىدە: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ مۇشۇنداق سەلتەنەت ئىگىسىگە ئايلانسام - ھە...» دەپ ئويلايتتى - دە، ئۆزىنى خانىش قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شېرىن خىيالىدىن مەست بولۇپ كېتەتتى.

ياش ھەم گۈزەل مېھرىنىسانىڭ قەلبى گۈزەل ئارزۇ - ئار-

مانىلىرىنىڭ ئىستىكىدە ئوت بولۇپ ياناتتى . بۇ جەھەتتە ئۇ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايتتى . ئۇ شان ـ شۆھرەتكە ، نام ـ ئاتاققا ھېرىس ئىدى .

مانا بۈگۈنمۇ ئۇ شاھ سارىيىدىكى بەزمىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۈششۈك تەگكەن غۇنچىدەك تۈگۈلۈپلا قالدى . ئۇ بىردىنبىر چىرايلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ھۇجرىسىغا كىردى . ئەينەكتىكى پەرق ئۇرۇپ ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك ھۆسنىنى كۆرگەندە ، ئۆز ـ ئۆزىگە مەستلىكى كېلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . ئۇنىڭ دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزنى ئەسلىتىدىغان قارا چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلغان ، ھېسسىياتقا باي ئويناق كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ، گىلاستەك قىزىل نېپىز لەۋلىرى لەئلى تاشتەك سۈزۈك چىرايىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كۆكسىمۇ تولۇپ ، خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى ، ھەربىر نەپسىدىن ياشلىق باھارىنىڭ ئوت يالقۇنى ئۇرغۇپ تۇراتتى . بۇ خۇشاللىق ، سۆيۈنۈش ئۇزۇنغا بارمىدى . ئۆزى بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق چىرايلىق بولغان بىلەنمۇ ، چىرايىدىن باشقا جەھەتلەردە مەلىكىلەردىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغىنىنى ئويلاپ ، ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى ، ئارقىدىنلا تىلىگىنىمگە چوقۇم يېتىمەن ، دەپ نىيەت قىلدى . دەل شۇ چاغدا ، ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ خىيال يىپى ئۈزۈلدى . ئۇ مىسكىنلىككە تولغان ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى . قىزىنىڭ مەيۈس قىياپىتىنى كۆرگەن ئانا يۈرىكى ئاغرىغان ھالدا :

— قىزىم ، يالغۇز ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ غەمكىن يۈرسەڭ سالامەتلىكىڭدىن ئايرىلىسەن . كەچكىچە مۈكۈنۈپ يۈرگىنىڭ نېمىسى ؟ ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرمەمسەن . ئەرگە تەگكىنىڭدىن كېيىن ھېچ ئىش ئۆز ئىختىيارىڭدا بولمايدۇ ، ھەممە ئىشتا ئېرىڭ-

نىڭ رايىغا باقىدىغان گەپ . قىز بالا دېگەن شۇنداق يارىلىپ قاپتىكەن . . . — دېدى .

ھىندىستاننىڭ نويابىر كۈنلىرى كۈندۈز تولىمۇ قىسقا بولۇپ ، سالقىن غەربىي شىمال شامىلى توختىماي چىقىپ تۇراتتى . بىر كۈنى ، مېھرىنىسا بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بېرىپ ، نامازشام ئارا بانۇ بىلەن ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى . چوڭ يولغا چىقىپ بىردەمدىن كېيىنلا يىراقتىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئۇپۇر — تۇپۇرى ئاڭلاندى . مېھرىنىسا ئۇچىسىغا پەرىجە ئارتىپ ، يۈزىگە چۈمبەل سالغان ، بانۇ شارۋار ئىشتان بىلەن كالتە كەمزۇل كىيىۋالغانىدى . موھۇل خانلىقىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن مېھرىنىسا قورققىنىدىن بانۇنىڭ قولىدىن تارتىپلا يول بويىدىكى ئەسكى ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى . كۆزىنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە يېتىپ كەلگەن ئاتلىقلار گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى . ئاتلىقلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ ، دەپ ئويلىغان مېھرىنىسا بانۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ خاتىرجەم ماڭدى . ئويلىمىغان يەردىن ، چېپىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئاتلىق كۆرۈندى . بۇ چەۋەنداز يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەخىرامان كېتىۋاتقان ئىككى قىزنى كۆرۈپ ، شامالدەك تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . قىزلار ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىشقىلى قالدى . غەزەپ ئاچچىقى كەلگەن چەۋەنداز ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى — دە ، مېھرىنىساغا ۋارقىراپ كەتتى :

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ؟ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟

قورقۇپ كەتكەن مېھرىنىسانىڭ تىلى گەپكە كەلمىدى . ئۇ چۈمبەل ئىچىدىن ئۆزگىچە سالاپەتكە ئىگە بۇ چەۋەندازغا سەپسالدى . ئۇنىڭ تەقى — تۇرقى ، كىيىم — كېچەكلىرىدىن خانلىقنىڭ



www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئادىمى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇرغىنىنى كۆرگەن چەۋەنداز :

— مەيلى ، گەپ قىلىشنى خالىمىساڭ ، مەن بۇ قىزنى ئاپىرىپ پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرەي ، ئۇ نېمە قىلسا قىلسۇن . . . — دېدى ـ دە ، بانۇنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئاتقا ئارتىشقا تەمشەلدى .

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان مېھرىنىسا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى . ناتونۇش بىر قىزنىڭ قولىنىڭ قولىغا تېگىشى ئۇنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى ، ئۇ بانۇنى يەرگە قويدى ، مېھرىنىسامۇ قولىنى چۇشۇردى . چەۋەنداز ئېغىز ئاچاي ، دەپ تۇرۇشىغا بىر توپ ئاتلىق كەينىگە يېنىپ كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى .

— مىڭبېشى ، ئەسكەرلەرنى باشلاپ يول ئېچىپ تۇرۇڭلار . مەن كەينىڭلاردىنلا يېتىپ بارىمەن ، — دېدى ھېلىقى چەۋەنداز .

— باش ئۈستىگە ، شاھزادە ئالىيلىرى ، — دېدى مىڭبېشى تەزىم قىلىپ ، ئاندىن ئاتلىقلارنى كەينىگە سېلىپ چېپىپ كەتتى .

— ئىسمىڭىز نېمە ؟ — دەپ سورىدى شاھزادە بانۇدىن .

— ئىسمىم بانۇ ، ئاجۇمەند بانۇ ، — زىل قوڭغۇراقتەك ئاۋازدا جاۋاب بەردى بانۇ .

— بۇ كىم ؟

— ھامما ئاچام .

بايىقى ئاتلىقنىڭ بۇ چەۋەندازنى شاھزادە ، دېگىنىنى ئاڭلىغان مېھرىنىسا ئىچىدە ، ئۇ شاھزادە بولسا ئارتۇق گەپ قىلماي يولىمىزغا ماڭغىنىمىز تۈزۈك ، بولمىسا بالاغا قالىمىز ، دەپ ئويلىدى . شاھزادە بانۇدىن يەنە گەپ سورىماقچى بولۇۋىدى ، مېھرىنىسا بانۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ كېتىپ

قالدى . شاھزادە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئېتىغا مىنىپ قامچا ئۇردى .

مېھرىنىسا قورقۇپ ، جېنى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغانىدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، كېلىشكەن چەۋەندازنىڭ قولىغا قولى تەگكىنىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى خۇشال تىپىچەكلەپ كېتەتتى . يات ئەر كەكىنىڭ قولى تۇنجى قېتىم قولىغا تەگكەن ، يەنە كېلىپ ئۇ بىر شاھزادىنىڭ قولى تۇرسا ئۇنىڭ تەن ـ جېنى ئەلۋەتتە ياپراپدۇ ـ دە ! ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن چېغىدىمۇ ھاياجاندىن تەپچىرەپ چىققان تەر تامچىلىرى پېشانىسىدە يالتىرايتتى .

نەچچە ئايدىن كېيىن ئەكبەرشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئوردىدا توققۇز كېچە ـ كۈندۈز مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى . باي ـ غوجىلار ، ئەمەلدار ـ تۆرىلەر ئاۋام خەلققە ۋاكالىتەن مەرىكىگە قاتناشتى . غىياسىدىن بەگمۇ ئائىلى بىلەن قىزى مېھرىنىسانى ئېلىپ مەرىكىگە باردى . ئۆزى ئەر مېھمانلار قاتارىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى . قىزى بىلەن ئائىلىنى خانىش ، مەلىكىلەر قاتارىغا ئالدى . بىردەمدىن كېيىن چوكلار ئۆز پارىكىغا چۈشۈپ كەتكەندە ، مېھرىنىسا تەكتۇشلىرى بىلەن ئويۇنغا چۈشتى .

تەبرىكلەش مۇراسىمى تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتۈۋاتاتتى . مەلىكىلەر بىلەن مېھرىنىسا قارىغۇ مۈشۈك ، چاشقان ئويۇنىنى ئوينىدى . نۆۋەت مېھرىنىساغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ كۆزى بىر پارچە لاتا بىلەن ئېتىپ قويۇلدى . قىزلار : « مانا مەن ! » ، « مانا مەن ! » دېگىنىچە ھەر تەرەپكە قاچاتتى . كۆزى باغلانغان مېھرىنىسا قايسى تەرەپتىن ئاۋاز كەلسە ، شۇ تەرەپكە قوللىرىنى سوزغىنىچە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ، بۇ يەردىن شاھزادە سەلىم ئۆتۈپ قالدى . قىزلار جىمجىتلىقنى يول بوشاتتى . ھېچنېمىدىن بىخەۋەر مېھرىنىسا بىلەكلىرىنى كەرگىنىچە كېلىپلا شاھزادە سە-

لىمنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى . ئۇ بىرنېمە دەي ، دەپ تۇرۇشىغا بىر قىز ئاستاغىنا :

— ئېھتىيات قىلىڭ ، ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن ، تۇتۇۋالغىنىڭىز شاھزادە سەلىم ! — دېدى .

ئۆزىنىڭ شاھزادىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغىنىنى ئاڭلىغان مېھرىنسا ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپ ، كۆزىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىپلا بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي قېچىپ كەتتى .

سەلىم يېنىدىكى قورۇقچىسىدىن :

— بۇ قىز كىم ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالىيلىرى ، ئۇ غىياسىدىن بەگنىڭ قىزى .

— پەرىزاتكەنغۇ ئۇ ! — شاھزادە خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك تا ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى .

بىر كۈنى ، سەلىم بىر باھانىلەر بىلەن غىياسىدىنىنىڭ ئۆيىگە باردى . شاھزادىنىڭ مۇبارەكقەدىمىنىڭ ئۆيىگە يەتكىنىدىن ھەيرەتتە قالغان ئائىشە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . ئۇ دەرھال مېھرىنسانى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا بۇ ئېسىلزادە مېھماننى ئوبدانراق كۈتۈشنى تاپىلىدى ، قايسى كۈنى چوڭ يولدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بەرگەن كىشىنىڭ دەل مۇشۇ شاھزادە ئىكەنلىكىنى مېھرىنسا بىر قاراپلا بىلىۋالدى . ئۇ شاھزادىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېھمانخانا ئۆيىگە باشلىدى . ئۇ بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتەي ، دەپ تۇرۇشىغا ، شاھزادە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان گۈزەل ھۆسنىگە تىكىلىپ تۇرۇپ :

— نەگە بارىسىز ؟ — دېدى .

شاھزادىنىڭ تۇيۇقسىز ھەرىكىتىدىن ھەم خۇشال بولغان ، ھەم ئۇيالغان مېھرىنسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .

— ئالىيلىرىغا چاي دەملەپ كىرەي دېۋىدىم ، — يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، چىرايىنى خىجىللىق قاپلىغان مېھرىنسا ئاران مۇشۇ گەپنى قىلالىدى . ئۇنىڭ قولى تېخىچە شاهزادىنىڭ ئالقىنىدا ئىدى .

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس ، سىز بىلەن بىردەم گەپلىشۋالاي .

سەلىم مېھرىنسانى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، ئىشق - مۇھەببەتنى قىلچمۇ يوشۇرماستىن ئىزهار قىلدى . مېھرىنسا خان سارىيىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە سەلتەنىتىگە ئەزەلدىن ھەۋەس قىلاتتى . يەنە كېلىپ سەلىمنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە ، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئاشىقلىقىغا قاراپ ، ئۇمۇ شاهزادىگە كۆڭۈل بەردى .

شۇ كۈنىدىن كېيىن ئىككىسى پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى . دەسلەپكى ئۇچرىششلار سەلىم شاهزادە ئۈچۈن كۆڭۈل خۇشى بولسىمۇ ، ئەمما مېھرىنسا بىلەن ئۇچرىششى كۆپەيگەنسېرى ، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاپ بىقارارلىق دەرىجىسىگە يەتتى .

بىر كۈنى ، پۈرەن قەلئەسىدە يەنە خانلىق بازار بولدى . بۇ بازار كۈنىگە ئەكبەرشاھ ئالاھىدە تەييارلىق كۆردى . بۇ ئۇنىڭ ۋە خانىش - ئاغىچىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان يېرى ئىدى . چۈنكى ، سۈيىقەستچىلەرنىڭ قەست قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ ، ئۇ ئاگرا شەھىرىدە خالىغانچە ئايلىنىپ يۈرەلمەيتتى . ئادەم بولغاندىكىن ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ مۇھەببەت - نەپرەت ، دوستلۇق ۋە خۇشاللىق تەك ھۆكۈم سۈرەتتى . پەقەت ھەپتىدە بىر كېلىدىغان مۇشۇ بازار كۈنىدىلا ئۇ تۇگىمەس ئورۇدا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ ، ئەركىن - ئازادە يۈرەلەيتتى . پەقەت مۇشۇ كۈنىلا ئۇ ئاددىي ئادەم

سۈپىتىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلالايتتى.

ئەكبەرشاھ بىلەن بىللە ۋەلىئەھدى سەلىممۇ بار ئىدى. ئۇ دادىسى بىلەن بىردەم بىللە ئايلىنىپلا، غىپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ بىر جۈپ كەپتەرنى تۇتقان ھالدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇساتتىن، ئۇنىڭ كۆزى تەشتەك، قۇتىلار تىزىلغان دۇكاننىڭ قېشىدا تۇرغان مېھرىنساغا چۈشتى ـ دە، خۇشاللىقىدىن نەچچە ئاتلاپلا ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان شاھزادىنى كۆرگەن مېھرىنسا قورققانلىقىدىنمۇ ياكى ئىزا تارتقىنىدىنمۇ، ئىشقىلىپ شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن پەرىجە ـ چۈمبىلىنى ئارتماي چىققاچقا، ئايدەك جامالى بىلەن لالىدەك قامىتى ئادەمنى تېخىمۇ ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇ سەلىمنىڭ ئۆزىدىن سورىغان سوئاللىرىغا «ھەئە»، «ياق» تىن باشقا جاۋاب بېرەلمەيتتى. شۇ ئەسنادا، سەلىم شاھ ئاتىسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە قولىدىكى كەپتەرلەرنى مېھرىنسانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا تىكىۋەتتى. ئەكبەر شاھ رەڭمۇرەڭ بېزەلگەن دۇكانلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قىزلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بەزى دۇكانلارغا كىرىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن سەلىم مۆكۈۋالغان يېرىدىن چىقىپ يەنە مېھرىنسانىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا پەقەت بىر دانىلا كەپتەر تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

— يەنە بىرى قېنى؟

— ئۇچۇپ كەتتى، — مېھرىنسا ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى.

— قانداق ئۇچۇپ كەتتى؟ — سەلىم يەنە سورىدى.

— مانا مۇشۇنداق ئۇچۇپ كەتتى، — مېھرىنسا شۇ گەپ

بىلەن تەڭ قولىدىكى كەپتەرنىمۇ قويۇۋەتتى .

ئۇنىڭ سەبىي ، تاتلىق قىلىقىنى كۆرگەن سەلىمنىڭ يۈ-رىكى پىژىلداپ كۆيدى . ئۇ ئۇنىڭغا بىرنېمە دەي ، دەپ تۇرۇشى-غا ، قىرىشقاندەك بىر قىز كېلىپ مېھرىنسانى باشلاپ كەتتى .

خانلىق بازاردىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن سەلىم مېھرىنسانى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە مۇھەببەت قويۇپ مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرۈشلىرىنى بىر مەزگىل ھېچكىم سەزمىگەن بولسى-مۇ ، ئاخىر يەنىلا ئاشكارىلىنىپ قالدى . ئەكبەرشاھ ئايغاقچىلىرى-دىن ئوغلىنىڭ مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى . ئۇ ئادەتتىكى بىر ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ كەلگۈسىدە موغۇل ئىمپېرى-يىسىنىڭ خانىشى بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى . شۇڭى-نىسى ، سەلىم ئۇنىڭ بىر تاللا يۈرەك پارىسى بولغاچقا ، ئۇنى ئە-يىبلەشكە ياكى تەقىب ئاستىغا ئېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى . جىق باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن ئاخىر ئۇ قىزنىڭ دادىسىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ كەلدى ۋە قىزنى ئاگرادىن يىراق بىرەر يۇرتقا ئەرگە بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدى . غىياسىدىن بەگ ھازىرچە ئېپىدە لايىقنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىۋىدى ، ئەكبەرشاھ :

— ئۇنداق بولسا ، بۇ توي ئىشىنى مەن ئويلىشاي ، سىز بىرىپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، — دېدى .

پادىشاھنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگىنىنى سەزگەن غىياسى-دىن بەگ ، شاھ ئەمرىنى قوبۇل قىلدى .

ئەكبەرشاھنىڭ ئويىچە ، سەلىم تەخت ۋارىسى بولسىمۇ ، تېخى ياش ، نادان ئىدى . ياشلىق باھارىنىڭ ئۇرغۇشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن پات - پات مۇھەببەت پىراقلىرى يېنىپ تۇراتتى . ياش ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ يەڭگىل-

تـەك كېلىدىغانلىقى ، قىزىپ كەتكەندە دېمەسلىككە تېگىشلىك گـەپ ـ سۆزلەرنى دەپ سېلىپ ، قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . بىرلا يېرى ، مېھرىنسا- نـىڭ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن سەلىمنىڭ ئۆزىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ئۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ ، ئاخىر راجـە مەن سىنخنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ئۆز خىيالىنى ئېيتتى . ئۇ- نىڭغا ، چېگرىدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىش باھانىسى بىلەن ئۇنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى . ئەتىسى مەن سىنخ سەلىم بىلەن بىللە چېگرىغا لەشكەر تارتتى .

سەلىم دادىسىنىڭ ئۆزى يولغا چىققان كۈنىلا ئەلىقۇلنى ھـۇزۇرىغا چاقىرىپ ، ئۇنى مېھرىنساغا ئۆيلىنىشكە بۇيرۇيدىغانلىـ- قىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . ئەلىقۇل پېرىسىيىلىك بولۇپ ، باللىقىدا ئۇنى پارس شاھى ئىسمائىل II بېقىۋالغان ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ھىندىستانغا كەلگەن . ئۇ لاھـورغا كەلگەندە ، بۇ يەردە توختاپ ئۆتمەكچى بولغان ئەكبەر- شـاھقا ئۇچراپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇ- نىڭدىن خىزمەت تەلەپ قىلغان . ئەكبەرشاھ ئۇنى قېشىدا ئېلىپ قالغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، ئەلىقۇل ئەكبەر شاھقا سەممىي ـ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ، ئەكبەرشاھمۇ ئۇنى ئەڭ يېقىن ئادەملـىرى قاتارىغا ئالغانىدى . ئەلىقۇل بىلەن مېھرىنسا توي قىلـ- غاندىن كېيىن ئەكبەرشاھ ئۇلارنى ئاگرادىن يىراق بىرەر جايغا ئېۋەتىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلى- قۇل بېنگالىغا بەگ قىلىپ ئەۋەتىلدى .

موغۇل خانلىقىدا ، كۆچلەرنىڭ تەگپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ، شاھ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئورگانلىرىدىكى ۋەزىر ، سەر- كەردىلەرنى شاھمات ئۇرۇقى ئورنىدا يۆتكەپ ئىشلىتەتتى . ئۇ-

نىڭدىن باشقا، خانىدانغا قاراشلىق ۋەزىر ياكى بەگلەر، تۆرە پەر-زەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشىنى پادىشاھنىڭ ئىجازىتىسىز قىلالمايتتى. پادىشاھ قانداق ئورۇنلاشتۇرسا ئۇلارغا ئەلھۆكمىلىللا دېيىشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇڭا، سەلىم شاھزادىنى چىن كۆڭلى-دىن ياخشى كۆرگەن مېھرىنسامۇ شاھ ئەمرىنى ۋاجىپ، دەپ بى-لىپ، ئۆزى سۆيمەيدىغان ئەلقۇل بىلەن بىللە ئاگرادىن ھەسرەت بىلەن ئايرىلدى.

## 3. ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش

ئادەمزاتسىز چۆل چېگرىدا سەلىم شاھزادىنىڭ ئىچى بەكمۇ سىقىلدى. جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ ئۇ مېھرىنسانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ يۈردى. ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتقان سەلىمنىڭ قانات ياساپ ئۇچۇپ ئۇنىڭ قېشىغا چۈشكۈسى كې-لەتتى. ئەمما، شاھلىقنىڭ مۇشكۈل ۋەزىپىسى يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغاچقا، ئارمىنى ئارمان پېتى قېلىۋەردى.

شاھزادە سەلىم جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ، ئاخىر ئاگراغا قايتتى. مېھرىنسا بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى ھەربىر خىيالىغا كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى شوخ تېپىچەكلەيتتى. خانلىق بازاردا مېھرىنسا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چېغىنى ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلار، دەپ بىلەتتى. ئەمما ئۇ مېھرىنسانىڭ توي قىلىپ يىراق بېنگالغا كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا، بىرى بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، يۈرىكى پى-چاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

ياش شاھزادە مۇھەببەتتە تۇنجى زەربىگە ئۇچرىدى. مو-غۇل خانلىقىنىڭ قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان تەخت

ۋارىسى تۇرۇپ ، سۆيگەن يارىغا ئېرىشەلمىگىنى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى . مېھرىنىسانى ئەلىقۇلىغا زورلاپ ئېلىپ بەرگەن كىشى-نىڭ باشقا ئادەم ئەمەس ، بەلكى شاھ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ، ئۇنىڭ غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدى ، يۈرىكىدە ئاتى-سىغا قارشى غەليان قوزغالدى . سەلىم يۈرىكىدىكى ئازابنى بېسىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەجۇن ، هاراق ، ئەپيۇنغا ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى .

ئەكبەرشاھ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئوغلىغا كۆپ نەسىھەت قىلدى . ئەمما ، سەلىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتتىگمۇ ئېلىپ قويمىدى . بولمىغان يېرىگە كەلگەندە ، ئەكبەر شاھ دۆلەت سوراشتەك چوڭ هوقۇقنى سەلىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، بۈيۈك ھەم ئېغىر مەجبۇرىيەتنى ئارتىش ئارقىلىق ئۇنى تىزگىنلىمەكچى بولدى . ئەمما ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتتى .

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بىر ئىش ئىدى . يەر ـ جاھاننى بويسۇندۇرغان شۇنچە قۇدرەتلىك شاھ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئۆزى تىلەپ تاپقان پەرزەنتىنى ئىزىغا سالالمايۋاتاتتى ، شۇنداق قۇدرەتلىك پادىشاھلىقنىڭ ۋارىسى بولغان بىر شاھزادە سۆيگەن قىزىغا ئىگە بولالمىغانىدى .

مايىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئەزىز چوڭ بولغان سەلىم تېخى يېقىنغىچە نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشىدىغىنىغا قەتئىي ئىشىنىپ كەلگەن ، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتكىنىنى سەزدى . بەزىدە ئۇ شاھ ئاتىسى ئۇلۇغ ئەكبەر شاھنىڭ ئۆزىنى مەشۇقىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىگە ئى-شەنگۈسى كەلمەي قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا ، ئۇنىڭ ئېسىگە با-لىلىق چاغلىرى ، شاھ ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن « شەيخ » دەپ ئەركىلىتىشلىرى كېلىۋالاتتى . « شەيخ » ئۇنىڭ

بالىلىق چېغىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى ئىدى.

سەلىمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىدە بەكمۇ قىزىقارلىق ھېكايە بار. ئەكبەر شاھ تويى قىلىپ نەچچە يىللارغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن. ئۇ تەختكە چىققىنىغا ئون ئۈچ يىل بولدى دېگەندە خانىش جاد ھەبەي ئېغىر بوي بولغان. ئەكبەر شاھ تەقدىر ـ قىسمەتكە ۋە خۇداغا ئىشىنىدىغان پادىشاھ بولغاچقا، ئايالىنىڭ ئىككى قات ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ فەتىھپۇر ـ سىكرىگە بېرىپ، داڭقى بار ئۆلىما، شەيخ سەلىمگە تاۋاپ قىلغان ۋە ئاللادىن بىر ئوغۇل پەرزەنت تىلىگەن. ئەكبەر شاھنىڭ تەلىيىگە، مىلادى 1569 ـ يىلى خانىش پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇغقان. ئەكبەر شاھ سەلىم شەيخكە بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوغلىغا ئۇنىڭ ئىسمىنى قويغان. ئۇ ئوغلى ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن. سەلىم كارامەت ئەتتىۋارلىق چوڭ بولغان. ئەكبەر شاھ شەيخ سەلىمگە بولغان سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سەلىمنى ئەركىلىتىپ «شەيخ» دەپ ئاتىغان.

ئەكبەر شاھ ئوغلىنى ئىستىبداتلىق ئىز باسار، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ بار ھۆكۈمران قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىتابىي بىلىملەرنى بەرگەندىن سىرت ھەربىي، سىياسىي بىلىملەرنىمۇ ئۆگەتكەن. ئەمما، راھەت ئىچىدە ياشاپ كۆنۈپ قالغان سەلىم جاپا چېكىپ چېنىقىشنى خالىمايتتى. ئەكبەر شاھ بىلىم ـ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئابدۇرەھىم خانىخانىنى سەلىمنىڭ ھامىيىسى ۋە ئۇستازى قىلىپ بەلگىلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەلىم پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدى. ئەكبەر شاھ ئوغلىنىڭ بەكمۇ ئىشقىۋاز چوڭ بولغىنىغا قاراپ 1584 ـ يىلى ئۇنىڭغا بىھاگۋەن داسنىڭ قىزى مەن بەيىنى ئېلىپ بەردى. مەن بەي سەلىمگە خۇسراۋ ئىـ

سىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. 1585 ـ يىلى سەلىم يەنە راجە بھاردىمالنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى.

ئاتاقلىق زەردار ئائىلىلەرنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ سەلىمنىڭ گۈزەل ئاياللارغا بولغان مەپتۇنلۇقى ئاشسا ئاشتىكى، كېمەيمىدى. سەلىم گۈزەل ئاياللار قايىنمىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر چاغدا مېھرىنسانى ئۇچراتتى ۋە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك باغلىنىپ قالدى. بۇ باغلىنىش بىرىپ ـ بىرىپ بىغى ئۈزۈلمەس مۇھەببەتكە ئايلانغانىدى.

ئاگراغا قايتىپ دادىسىنىڭ مېھرىنسانى زورلاپ ئەرگە بېرىپ يىراق ئەلگە كەتكۈزۈۋەتكىنىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن سەلىم ئاخىر دادىسىغا قارشى تۇغ كۆتۈردى. شۇ زاماندىكى داڭلىق تارىخچى بەدەئۇنى ئۇنى ئاستىرتىن كۈشكۈرتتى. ئەمما، سەلىمنىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولدى. مەغلۇبىيەت سەلىمنى سەل پەسكويغا چۈشۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەليان تېخى بېسىقمىغان، قىساس ئوتلىرى تېخى ئۆچمىگەنىدى. مىلادى 1599 ـ يىلى ئەكبەر شاھ جەنۇبقا لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا، ھىندىستاننىڭ شىمالىنى باشقۇرۇشتەك چوڭ ھوقۇقنى سەلىمگە تاپشۇرۇپ بەردى. شاھ ئاتىسىنىڭ يوق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۇغ ـ ئەلەم تىكلەپ ئۆزىنى شاھ ئاتاش نىيىتىگە كەلگەن سەلىم يەنە بىر قېتىم شاھ ئاتىسىغا قارشى قوزغالدى. ئۇ ئاگرا شەھىرىنى قولغا ئالماقچى بولۇۋىدى، لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھئابادقا قېچىپ بېرىۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

ئۇ چاغدا، ئەكبەر شاھ جەنۇبىي ھىندىستاندىكى كانتېيىسگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. سەلىمنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆزىگە قارشى قوشۇن قۇرغىنىنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق ئازابلاندى.

1601 ـ يىلى ئاخداناگېر ، پالار ، كانتېيس قاتارلىق جابلاردا زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىسيانكار ئوغلىنىڭ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى . سەلىم تەخت ۋارىسى تۇرۇپمۇ شاھ ئاتىسىنى تەختتىن تارتىپ چۈشۈرۈشكە ئالدىراپ كەتكەنىدى . ئەكبەرشاھ ئۇنىڭغا قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، سەلىم ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ ئاگراغا كىردى . ئەكبەر-شاھ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنىمۇ ، ئەسكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىشنىمۇ رەت قىلدى . تەلپىكى يەرگە چۈشكەن سەلىم ئامالسىز يەنە ئاللاھئابادقا قايتىپ كەتتى .

سەلىم شۇنچىلىك ئاسىي ـ گۇناھكار بولسىمۇ ، ئەكبەرشاھ يەنىلا ئۇنى سۆيەتتى . ئۇ ئوغلىنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋەزىرى ئابۇفازىلنى جەنۇبتىن چاقىرتىپ كې-لىپ ، سەلىمنى يامان نىيەتتىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھئابادقا ئەۋەتتى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەلىم بەكمۇ قورقتى ۋە ئەبۇفا-زىل ئاللاھئابادقا كەلگۈچە ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى .

1602 ـ يىلى سەلىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئەبۇفازىلنى ئاللاھئابادقا كېلىۋاتقان سەپىرىدە قەتلى قىلدى . ئەكبەرشاھ ئۆز قول ۋەزىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى ۋە ھەسرەت بىلەن :

ـــ شاھزادىنىڭ تەختكە چىقىش نىيىتى بولسا مېنىلا ئۆل-تۈرۈۋەتسە بولماسمىدى ، ـــ دېدى .

بۇ ئىش شاھنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى ھەم سالامەتلىكى-گىمۇ تەسىر قىلدى . خانلىقنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرى بولغان ۋەزىرلىرى ، يېقىن دوستلىرى ئۇ ـ بۇ سەۋەبلەر بىلەن قارا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى . ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئەبۇفازىلمۇ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنى تاشلاپ كەتتى. بۇ روھىي زەربىنى ئۇ كۆتۈرەلمىدى، تېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. خانىشنىڭ يىغلاپ ـ قاقشىشى بىلەن ئاتا ـ بالا ئەپلىشىپ قالدى، ئەمما سەلىم شاھ ئاتىسى بىلەن يارىشىش ئۈچۈن ئاگراغا كەلمىدى. يەنىلا ئاللاھئابادتا ئۆزىنى شاھ ئاتاپ تۇرىۋەردى.

ئوردىدىكى ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ۋەكىللىرى ئەزىز كۆكە بىلەن راجە مەن سىنىخ سەلىمنىڭ قوپاللىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىق ئورنىنى سەلىمنىڭ ئوغلى خۇسراۋغا تارتىپ ئېلىپ بېرىش كويىغا چۈشۈشتى. خۇسراۋ مەن سىنخنىڭ نەۋرىسى، ئەزىز كۆكەنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. مەن بەي ئوغلى خۇسراۋنىڭ ئېرىنىڭ تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئېرىنى سۆيەتتى، يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنىمۇ كۆيەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا، ئوغلىغا كۆپ قېتىم يالۋۇردى، ئەمما خۇسراۋنىڭ قۇلىقىغا ئانىسىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتلىرى كىرمىدى. ئېرى بىلەن ئوغلىنى ياراشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئانا، ئاتا ـ بالا قىرغىنچىلىقىنى كۆزۈمۇ كۆرمىسۇن، دەپ 1604 ـ يىلى زەھەر ئېچىپ ئۆلۈۋالدى.

سەلىم مەن بەيىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى سەلىمگە قاتتىق ئېغىر كەلدى. ئايالىنىڭ قارىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇ تۆت كۈنگىچە ئاغزىغا بىر كاپام غىزا سالمىدى، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمىدى. ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدىغان، يولۋاستەك ھۆركىرەپ يۈرۈيدىغان سەلىم بېسىقىپلا كەتتى. ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سۇيىقەستى، ئايالىنىڭ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋېلىشى، ئۇنى ھەققە بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر قىلدى. ئاخىر بىر كۈنى، ئۇ

ئاگراغا، شاھ ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندى.

سەلىم ئەكبەر شاھتىن گۇناھىنى تىلىگەن چاغدا، ئەكبەر شاھ ئوغلىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا باغرىنى كەڭ ئاچتى ۋە ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ئەركىلىتىپ «شەيخ» دەپ ئاتىدى. ئاتىلىق مېھرى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى؛ مەن سىنىخ بىلەن ئەزىزنىڭ خۇسراۋنى تەختكە چىقىرىش نىيىتىمۇ ئىشقا ئاشمىدى.

1605 ـ يىلى، ئەكبەر شاھ كېسەلدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. دوختۇرلار ئۇنى ساقايماس كېسەل بوپتۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ساناقلىقلا كۈنلىرىنىڭ قالغىنىنى سەزگەن ئەكبەر شاھ بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا، بەگ ـ ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا شاھلىق تاجىسى، شاھلىق شەمشىرى ۋە شاھلىق تونىنى ئامراق ئوغلىغا تاپشۇردى ۋە ئۇنى تەخت ۋارىسىم، دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىدى. 1605 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، دۇنياغا داڭلىق، سەلتەنەتى ئالەمگە مەشھۇر بۇ خاقان ئالەمدىن ئۆتتى.

ئەكبەر شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سەلىم نۇرىددىن مۇھەممەد جاھانگىر شاھ نامى بىلەن تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىقىپلا، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئون ئىككى تۈرلۈك مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش يولىدا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك جىڭغا توختايدىغىنى «ئادالەت زەنجىرى» ئىدى. جاھانگىر شاھ پۇرەن قەلئەسىنىڭ ئىچىگە چوڭ بىر قوڭغۇراق ئاستۇردى، قوڭغۇراققا تۇتاشقان زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى پۇرەن قەلئە تېمىنىڭ سىرتىغا ساڭگىلىتىپ قويدى ۋە ئادالەتنى ياقلاشنى تەلەپ قىلغۇچىلار بولسا، قوڭغۇراقنى چېلىپ ماڭا ئىلتىجا قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئاھۇ ـ زارى

ماڭا دەرھال يەتكۈزۈلسۇن، ئۇلارغا ھېچكىم دەخلى ـ تەرۇز قىلمىسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شاھنىڭ ئادالەتنى ياقلايدىغانلىق خەۋىرى پۈتۈن ئەلگە پۇر كەتتى.

جاھانگىر شاھ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ ئوغلى خۇسراۋ يەنە ئاسىيلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەكبەر شاھ تەختتىكى چاغدىلا ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ مەغلۇپ بولغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ موغۇل خانلىقىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، جىمى ھوقۇق ـ بايلىقنى چاڭگىلىدا تۇتۇش نىيىتى يۈرىكىدە بەكمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. شاھ ئاتىسىنىڭ مېھرى، ئۇنىڭ بۇ خاتا قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇشى، ئاسىيلىقىنىڭ ئاقىۋىتى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشى، ھېچنېمە، ھېچنېمە ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. ئۇ نىيىتىدىن قەتئىي يانمىدى. بىر كۈنى، خۇسراۋ سىگىندارادىكى بوۋىسى ئەكبەر شاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمەن، دېگەن باھانە بىلەن بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئاگرادىن چىقىپ كەتتى.

كۈن غەربكە قىيسىيىپ، ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. خۇسراۋ قول ئاستىدىكىلەرگە ئاگراغا قايتماي دېھلىغا قاراپ مېڭىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. دېھلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ نەچچە ئون مىڭغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ كۈچى بارغانسېرى زورىيىشقا باشلىدى. ئۇ ئامانلىقىغا تېخىمۇ بەكرەك كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېھلىدىن لاھورغا يۆتكەلدى. لاھورغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئۇ شېيخ مەزھىپىنىڭ بەشىنچى پىر ـ ئۇستازى ئارجۇننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا مەدەت بېرىشنى تىلىدى.

جاھانگىر شاھنىڭ بۇ ئىشقا بەكمۇ غەزىپى كەلدى. يامان يولدىن يان، ۋاپادار بالا بول، دەپ ئوغلىغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى، خۇسراۋ ئۇنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلمىغاندىن كېيىن ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ قابىل سەركەردىسىنى لاھورغا ئەۋەتتى. خۇسراۋ ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى ـ دە، تارمار بولۇپ كابولغا قېچىپ بېرىۋالدى. جاھانگىر شاھنىڭ ئەسكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ مېڭىپ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

جاھانگىر شاھ ئۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تورۇش ئۈچۈن، بارگاھىنى لاھورغا قۇرۇپ پەنجاپ ئالدىنقى سېپىدىكى ئۇرۇشقا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. خۇسراۋ قولغا چۈشۈپ، گۇناھكار سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئالدىغا يالاپ ئەكېلىندى. بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن ئۇ تولىمۇ رازى بولدى. ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاسىيلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ خۇسراۋ تەرەپدارلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ سازايى قىلدۇردى. شاھزادە خۇسراۋنىڭ ئىككى كۆزى ئويۇلۇپ، ئۆزى زىندانغا تاشلاندى. شىك مەزھىپىنىڭ بەشىنچى پىر ـ ئۇستازى قەتلى قىلىندى. خۇسراۋنىڭ بىرنەچچە يېقىن گۇماشتىسى ئۇر كىگەن ئاتقا سۆرىتىلىپ، لاھور كوچىلىرىدا سازايى قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. جاھانگىر شاھ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، شۇ زاماندا ئەڭ ئېغىر جازا ھېسابلىنىدىغان بۇ يېڭى جازا ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى.

جاھانگىر شاھ ئۆز ئوغلىنى باستۇرغاندىكى ئاشۇنداق ئىرادە ۋە رەھىمسىزلىك، ئۇ ئاسىيلىق قىلغان چاغدا ئەكبەرشاھنىڭمۇ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن بولسا، ھىندىستاننىڭ تارىخى يەنە باشقىچە يېزىلغان بولاتتى. شۇغىنىسى، ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەكبەرشاھ ئاتىلىق مېھرى، كەڭ قورساقلىقى بىلەن جا-

ھانگىر شاھنىڭ ھەممە گۇناھلىرىدىن كەچكەن بولسا ، جاھانگىرشاھ ئوغلى خۇسراۋغا قىلچىلىك كەڭچىلىك قىلمىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىشى ، ئۇنىڭمۇ دادىسىغا قارشى تىغ كۆتۈرگەنلىكىنىڭ قىساسى ئىدى . دادىسىغا قارشى بايراق تىكلەپ ، دادىسىنى قانچىلىك ئازاب ۋە ۋەھىمىگە سالغان بولسا ، ئۆز ئوغلىنىڭمۇ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئازاب ۋە ۋەھىمە سېلىشى ، ئۆزىنىڭ دادىسىغا قىلغانلىرىنىڭ ئوغلىدىن ئەينەن يېنىشى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى . دادىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا ئۇ قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان ھوقۇق - ئابرۇينى ، ئۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئوغلىمۇ قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى . ئوخشىمايدىغان يېرى ، جاھانگىرشاھ مۇھەببەت يالقۇنىدىن غەزەپكە كېلىپ دادىسىغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن . ئەمما ، خۇسراۋ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن ، ئەكسىچە ئۇنىڭ روھىمۇ ، جىسمىمۇ بەربات بولدى . ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە . مەيلى ئۇ ئېسىلزادە ياكى پەس ئادەم بولسۇن ، ھامان ئۆز خاتالىقلىرىنى يېپىشقا ، باشقىلاردىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ، خاتالىقلارنى بولسا كۆپتۈرۈپ ، چوڭايتىپ كۆرسىتىشكە ئادەتلەنگەن .

خۇسراۋ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن جاھانگىرشاھ بۇ قېتىمقى سەپەردىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى . ئۇ ئاگراغا شادخۇراملىق ئىچىدە قايتىپ كەلدى . بۇنىڭدىن كېيىن موغۇل خانلىقىنىڭ ھوقۇق ۋە بايلىقى ئۇنىڭ قولىدا تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇراتتى .

ئۇ چاغدا ، غىياسىدىن بەگ يەنىلا ئوردىدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىدەكلا بەجانىدىللىق بىلەن ئۆتەۋاتاتتى .

بىر كۈنى ، جاھانگىرشاھ ۋەزىرلىرى ۋە قورۇقچىلىرىنىڭ

ھەمراھلىقىدا پۈرمەن قەلئەسىنى كۆزدىن كەچۈردى . ئۇ ئەكبەر-
شاھ خانلىق بازىرى ئاچقان يەرگە كەلگەندە ، ئىختىيارسىز توخ-
تاپ ، خۇددى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى ئىزلىگەندەك ئەتراپقا
باقتى . ئۇنىڭ كۆزىگە بىر گۈزەل قىزنىڭ سىيماسى گاھ كۆرۈ-
نۈپ ، گاھ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى . بۇ قىز باشقا بىرى
ئەمەس ، دەل كېچەيۇكۈندۈز ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايدىغان مېھ-
رىنسا ئىدى . ئۆتكەن ئىشلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆت-
كەندە ، ئۇ ئۆزىنى شاھزادە سەلىم ۋاقتىغا قايتىپ ، مەشۇقى بىلەن
مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك سەزدى . مېھرىنسانىڭ تاتلىق تەبەسسۇم-
لىرى ، قۇشتەك يەڭگىل قەدەم ئېلىشلىرى ، چىن قەلبىدىن ئېتى-
لىپ چىققان ئوتلۇق قەسەملىرى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان شې-
رىن مىنۇتلار شاھقا ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك بىلىندى . ئۇ
كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ ، ئەس - ھوشىنى تاپقاندىن كېيىن ، ئۇ
ئىشلارنىڭ ئەمدى كەلمەسكە كەتكىنىنى ئويلىدى - دە ، چەكسىز
ھەسرەت دېڭىزىغا چۆكتى . گەرچە ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى بىر
شاھزادە بولسىمۇ ، ھەقىقىي بەختنىڭ تەمىنى تېتىغانىدى . ھازىر
ئۇ ھەممىگە قادىر پادىشاھ بولدى ، ئەمما دەردكە مۇپتىلا بولدى .
ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تەشنا يۈرىكىدە مەڭگۈ پۈتمەيدىغان يارا
قالدى .

ئۇ بىردىنلا يېگانىلىكنى خالاپ قالدى - دە ، ۋەزىرلىرىگە
كېتىۋېرىشنى ئېيتىپ ، ئۆزى مېھرىنسانىڭ ئوت - پىراقى ئىچىدە
قالدى .

نامازشام ئارا ، ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈشنى تۈگىتىپ ئوردىغا
قايتقان چاغدا ، چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى . قارىغاندا ، ئۇ
بىرەر ئىشتا بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى .

مېھرىنسا بىلەن ئېرى ئەلىقۇل ئۆز تەۋەلىكىدە ئارامبەخش

تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى . جاھانگىر شاھ موغۇل خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققاندا نۇرغۇن باي ـ غوجىلارغا نام ـ ئاتاق تارتۇق قىلغان . شۇلارنىڭ قاتارىدا ، ئەلىقۇلغا « ئافغان شىرى » دېگەن ئاتاقنى بەرگەنىدى . ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ، ھېچكىم ئەلىقۇلىنىڭ سەمىمىيىتىدىن گۇ- مانلانمىدى . بىراق ، 1607 ـ يىلى پادىشاھ « ئافغان شىرى » كۆپ قېتىم شاھ پەرمانىغا بويسۇنماسلىق قىلىپ ، ئەمدى شاھقا قارشى تو- پىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقىغا چۈشتى ، دېگەن مەلۇماتنى تاپشۇ- رۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ قۇتبىددىن ئىسىملىك يېقىنىنى بېنـ گالغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ، ناۋادا ئەلىقۇلىنىڭ راستىنلا ئۆ- زىگە قارشى چىقىش نىيىتى بولسا ، ئۇنى قولغا ئېلىپ ئاگراغا ئې- لىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بۇ ئىشنى بېجىرىشتە توسالغۇغا ئۇچرى- ماسلىقى ئۈچۈن ، جاھانگىرشاھ ئۇنى بېنگالىنىڭ بەگلىكىگە تە- يىنلىدى . قۇتبىددىن بېنگالغا بارغاندىن كېيىن ئەلىقۇلىنىڭ شاھقا بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىسپاتلارنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى . ئەلىقۇل قۇتبىد- دىنىنىڭ ئالدىغىمۇ كەلمىدى ، ئۇنىڭ سوئاللىرىنىمۇ جاۋابسىز قال- دۇردى . ئەلىقۇلىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى قۇتبىددىنىنىڭ غەزىپىنى قوز- غىدى . شۇڭا ئۇ ئەلىقۇلغا ئوبدانراق ساۋاق بېرىپ قويۇش نىيىـ تىگە كېلىپ ، ئەلىقۇلىنىڭ قەسرىگە ئۆزى باردى ۋە ئۇنىڭدىن خانلىققا ساداقەتمەنلىكنى بىلدۈرىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى . ئەلىقۇل بۇنداق گۇمانلارنىڭ ئاسا- سىي يوقلۇقىنى ، بۇ ئۆزىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەتسىزلىك ئى- كەنلىكىنى بىلدۈردى . ئىككىسى سۆھبەتتە ئولتۇرغان بىر چاغدا ، قەھر ـ غەزىپىنى باسالمىغان ئەلىقۇل توساتتىن قۇتبىددىنغا قىلىچ ئۇردى . ئەلىقۇل ئاقىۋەتنى يامان بىر ئىش قىلىپ قويغىنىنى ھېس

قىلىپ قاچماقچى بولغانىدى ، لېكىن ئۆلگۈرەلمىدى . قۇتبىددىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنى قورشىۋالدى . ئۇ شۇلارنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدا جان بەردى . ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋەر تاپقان جاھانگىر شاھ ئەلىقۇلىنىڭ تۇل قالغان ئايىلى مېھرىنىسانى ئاگراغا قايتۇرۇپ كېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى . ئەلىقۇلىنىڭ قىلىچى يامان يېرىگە سانجىلغان قۇتبىددىن ساقىيالماي ، نەچچە كۈندىن كېيىن جان ئۈزدى . قۇتبىددىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن بېنگاللىق ئەمەلدارلار مېھرىنىسانى ئاگراغا ئېلىپ كەلدى .

## 4 . ئۆمۈرلۈك ھەمراھ

جاھانگىر شاھ موغۇل خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن بۇ ئەل تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىدى . ئەمما ، جاھانگىر شاھنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغان ھېلىقى ئىش ئۇنىڭ زادى ئېسىدىن چىقمىدى . بۇ زېدە ئاغزى پات ـ پات ئېچىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتاتتى . جاھانگىر شاھ ئىشق ـ مۇھەببەتكە تەشنا ئىدى ، ئەمما دۆلەتنى باشقۇرۇش ، ئىدارە قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىدى .

كەچكى شەپەقنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئۇپۇققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى . جاھانگىر شاھ ھېلىلا كېڭەشتىن چىققانىدى . ئىچى سىقىلىپ تۇرغان شاھ تىنچ بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز پۈرەن قەلئەسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قاراپ ماڭدى . پۈرەن قەلئەسىگە يېقىن جەمنە دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ دەريا سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى . سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۈيۈپ ئۆتەتتى . ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قىرغاققا بوش ئۇرۇلۇپ رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى . قارشى قىرغاقتىكى ئاگرا شەھىرى بىر كۈنلۈك قاينام ـ تاشقىنلىقتىن ئەمدى ئارامغا چۈشكەندى . خان ئوردىسى بولغان پۈرەن قەلئەسىنىڭ

ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ ئەمدى پۈت ـ قو-
لىنى سوزۇپ ئۇھ ، دېيىشكەندى . شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى
ئەسكەرلەر موغۇل خانلىقىنىڭ يۈرىكى بولغان پۈرەن قەلئەسىنى
قوغداش ئۈچۈن ئۆياقتىن ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ تۇراتتى .
بايلىق ۋە شانۇ شەۋكەتنىڭ نىشانى بولغان ، گۆھەر كۆز قويغان
تاج شاھنىڭ بېشىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى . ئۇ خىيال دەرياسىغا
شۇنچىلىك چوڭقۇر شۇڭغىغانكى ، ئاخىرقى يورۇقلۇقنىڭ قا-
چانلاردا قاراڭغۇلۇققا ئالماشقىنىنى سەزمەيلا قالدى . ئۇنىڭ ئور-
دىغا قايتقۇسى كەلمەي ، بىر كېنىزەكنى ئاياللىرىنىڭ بىرى بولغان
شەمشادنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بىردەمدىن كېيىنلا شەم-
شاد ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى . ئۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر كۆز
تاشلىغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەستىن دېدى :
— مەي ئەكېلىپ ، ماڭا بىر قەدەھ قۇيۇپ بەر ، بۈگۈن
سەن ماڭا بىردەم كېنىزەكلىك قىل !
— ئالىيلىرى شادلىنىدىغان ئىشلا بولسا باش ئۈستىگە ،
شاھىم ، — شەمشاد كەينىگە بۇرۇلۇپ مەي ئەكېلىشكە كەتتى .
شەمشاد ياش ھەم گۈزەل بولۇپ ، ئوردىغا كىرىپ شاھقا
توقال بولغىنىغا تېخى نەچچە ئايلا بولغانىدى . ئۇنىڭ دادىسى
ئوردىدا ۋەزىر ئىدى . بىر كۈنى شاھ ئۇنىڭ قىزىغا نەچچە قېتىم
ئارتۇق قاراپ قويۇۋىدى ، شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ، ئۇ
قىزىنى دەرھال شاھقا تارتۇق قىلدى . جاھانگىرشاھ ئۇنىڭ
چىرايلىقلىقىغا ۋە سەبىي ، ئوماقلىقىغا قاراپ ، ئۇنىمۇ توقاللىرىنىڭ
ئارىسىغا قېتىۋالدى .
ھايال بولماي شەمشاد مەي بىلەن قەدەھ كۆتۈرۈپ قايتىپ
كەلدى ـ دە ، شاھقا قەدەھ تۇتتى . شاھ قەدەھنى ئېلىپ بىر تى-
نىقتىلا ئىچىۋەتتى . ئۇ بوشىغان قەدەھنى شەمشادقا سۇنۇۋېتىپ :

— بۈگۈنكى مەينى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ . نېمانداق كۈچى يوق ؟ — دەپ سورىدى .

— شاھىم ، كۈندە ئالىدىغان يەردىن ئېلىپ كەلدىم مەن . . . — شەمشاد دۇدۇقلاپ كەتتى . مەينى خاتا ئەكەلگەن ئوخشايمەن ، شاھ مەندىن نارازى بولدى ، ئەمدى تۈگەشتىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىغان شەمشادنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

شەمشادنىڭ ئۈركىگەن كېيىكتەك تۇرقىغا قاراپ ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى پەملىگەن پادىشاھنىڭ مىيىقىدا كۈلكە پەيدا بولدى . ئۇ خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، شەمشادقا ئىچى كۆيگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— قورقما ، شەمشاد ، سېنى خاتا قىلدىڭ ، دېمىدىم . بۈگۈن ئاغزىمدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ شۇنداق دېدىم ، — دېدى .

— ئالىيلىرىنىڭ گېپىگە . . . يەنىلا . . . چۈشىنەلمىدىم ، — دېدى شەمشاد تىترىگەن ھالدا .

— شەمشادىم ، بۈگۈن بۇ مەي ماڭا تەسىر قىلمايۋاتىدۇ . شۇنچە ئىچسەممۇ كەيپ بولاي دېمەيۋاتىمەن . . . يەنە بىر قەدەھ قۇيغىنا . . .

جاھانگىرشاھنىڭ ئاۋازىدىن مىسكىنلىك ، ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ شەمشادنىڭ قولىنى ئاستا قويۇۋەتتى .

بۈرۈن شەمشاد پادىشاھنىڭ بۇنداق غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغان . ئۇ دېگەن سۈرلۈك ، سالاپەتلىك بىر شاھ ئىدى . بەزىدە ئۇ شەمشادنىڭ ئالدىدا ئەرلىك سالاھىيىتى بىلەن پەيدا بولسىمۇ ، يەنىلا پادىشاھلىق سالاپىتىدىن چۈشمەي مۇئامىلە قىلاتتى . شاھقا ئىنتائەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان شەمشادنىڭ ۋۇجۇدى پادىشاھنىڭ بۇ ھالىدىن لەرزىگە كەلدى . ئۇ قو-



www.uyghurkitap.com

رۇنغان ھالدا:

— ئەمسە، بۇ مەينى يەنە نېمشقا ئىچىلا، شاھىم، — دېگەچ شاھقا مەي قۇيدى.

جاھانگىرشاھ ئۇ تەڭلىگەن مەينى ئالماستىن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتتى.

— شەمشاد، مەي ـ شاراب ئادەمنى مەست قىلىدۇ، ئايال كىشىمۇ ئادەمنى مەستخۇش قىلىدۇ. دەپ باقە، بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى بەكرەك كۈچلۈك مەست قىلىدۇ؟

شەمشاد بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن، ئۇ گەپ قىلماستىن قارا كۆزلىرىنى خانغا تىكتى.

— سوئالىمغا نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟

— مەن سىلىنىڭ ئىتائەتمەن قۇللىرى، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، — شەمشاد كۆزلىرىنى شاھنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزمەيتتى.

— بۇمۇ مېنىڭ يوشۇرۇن ئازابىم. ھەممە ئادەم مېنى شاھ دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، لېكىن ئالدىمدا بىرەرىمۇ چىن كۆڭلىدىكى گەپنى قىلمايدۇ، ماڭا قاراپ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلمەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇرۇختۇرمىلىق ھېس قىلىمەن... سەنمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسەن... بۇ نېمە ئۈچۈن... بىر دەپ باقە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئالىيلىرى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... ھەممە كىشى سىلىگە خۇشاللىق تىلەيدۇ، مەڭگۈ خۇشاللىق تىلەيدۇ! — كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ، خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالغان شەمشاد نەچچە ئېغىز بولسىمۇ شاھنىڭ ھالىغا يېتىدىغان گەپلەرنى قىلىۋالدى.

— ئۇنداق بولسا، سورىغان سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن.

www.uyghurkitap.com

مەن سىنىڭ قارىشىڭنى ئاڭلاپ باقماقچى.

— ئىشقى بار ئەرلەرگە گۈزەل نازىنىنلار مەيىنمۇ، كۈچ-لۈك، شىرىن، جەلپ قىلارلىق بىلىنىدۇ. بۇنداق ئەرلەر ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولدىمۇ، بولدى، ئۇ ئوتنى ھەرگىز پەسەيتەلمەي-دۇ، كۆيۈپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەي-شارابنىڭ خۇش كەيپلىكى بىردەمچىلىكلا، ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋا-قىت ئادەمنى خۇش قىلىپ، ھەممە خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

— شەمشادىم، جاۋابىڭدىن ئۆرگىلەي. ئەقلىڭگە بارى-كاللا، بايىقى گېپىمنىڭ مەنىسىگە ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟ — جاھانگىر شاھنىڭ چىرايىغا كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان كۈلكە يامرىدى، — بۈگۈن مەن بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمدا پەيدا بولۇپ يەنە غايىب بولغان بىر قىزنىڭ ئىشق-پىراقىدا ئۆرتىنىۋاتىمەن. شەمشاد، ئەكەل، يەنە بىر قەدەھ كەلتۈر!

شەمشاد مەينى قۇيۇپ بېرىۋەردى، شاھ قەدەھلەپ ئىچى-ۋەردى. جاھانگىرشاھ يەنە ئىچەلمىگۈدەك ھالغا كەلگەندىلا شەم-شاد بولدى قىلدى.

— بولدى، خوجام، جىق ئىچكەنىڭ تەن ساقلىقىغا پايدىسى يوق.

— ماقۇل، شەمشاد ئىچمەي، يۈر، ھەرەمگە قايتايلى، — جاھانگىرشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ شەمشادنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ ماڭدى.

ھەرەمدىكى توقال-ئاغىچىلارنىڭ شەمشادقا ھەسەتخور-لۇقى تۇتتى. چۈنكى، بۈگۈن پادىشاھ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى چەكسىز شۆھرەتكە، ئىپتىخارغا ئىگە قىلغانىدى. ئۇلار، بۈگۈن شەمشادنىڭ كۆنى تۇغۇلدى، كۆن-دۈزمۇ، كېچىمۇ شەمشادقا مەنسۇپ بولدى، دەپ ئىچ-

ئىچىدىن ئۆرتىنىشتى.

جاھانگىر شاھ جىق ئىچكىنى بىلەن مەست بولمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، خىيالىدا تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولارمۇ؟ يەنە بۇرۇنقىدەك مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكتىن بەھر ئالالارمەنمۇ، دېگەن خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇنچە يىللاردىن كېيىن ئاشۇ مېھرىنىسا — «ئافغان شىرى» نىڭ تۇل قالغان ئا-يالى، شاھ ئوردىسى — پۇرەن قەلئەسىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ-نىڭغا يېقىنلا يەردە ياشاۋاتاتتى. بۇرۇنقى مېھرىنىسا بىلەن ھازىرقى مېھرىنىسانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى.

ئاشۇ كۈنى، مېھرىنىسا بېنگالدىن ئاگراغا قايتىپ كېلىپ پۇرەن قەلئەسىگە قايتىدىن قەدەم باسقاندا، جاھانگىر شاھ ھوجـ-رىسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنى يىراقتىن كۆرگەنىدى. مېھرىنىسانىڭ رەڭگىرروھى سولغۇن، قەدەملىرى سۆرۈلۈپ كېلەتتى. ئەلنقۇل-دىن يېتىم قالغان قىزى لەيلى ئۇنىڭ قولىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغا-نىدى. قارىلىق كىيىمى كىيىۋالغان مېھرىنىسا ئىلگىرىكىدىن كۆپ جۈدەڭگۈ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇنچە مىسكىن ھالىنى كۆرگەن شاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەسەللى بەرمەكچى بولدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى...

جاھانگىر شاھ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە چوڭقۇر چۆككەنىدى.

ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشى بىلەن ھازىرقى تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش نېمىدېگەن زور ـ ھە! ئۇ ياشلىق دەۋرىدە، سەلىم ئاتىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئەركىنلىك بىلەن بەخت دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ نېمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ ئارزۇسىغا چوقۇم يېتەلەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرىدە ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆ-رەكتەك ياشايتتى، ئۇ ئاتىسىغا دېگىنىنى قىلدۇراتتى. ئۇ شاھ ئا-

تىسىغا قارشى چىققان ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانىدى . ئەمما ، كەڭ
قورساق ئاتىسى ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ ، ئۇنى كە-
چۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇ تاجۇتەختكە ، شانۇشەۋكەتكە ، مال ـ دۇن-
ياغا ئېرىشتى . ئەمما بۇلارغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئەڭ قىممەتلىك
نەرسىسىدىن ئايرىلدى . ئۇ ياشلىقىدا سۆيگەن مېھرىنىسانىڭ مۇ-
ھەببىتىدىن ، ئۆمرىدە ئەڭ تەلپۈنگەن بەختىدىن ئايرىلىپ ،
ئەيش ـ ئىشرەتلىك ، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا ، موغۇل ئىمپې-
رىيىسىنىڭ شاھلىقىغا ئېرىشتى . بۇ خىل تۇرمۇش ئۇنىڭ نەپ-
سىنى سىقىپ ، بېشىنى قاپاق قىلىۋەتتى . روھى ـ كەيپىياتىنى
چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ شاھ ئوردىسىنىڭ
شان ـ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن ، يۈرىكىنى سىقىدىغان بەزى
ئەمر ـ ئەھكاملارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى . چۈنكى ، شاھ
جەمەتىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى قاتتىق ھەم شەپقەتسىز ئىدى .

جاھانگىر شاھ كاللىسى ئېلىشىپ ، پىكىرلىرى قالايمىقانلى-
شىپ ، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى .

ئۇنىڭ ئارمىنى بۇزماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ،
ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئەتراپىنى قوروقچى ئەسكەرلەر قوغداۋاتات-
تى . ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قوزغالغان بۇ غەلىيانىنى
تىنجىتىشقا ھېچكىمنىڭ پاراستى ھەم قۇدرىتى يەتمەيتتى ، تىن-
جىتىش تۈگۈل چۈشىنىشكىمۇ ھېچكىم قادىر ئەمەس ئىدى .

جاھانگىر شاھ شاھلىق بۇرچىنى ئالدىراش ئادا قىلىۋاتات-
تى . ئاۋام خەلق يىغىنىدا ئۇ پۇقرالارنىڭ ئاھ ـ زارىغا قۇلاق
سالاتتى ؛ ئوردا كېڭىشىدە ، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلۈپ يولىيورۇقلار بېرەتتى . لېكىن ، ھەر ئاخشىمى جا-
ھاننى تىنچلىق قاپلىغاندا ، ئۇ ئېچىدىكى پىغان ـ ھەسرەت ، يۈ-
رىكىنىڭ چوڭقۇر جايىدا كۆيۈپ ، ئۇنى ئۆرتەۋاتقان ئىشق ئوتىنى

بىسىش ئۈچۈن ئۆلگۈدەك ئىچىپ مەست بولاتتى .

بىر كۈنى ، بىر كېنىزەك جادەھەبەيىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى ، ئۇنىڭ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى خەۋەر قىلىپ كىردى . جاھانگىرشاھ قولىدىكى ئىشلارنى ئالدىراش بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ ھەرەمگە باردى . جادەھەبەي چوغ – كاۋاپ قىزىپ ياتاتتى . ئۇ ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى . جادەھەبەيگە بىردەم ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىش ئۈچۈن قوزغالدى .

كېلىۋېتىپ ، ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختاپلا قالدى . ئۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە يا ئۆينىڭ ئىچىگە ، يا ئالدىغا قەدەم ئالالمىدى . ئاخىر بىر نىيەتكە كەلدى – دە ، بوسۇغىدىن ئاتلىدى .

— مەرھابا ، ئالىيلىرى ! — جۈدەك بىر چوكان ھالسىز گەۋدىسىنى سۆرەپ قوپۇپ شاھنىڭ ئالدىغا چىقتى .

— مېھرىنسا ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟ دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزەلمەي قېشىڭىزغا كېلەلمىدىم .

— بىر تۇل خوتۇن قانداق تۇرماقچىدى ، شاھىم ، بۇ ئۆزلىرىگە مەلۇم . ئۆزلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتاملا ؟

— ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ . ھازىر سىز خان ئوردىسىدا تۇرۇۋاتىسىز ، — شاھ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى .

— ئېرىمنىڭ ئۆلۈمىدىن يۈرىكىم زېدە بولدى ، بۇ زېدە ئۇنچە ئاسان ساقايمايدۇ ، شاھىم ! ئىككىمىز ئۆلگۈچە ئايرىلمايمىز ، دەپ ۋەدىلەشكەن . ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى ، ئۇمىد چىرىغىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆچتى ، — دېدى مېھرىنسا ھەسرەت بىلەن .

— تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىۋاشتىن باشلاڭ . بەخت بىلەن

خۇشاللىق ئالدىڭىزدا ، مېھرىنسا ! — شاھ ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى .

— جانابىي ئالىيلىرى ، بالىلىقىمىزدا باغلانغان رىشتىمىز مەن توي قىلغاندىلا ئۈزۈلگەن . ناۋادا ، ئۇ چاغلارنى يەنىلا ئېنىسمىزدىن چىقارماي يۈرسەك ، ھەر ئىككىمىز ئازابلىنىمىز . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۇ مۇھەببىتىمىزنى كۆڭۈللىرىدىن پاك - پاكىز چىقىرىۋەتكەنلىرى تۈزۈك . . .

— ياق ، مېھرىنسا ! ھەرگىز بولمايدۇ ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ! بۇرۇنقى شاھزادە سەلىم ، بۈگۈنكى پادىشاھ سەلىم ، خالاس ! مەن سىزگە ئۆيلىنىش پۇرسىتىنى كەڭ بېرىمەن ، — جاھانگىرشاھ سۆزىنى تۈگىتىپ مېھرىنسانىڭ ھۇجرىسىدىن تېز - تېز قەدەم تاشلاپ قايتىپ چىقتى .

ئوردىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇسسۇلچى قىزلار پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشتى ، ئەمما شاھنىڭ ئۇلاردىن زوق ئالغۇدەك ھەپىسىلىسى يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئىچىنى بىرنېمە تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى . كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن قەدەھ تۇتۇشقا باشلىدى . ئاخىر ئۇ شېرىن مەي بىلەن لەرزان ئۇسسۇلدىن مەست بولۇپ ، جاھاننىڭ خاپىلىقلىرىنى بىرپەس بولسىمۇ ئۇنتۇدى .

پادىشاھ بولغان ئادەم ئىشق - مۇھەببەتنى دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەتسە بولمايتتى . دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى . راجپۇتلارنىڭ[1] ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىشى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى ئىدى . جاھانگىرشاھ ئۇلارنىڭ ئۇيۇشقاندىكى كۈچ - قۇدرىتىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇلار تەشكىللىنىپ ئۇيۇشۇشتىن ئىلگىرى ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك ئىدى .

---

[1] راجپۇتلار — ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى بىر مىللەت .

جاھانگىر شاھ پەم ـ پاراسەتلىك ، باتۇر ، ئىشەنچلىك ئادىمنى سەركەردە قىلىپ راجپۇتلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر شاھزادە پەرۋاز بىلەن ئاسىفنى ھۇزۇرىغا چاقىردى .

ئەتىسى پەرۋاز بىلەن ئاسىفخان خان ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى . جاھانگىر شاھ ئۇلارغا :

— مۇنداق ئىش ، پەرۋاز ، ئاسىف ، مەن سىلەرنى مايۋالغا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇنغا سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدىم . مايۋالنىڭ تارىخى سىلەرگە مەلۇم . ماخارانا پرودابو دەۋرىدىن تارتىپ مايۋال بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلدى . خېرد جىلغىسىدىكى جەڭدە ، شاھ ئاتام ماخارانانى يەر بىلەن يەكسان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن راجپۇتلارنىڭ قارشىلىقى قىلچە پەسەيگىنى يوق . راجپۇتلار خانىدانى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، مەن ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىپ ئۆزۈمگە قارىتىشنى ئويلايمەن . سىلەر بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىلەر ؟ — دېدى .

— پەرمانىڭىزنى جان ـ دىلىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز ، — دېدى پەرۋاز تولۇق ئىشەنچ بىلەن .

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق ؟ — شاھ ئاسىفقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى .

— شاھ ئەمرى ۋاجىپتۇر . شاھزادە بىلەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ ، موغۇل خانلىقى ئۈچۈن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن .

— ھەببەللى ! ھازىر مايۋالغا ئاتلىنىڭلار ، خوش خەۋىرىڭلارنى كۈتىمەن . ھە ، راست ، ئاسىف ، بۈگۈندىن ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىۋارەن سىز ئاسىفخان ① بولۇپ ئاتالدىڭىز . سىنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماسسىز .

جاھانگىر شاھنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كەسكىن ، چىرايىدا شاھلىق سەلتەنىتىگە خاس سۈر ـ ھەيۋە ئەكس ئېتەتتى .

ئاسىفخان شاھقا بېشى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن شاھزادە پەرۋاز بىلەن بىللە شاھ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىقتى .

ئاسىفخان مېھرىنىسانىڭ ئاكىسى بولۇپ ، موغۇل خانلىقى ئۈچۈن دادىسى غىياسىدىن بەگ بىلەن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى . شۇنچە يىللار قىلغان خىزمىتىنىڭ ئەجرىگە ، بۈگۈن ئۇلار شاھنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنىدى . بۇنىڭدىن ئاسىفخاننىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا چۆمۈلدى . تەقدىر ئۆزىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرىنى سوزۇپ ، ھەربىر ئادەمنىڭ قىسمىتىنى بەلگىلەيتتى . ئاسىفخان تەلەيلىك ئىدى .

جاھانگىر شاھ مايۋالنى قولغا كىرگۈزۈش جەڭ پىلانىنى بەلگىلىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئىدى . بىر تەرەپتىن ئۇ مايۋالنى ئىگىلەپ ، يەر ـ زېمىنىنى كېڭەيتىشنى ، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرىنىسانى تېزرەك قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئاكىسىنى ئالقىنىغا ئېلىشنى ئويلايتتى .

ئەنسى ئۇ پۈرەن قەلئەسىنىڭ روجىكىدىن پەرۋاز بىلەن ئاسىفخاننىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن ئاتلانغىنىغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا : « بۈگۈن ئاكىسىنىڭ خانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ، موغۇل ئارمىيىسىگە سەركەردە بولۇپ

---

① خان ــ ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاق سۆڭەكلەرگە بېرىلىدىغان نام ـ ئاتاق .

جەڭگە ئاتلانغانلىق خوش خەۋىرىنى مېھرىنساغا خەۋەر قىلاي ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ، ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا خۇشاللىق يامرار ، بۇنداق قىلىشىمدىكى مۇددىئايىمنى چۈشىنىپ ، مەندىن مىننەتدار بولار » دەپ ئويلىدى .

شۇ كۈنى كەچتە ، شاھ يالغۇز مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، قەلبىدىكى غەم ـ غۇسلىرىنى نېرى ھەيدىدى . شاھبانۇم ئۇنىڭغا توختىماي مەي قۇيۇپ تۇردى . كەيپى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان شاھ ئۇنىڭغا :

ـــ شاھبانۇم ، بېرىپ مېھرىنساغا ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ خانلىق نەسەبىگە ئېرىشكىنىنى ، موغۇل قوشۇنىغا سەركەردە بولۇپ مايۋالغا ئاتلانغىنىنى خەۋەر قىلىڭ ، ـــ دېدى .

شاھبانۇم مېھرىنسانىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ بۇ ئىشتىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى . تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەۋەردىن مەڭدەپ قالغان مېھرىنسا ئىچىدە : « شاھ نېمىشقا بۇنداق قىلغاندۇ ؟ ماڭا بولغان مېھرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانمىدۇ . . . » دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى .

شاھزادە پەرۋاز بىلەن ئاسىفخان مايۋالغا ھۇجۇم قىلدى . ئەمما ، كۆزلىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى . زېمىنى كەڭرى ، تاغ ـ دەريا ، قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان مايۋال قوغدىنىشقا تولىمۇ ئەپلىك ئىدى . راجپۇتلار ئارمىيىسى بۆكتۈرمە جەڭ قىلىش ئارقىلىق ، موغۇل ئارمىيىسىنى ئىلگىرى باستۇرمىدى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جاھانگىرشاھ ، قوشۇنىنىڭ پايتەختتىن بەك ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ تۇرۇشىنى راۋا كۆرمەي ئۇلارنى چاقىرتىپ ئەكېلىۋالدى . ئۇ ئاساسلىق قوشۇنىنىڭ پايتەختتە يوق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سۈيىقەستچىلەرنىڭ توپىلاڭ قوزغىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ مەغلۇبىيىتى جاھانگىر شاھنىڭ خاپى-لىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى . يەنە بىر كۈنى ئۇ يالغۇز مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزىگە مەي قۇيۇپ بېرىۋاتقان شاھبانۇمغا مۇنداق دېدى :

— يەنە بىرىپ مىھرىننساغا ، ئاكىڭىزنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن شاھىمىز غەزەپلەندى . بۇ زىيانلارنىڭ ، موغۇل خانلىقىنىڭ ئىز-زەت — ئابرۇيىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئۇنى قاتتىق جازالىماقچى ، دەپ ئېيتىڭ . مىھرىننساغا يەنە . . . شاھىمىز بول-دىلا . . . ئۇنىڭغا مۇشۇلارنى ئېيتسىڭىزلا بولار . . .

شاھبانۇم شاھنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن بۇ گەپلەرنى مىھ-رىننساغا ئېيتتى ۋە قايتىپ كېلىپ شاھقا داۋاملىق مەي قۇيۇپ بەردى . ئەمدى جاھانگىر شاھنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ ، ھوجرىسىغا بەخىرامان كىرىپ كەتتى .

ئاسىفخان ئوردىغا قايتىپ كېلىپ مىھرىننسانى كۆرگىلى كەلدى . ئۇ مىھرىننسادىن بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت خاننىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغىنىنى ئاڭلاپ ، دەھشەتلىك ساراسىمە ئىچىدە قالدى . ئاكىسىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلغان مىھرىننسانىڭمۇ كۆزىگە لىق ياش كەلدى .

بۇ كۈنى ، جاھانگىر شاھ ئوردىنىڭ ئالدىراش ئىشلىرىدىن ۋاقتىنچە قول ئۈزۈپ بەزمە ئۆتكۈزدى . ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ چېكىپ دەسسەشلىرىگە پۇتلىرىدىكى كولدۇرمىلارنىڭ زىل ئاۋاز-لىرى تەڭكەش بولاتتى . جاھانگىر شاھ بىلەن ۋەزىر — ۋۇزرالىرى تۇختىماي قەدەھ سوقۇشتۇراتتى . ناخشا — ئۇسسۇل ، ھاراق — شاراب يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى . جاھانگىر شاھمۇ ئارامگاھىغا قايتتى . . .

مەي — شارابنىڭ كەيپىنى سۈرۈپ ياتقان شاھقا شاھبانۇم

مېھرىنسانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىردى . مېھرىنسانىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان پەملىگەن شاھ خۇ-شاللىقىنى تېشىغا چىقارماستىن ، مۇنداقلا :

— ھە ، كەلگەن بولسا كىرسۇن ، — دېدى .

بىردەمدىن كېيىن مېھرىنسا ئاستا كىرىپ كەلدى . جاھان-گىرشاھ بۇرۇنقى مەشۇقىنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇش پىچىم ، لاتاپەتلىك بولۇپ ، گۈزەللىكى ئادەمنى لال قىلاتتى . ئۇنىڭغا قارا - قارا شاھ جىمى جاھاننى ئۇنتۇپ مەستخۇشلۇققا چۆمدى . مېھرىنسا ئۇنىڭدىن ئامانلىق سو-رىغان چاغدىلا ، ئۇ ئاندىن ئېسىنى يىغنىۋالدى .

— ئالىيلىرى ، سالىمىمنى قوبۇل قىلغايلا . . . بىمەنە بىر چاغدا كېلىپ بىزاۋىتە قىلدىم .

— مېھرىنسا ، گېپىڭىز بولسا تارتىنماي قىلىۋېرىڭ . يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى ، — دېدى شاھ مۇلايىملىق بىلەن . ئەمما ئۇ يەنىلا شاھلىق سۈپىتىدىن چۈشەلمەيتتى .

— پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ بەك پاراكەندە بولدۇم . ئاكامنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق . مايۋالدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرى تولا تۇرسا ، نېمىشقا ئاكامنى گۇناھكار بىلىلا ؟

— قۇلىقىم سىزدە ، قېنى سۆزلەۋېرىڭ ! — پادىشاھنىڭ ئاھاڭى قاتتىق ئىدى .

— ئاكامنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم . يەڭگەم غەمگە مۇپتىلا بولدى ، ئۇنىڭ قىزى بانۇنىڭ كۆزى ياش-تىن قۇرۇمايۋاتىدۇ ، ئاكامنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەر . خۇدالىق ئۈچۈن بولسىمۇ رەھىم - شەپقەت ئەيلىسىلە . مەنغۇ تۈگەشكەن ئادەم ، ئاكامنى بولسىمۇ بەختتىن مەھرۇم قىلمىغايلا ، — مېھرىنسا ئاخىر يىغلاپ تاشلىدى .

— مېھرىنسا! مايۋال مەغلۇبىيىتىنىڭ ماڭا قانچىلىك زىيان ئەكەلگىنىنى سىزمۇ بىلىسىز...

شاھ ياتقان ئورنىدىن قوزغالماي سۆزلەۋاتاتتى، ئەمما كۆزلىرىنى مېھرىنسادىن ئالمايتتى. ئۇ مېھرىنساغا يەنە بەزى گەپلەرنى قىلدى، ئەمما مېھرىنسا گەپ قىلماستىن يىغلاپلا تۇردى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىغا قاراپ، جاھانگىرشاھ پىتىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ، شاھ دېگەن ئېغىر يۈكنى يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى — دە، بېرىپ مېھرىنسانىڭ قولىنى بۇرۇنقىدەكلا تۇتتى. ئۇنى ئەكېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ دېدى:

— مېھرىنسا، سىزنى ھېچقاچان نائۈمىدتە قويۇشنى خالىمايمەن. لېكىن سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ. ئۆز ۋاقتىدا سىزنى دەپ شاھ ئاتىسىغا قارشى چىققان سەلىمنىڭ ئالدىدا سىزمۇ قەرزدار. سىزمۇ ئاشۇ قەرزىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك.

مېھرىنسا بېشىنى كۆتۈرۈپ، جاھانگىرشاھ ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرەمدۇ ياكى يالغاندىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، دېگەندەك قىلىپ، پادىشاھنىڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر تىكىلدى. جاھانگىرشاھنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشتىن نەمدەلگەنىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان مېھرىنسانىڭ پۈتۈن بەدىنى تۈك سوقۇۋەتكەندەك لەرزىگە كەلدى. ئۇ يۈرىكى ئويناپ ئۆزىنى تۇتالمىغىلى قىل قالدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن شاھ ھۇجرىسىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. «جاھانگىرشاھ بىلەن مەن ئاشىق بولغان سەلىم ئوتتۇرىسىدا راستتىنلا پەرق پەيدا

بولمىغانمىدۇ ؟ بۇ ئىككىسى يەنىلا بىر ئادەممىدۇ ؟ ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ، مۇھەببىتى يەنىلا ئوخشاشمىدۇ ؟ . . . »

ئارىدىن مەلۇم كۈنلەر ئۆتكەندە ، جاھانگىر شاھ ئاسىف خاننى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ، ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىگە قويىدى ۋە مۇ-ھەممەدخان بىلەن بىللە مايۋالغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى . ئاسىفخان پادىشاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن چەكسىز سۆيۈندى .

بىر كۈنى ، جاھانگىرشاھ ئوردا يىغىنى ئاچتى . ئۇ چاغلاردا ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئوردىدا تولىمۇ ئەتىۋارلىناتتى ، يېڭى خانغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئەمەلدارلارغا ئىنئام ، شان - شۆھرەتلەر تارتۇق قىلىناتتى . بۇ قېتىمقى يىغىندا ، پادى-شاھ غىياسىدىن بەگكە « ئەڭ قابىل ۋەزىر » دېگەن ئاتاقنى بەردى . بۇ چاغدا ، مېھرىنىسا خانىش ، ئاغىچىلار بىلەن بىللە دەر-پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بۇ تارتۇقلاش يىغىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى . دادىسىنىڭ شاھ تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ، يۇقىرى مەر-تىۋىگە ئېرىشكىنىنى كۆرگەندە ، مېھرىنىسانىڭ يۈرىكى شاھقا قاراپ ئېغىشقا باشلىدى .

مايۋال جېڭىدە ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىل-گەن بولسىمۇ ، جاھانگىرشاھ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەل-مىدى . خۇسراۋنىڭ ئاسىيلىقى ئوردىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغان ، تەسىرى چوڭ ئىككى بەگ مەن سىنىغ بىلەن ئەزىز كۆكەدىن ھەر ۋاقىت ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كەيپ - سا-پاغا ، ھاراق - شارابقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش پادىشاھنىڭ سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىۋاتاتتى . دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئەندىشىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى . يەنە نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جاھانگىرشاھ ئاخىر ئاغرىپ يېتىپ قالدى . ئوردا تې-

ۋېپىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى ۋەزىرىگە تاپشۇرۇپ ئۆزى دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى، شاھ ئارام ئېلىپ ياتاتتى، كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ خىزمىتىنى قىلىشۋاتاتتى. ئاجايىپ يۇمشاق، ئىللىق بىر قول شاھنىڭ پېشانىسىنى سىلىغاندەك بولدى. پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا مېھرىنىسانى كۆردى. جاھانگىرشاھ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. مېھرىنىسا ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن تىكىلدى.

— تەن ساقلىقلىرى قانداقراق؟

— سىزنىڭچە قانداقراق تۇرۇپتىمەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدى جاھانگىرشاھ.

مېھرىنىسا جاھانگىرشاھنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئاستا تۇتۇپ باقتى، ئاندىن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى.

— ھازىرچە، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمەپلا، يەنە ئوبدانراق ئارام ئالسىلا، — دېدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن.

— مەن قانداقمۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتەي، مېھرىنىسا. بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئېغىر يۈكى زىممەمدىن بېسىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كونا دەرد — ئىسەلرىم يۈرىكىمنى تاتىلاپ تۇرسا. ئۆزۈمنى ھەر ۋاقىت غېرىب، مىسكىن ھېس قىلىمەن.

— سىلى ھەممىگە خوجا، دۆلەتكىمۇ، پۇقراغىمۇ، يەنە... سىلى تەندۇرۇس بولمىسىلا، پۈتكۈل ئەل خارابلىشىدۇ، — ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى مېھرىنىسا.

— بۇ بىدارلىققا ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. كۆڭلۈم مېنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئادەمنىڭ ھەر ۋاقىت يېنىمدا بولۇشىنى ئىستەيدۇ. بۇ ئادەم دەل سىز. سىز مېنى ئۆلگۈچە



www.uyghurkitap.com

سۆيسىڭىزلا ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاندىن ئارامىغا چۈشىدۇ . پەقەت
شۇنداق بولغاندىلا ، تېنىم ئاندىن ساق بولىدۇ .

مېھرىنىسا شاھنىڭ قولىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ :

ــ سىلى دېگەن پۈتكۈل دۆلەتنىڭ خوجىسى . شۇنداقلا ،
مېنىڭمۇ خوجام . مەن سىلىنىڭ قۇللىرى ، سىلى خالىسىلىرىلا ،
مەن . . . ــ مېھرىنىسانىڭ چېھرىنى ئۇياتچانلىق قاپلاپ ، يۈرىكى
دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . جاھانگىر شاھنىڭ چوڭقۇر مېھىر بىد-
لەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ ، ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىنى
باسالماي قالدى ـ دە ، شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن
سالغىنىچە ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى .

جاھانگىر شاھنىڭ چىرايىنى بەخت كۈلكىسى قاپلىدى .
ئەكسىچە ، مېھرىنىسا ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالدى . يىللار ئۇنىڭ
قەلب يارىسىغا مەلھەم بولۇپ ، ئۇنى ئازابتىن خالاس قىلغانىدى .
ئەمما ، ھازىر ئۇ سارايدا پادىشاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشاۋات-
قاچقا ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈۋەتكەن مېھىر بارغانسېرى
كۈچىيىۋاتاتتى . پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتلىرى ، كۆيۈنۈشلىرىگە
قاراپ ، ئۇنى بىردىنبىر دىلكىشىم دېگەن يەرگە كەلدى . شۇنداق
قىلىپ ، مېھرىنىسا بۇرۇنقى ئىشق ـ مۇھەببەت قاينىمىغا يېڭىۋاشتىن
چۆكۈپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىر شاھ شىكارغا چىقسىلا ، مېھ-
رىنىسا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى . بەزىدە ، پادىشاھ پايتەختنىڭ سىر-
تىغا بارگاھ قۇرۇپ دەم ئېلىشقا چىقسا ، خان ـ ئاغىچىلارنىڭ قا-
تارىدا مېھرىنىسامۇ بىللە بولاتتى .

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جاھانگىر شاھ بىلەن مېھ-
رىنىسا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماس ھالغا كېلىپ قالدى . 1611 ـ يىل
5 ـ ئايدا ، ئۇلار نىكاھ ئوقۇتۇپ ، رەسمىي ئەر ـ

www.uyghurkitap.com

خوتۇن بولۇشتى.

دەسلەپىدە، جاھانگىرشاھ مېھرىنساغا «نۇر ماھال» دې-گەن نامنى بەردى. لېكىن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ بۇ نام-دىن ئانچە رازى بولماستىن، يەنە ئۇنى «نۇرجاھان» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرجاھان خان ئاغىچىلار قاتا-رىدىن ئورۇن ئالدى.

ئادەم تەقدىرى نەقەدەر سىرلىق ـ ھە! پېرسىيىدىن ھىن-دىستانغا كېلىۋاتقۇچە قەندەھار ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، ئاتىسى تەر-پىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر بوۋاقنىڭ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە موغۇل خانلىقىنىڭ خانىشى بولۇپ قېلىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن!

## 5. بانۇ خېنىم

جاھانگىرشاھ نۇرجاھانغا ئېرىشكەندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قانائەت ھاسىل قىلدى، شادلىقتىن سۆيۈنۈپ كۈن بويى مەستخۇش، خۇش كەيپ بولۇپ يۈردى.

ئاسىفخان مايىۋالىغا يەنە بىر قېتىم ئاتلاندى. ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سىڭلىسى نۇرجاھان — مېھرىنسانىڭ ھامىي-لىقىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى يۇرەن قەلئەسىگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاش-تۇرۇپ قويدى. نۇرجاھان كۆپ ۋاقىتنى يەڭگىسى بىلەن ھەم-سۆھبەت بولۇپ ئۆتكۈزەتتى. ئاجۇمەند بانۇمۇ تەڭتۇش دوست-لىرى بىلەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئويۇندىن بېرى كەلمەيتتى.

ئاجۇمەند بانۇ شوخ، چېچەن قىز ئىدى. دەسلەپىدە ئۇ ھەشەمەتلىك ئوردا، كاتتا ئۆي ـ ئىمارەت، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەئىشەتلەردىن مەست بولۇپ يۈردى. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-شىگە ئەگىشىپ ئۇ ئوردىدىكى بۇرۇختۇرما ھاياتتىن زېرىكىشكە،

ئوردا سىرتىغا تەلپۈنۈشكە باشلىدى . بىر كۈنى ، ئۇ سەھەردىلا ئانىسىغا ئېيتىپ قويۇپ ، ئاگرا شەھىرىدىكى بوۋىسى غىياسىدىن بەگنىڭكىگە ئوينىغىلى باردى . ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن يايراپ ، كەچقۇرۇندا ئوردىغا قايتتى . ئۇنىڭ قېشىدا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك دېدىكى بار ئىدى . ئىككىيلەن پاراڭ بىلەن مېڭىپ پۈرەن قەلئەسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە ، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى . مەھكەم تاقالغان سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى ناتىۋان قىز تېپىرلاپ قالدى . سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئىككى قىز قورقۇپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇلار كەينىگە يېنىپ بوۋىسىنىڭكىگە كېتەي دېسە يول خەتەرلىك ئىدى ، يەنە كېلىپ بوۋىسىنىڭ تەنبىھىسىگە ئۇچرايتتى . بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقىمۇ بولمايتتى . ئوردىنىڭ سىرتىدا ھاراق ئىچىپ مەست بولغان لەشكەرلەر بىلەن ئوغرى - قاراقچىلار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى . ئۇلارغا يولۇقۇپ قالسا بۇ قىزلارنى نەس باساتتى . بۇلارنى خىيال قىلغان بانۇ تىترەپ كەتتى . ئۇ ۋاقتىدا قايتىپ بارمىسا ئانىسى ئەنسىرەپ نېمىلەر بولۇپ كېتەر ، تېخى ! ئۇ ھەرقانچە ئالاقزادە بولسىمۇ ھېچقانداق ئامال تاپالمايۋاتاتتى . دەل شۇ چاغدا ، يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار كۆرۈندى . بانۇ بىلەن دېدىكى ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئېلىپ ، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا زەن سالدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاتلىقلار سېپىل دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى . ئارىدىن بىرى بىر گۇۋاھنامىنى چىقىرىپ دەرۋازىۋەنگە كۆرسىتىۋىدى ، دەرۋازا ئېچىلدى . بانۇمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىپ كېتىشكە ئۇرۇندى ، ئەمما لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى . ئۇ لەشكەر بىلەن گەپ تالىشىپ تۇرۇشىغا ، كەينى تەرەپتىن يەنە بىر ئاتلىق يېتىپ كەلدى . ئۇ دەرۋازىۋەننىڭ ئوردىغا

كىرمەكچى بولغان ئىككى قىزنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ :

— دەرۋازىۋەن ! بۇ ئىككى قىز كىم ؟ نېمىشقا ئۇلارنى توسۇۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

دەرۋازىۋەن بۇ ئاتلىققا شۇنداق قاراپلا ، هۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— ئالىيلىرى ، بۇ ئىككى قىز ئوردىغا كىرىمىز ، دەيدۇ . بىراق ، ھېچقانداق گۇۋاھنامىسى يوق ئىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

ئاتلىق ئاتتىن چۈشۈپ ، ئىتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقىنىچە بانۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ كىلىۋاتقان كىشىلىشكەن ياش سەركەردىنى كۆرگەن بانۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئارقىسىغا داجىدى .

— ھەي قىز ، كىم بولىسىز ؟ نېمىشقا ئوردىغا كىرىسىز ؟ — دەپ سورىدى سەركەردە .

ئۇنىڭغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەن بانۇ تەمتىرەپلا قالدى . ئۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈر ، دېگەندەك قىلىپ دېدىكىگە قارىدى . قورقۇپ كەتكەن دېدەك ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بېرىپ :

— بىز ئوردىغا كىرمەكچىدۇق . بۇ خېنىم سەركەردە ئاسىق خانىنىڭ قىزى ، خانىش نۇرجاھاننىڭ جىيەن قىزى بولىدۇ . ئەتىگەن ئاگرا شەھىرىگە ، بوۋىسى غىياسىدىن بەگنىڭكىگە بېرىۋىدۇق ، ھازىر شۇ يەردىن يېنىشىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ھە ، شۇنداق ئىشمىدى ؟ ئىسمى ـ شەرىپىڭىز نېمىكىن ؟

— ئاجۇمەند بانۇ ، ئىلتىپات قىلىپ بىزنى كىرگۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز .

سەركەردە بانۇغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ گۈزەل

رۇخسارى، ئاھۇ كۆزلىرى، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان زىلۋا بەدىنى سەركەردىگە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرغا-نىدى. ئۇنىڭ بۇنچە قادىلىپ قاراشلىرى جېنىغا تەگكەن بانۇ چىدىيالماستىن:

— نېمانچىۋالا قارايسىز؟ ئۆمرىڭىزدە قىز بالا كۆرۈپ باق-مىغانمىدىڭىز؟ — دەۋەتتى.

ئۇنىڭ بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى كۆرگەن دەرۋازىۋەن دەرھال قىلىچىغا قول ئۇزاتتى:

— شاھزادە خۇررامنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ! كاللاڭغا ھېزى بول، بولمىسا...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تېخى چۈشمىگەنىدى، سەركەردە ئۇنى سۆزدىن توختاتتى. بانۇ چىرايىدىن قان قاچقان ھالدا قې-تىپ قالغانىدى. شاھزادە دەرۋازىۋەنگە:

— ئۇلارنى كىرگۈزۈۋېتىڭ. ئۆمرۈمدە تېخى تۇنجى قېتىم بىر قىزدىن مۇشۇنداق تەنبىھ ئېلىشىم. ئادەتتە كىممۇ بىر شاھزا-دىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق گەپ قىلالايدۇ؟ بۇ قىز بىر شاھزادىگە ئەمەس، بەلكى بىر چەۋەندازغا گەپ قىلدى... ئۇنىڭ بىلمەس-تىن قىلىپ سالغان گەپلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ... قېنى، بانۇ، ئىچكىرىگە مەرھەمەت... — شاھزادە گېپىنى تۈگىتىپلا ئېتىغا مىنىپ پۇرەن قەلئەسى تامان ئات سالدى.

ئۇنىڭ شاھزادە خۇررام ئىكەنلىكىنى بىلگەن بانۇ ئۆزىنىڭ قوپاللىق بىلەن قىلغان گەپلىرىدىن قورقۇپ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ دەرۋازىۋەننىڭ:

— مەرھەمەت، خېنىم. ئوردىغا كىرمەكچىدىڭىزغۇ؟ — دېگىنىنى ئاڭلىدى.

بانۇ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، ئانىسى پۇتى كۆيگەن

توخۇدەك تېپىرلاپ ئولتۇراتتى .

ئۇ كۈنى ، شاھزادە خۇررام ئاكائىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بانۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى . شۇ بىردەملىك ئۇچرىشىشتىن كېيىن خۇررام بانۇغا ئاشىق ــ بىقارار بولۇپ قالدى . شاھزادىگە گۈزەل قىزلار ئاز ئۇچرىمايتتى ، ئەمما بانۇدەك جۈپتى يوق گۈزەلنى ئۇ تېخى كۆرمىگەنىدى . شۇ كۈنىدىن ئېتىۋارەن بانۇنىڭ گۈزەل قامىتى ، بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى ، ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق قاڭشارلىق بۇرنى ، نېپىز كالپۇكلىرى ئارىسىدىكى سەدەپتەك چىشلىرى شاھزادىنىڭ ئولتۇرسا ــ قوپسا كۆز ئالدىدىن كەتمىدى .

خۇررام ئۇنىڭسىز ياشىيالماس ھالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ بىرەر باھانە تېپىپ بانۇ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى .

روزى ھېيت كەلدى . ھەممە ئائىلە ھېيت تەييارلىقىغا چۈشتى . بۇ ھېيت ئوردىدىمۇ كاتتا ئۆتكۈزۈلەتتى . بۇ كۈنى ، جاھانگىرشاھ ئاۋام خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشەتتى .

ئاسىف خانمۇ ئاگرا شەھىرىدىكى تۇرالغۇسىغا قىزى بىلەن ئايالىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىدى .

بىر كۈنى ، بانۇ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ سىپارى يەۋاتاتتى ، ئىشىك قېقىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . بانۇ بېرىپ ئېچىۋىدى ، ئاتىسى بىلەن شاھزادە خۇررام كىرىپ كەلدى . ئاسىف خان مېھمانىنى مېھمانخانىغا باشلاپ ، بانۇنى سىپارى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . بانۇ سىپارىنى ئېلىپ پۇتلىرى تىترىگەن ھالدا كېلىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويدى . شاھزادە خۇررام ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمايلا قالدى . بانۇ ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن خۇررامغا سىپارى ئۇزاتتى . شاھزادە بىر قولىدا سىپارىنى ئېلىپ ، يەنە بىر قولىدا بانۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى . شەلپەردەك قىزىرىپ



www.uyghurkitap.com

كەتكەن بانۇ :
— قويۇۋەتسلە ، دادام كىرىپ قالىدۇ ، — دەپ پىچىرلىدى .
— نېمە ؟ روزى ھېيتتىمۇ كۆرۈشمەمدۇق ؟ قايسى كۈنى سىز ماڭا بەكمۇ بىھۆرمەتلىك قىلدىڭىز ، — دېدى شاھزادە سىيارىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ .
— ئۇ كۈنكى ئىشتىن ھەقىقەتەن خىجىلمەن . بىراق ئۇ چاغدا سىلىنى تونۇمايدىغان تۇرسام .
بانۇ ھەدەپ قولىنى تارتقانسېرى شاھزادە تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالاتتى . ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇرغاندا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى .
— بىرى كەلدى ، خوش بولاي ، قولۇمنى قويۇۋەتسلە ، — دەپ يالۋۇردى بانۇ .
— ئەمىسە ، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىمىز ، دەپ ۋەدە بېرىڭ ، — دېدى شاھزادە بانۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ . بانۇ ئۇنىڭغا ناز بىلەن باققىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
ئاجۇمىنىد بانۇمۇ شاھزادىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن ئېرىشكە ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەلپۈنۈشكە باشلىدى . ئادەتتىكى بىر سەركەردىنىڭ قىزى بىر شاھزادىنى ئوت - پىراقىدا كۆيدۈرۈش دېگەن قالتىس پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئىدى . راستتىنلا شاھزادىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتىممۇ ؟ ئۇ مېنى كولدۇرلىتىپ ئوينىمايۋاتقاندۇ ؟ دەپ ئويلايتتى بانۇ . چۈنكى ، قولىنى نەگە ئۇزاتسا شۇ يەرگە يېتىدىغان ئىشقۋاز شاھزادىلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغىنىنى بانۇمۇ ئاڭلىغانىدى . تارىختىن بۇيان قانچىلىغان ناتىۋان ، گۈزەل قىزلار ئاشۇنداق شاھزادىلەر

www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن خازان قىلىنىپ تاشلانمىغان ؟ بانۇ باغدات ۋە كابۇل شاھزادىلىرىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتكەن.

شۇڭا ئۇ دەسلىپىدە ئۆزىنى قەستەن شاھزادە خۇررامىدىن قاچۇرۇپ يۈردى. كېيىنچە يەنە ئاتا ـ ئانىسى، ھاما ـ تاغىلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكىنىنى ئويلاپ، نېمە بولسا بولسۇن، شاھزادىنىڭ مەيلىگە باقاي، دېگەن يەرگە كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ھاما ئاچىسى مېھرىنىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىگە مەدەت بەردى. جاھانگىر شاھنىڭ مۇھەببىتى قەتئىي، تەۋرەنمەس بولغاچقا، ھاما ئاچىسى تەركىدۇنيالىقتىن بىراقلا مۇھەببەت، شان ـ شۆھرەتنىڭ بۈيۈك چوققىسىغا چىقتى.

شۇنداق قىلىپ، بانۇ يۈرەك قەسرىنىڭ روجەكلىرىنى شاھزادىگە ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. غۇۋالىقتا، ئۇنىڭ ئالدىدا پارلاق نۇر چېچىۋاتقان كۆز يەتكۈسىز بىر يول ئېچىلغاندەك بولدى.

ئاسىفخان ئوردىغا داۋاملىق كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. بانۇمۇ خانلىق ھويلىغا كۆپ كىرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئاسىفخان ئائىلىسىنى خان جەمەتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ئۇمۇ دادىسى غىياسىدىن بەگكە ئوخشاش پادىشاھنىڭ تېخىمۇ زور ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى تەمە قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ پادىشاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلايتتى.

خۇررام جۈمە نامىزىغا كەلدى. مەسچىت روجەكلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئوتتەك كۆيۈك ئاپتاپ نامازخانلارنىڭ بېشىنى كۆيدۈرەتتى. نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن مەسچىتتىن قايتىپ چىقتى. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاسىفخان قىستىلىپ يۈرۈپ خۇررامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

چىگقى چۈشنىڭ قىزىق ئاپتىپىدىن قېچىپ ، سالقىنراق بىرەر يەرنى تېپىشنى ئويلاپ تۇرغان خۇررامغا بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى ، يەنە كېلىپ ئۇ بانۇ بىلەنمۇ كۆرۈشەلەيتتى .

ئاسىفخان يىراقنى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ ، ھەرقانداق ئاقسۆڭەكنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ توي ئىشلىرىنى خانىنىڭ ئىجازىتىسىز ئۆزى باش بولۇپ قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ يەنە جاھانگىر شاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە خۇررامنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، باتۇر ئىكەنلىكىنى ، كەلگۈسىدە مۇشۇ خۇررامنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىنلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ خۇررامنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق پادىشاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچىدى .

خۇررام ئاسىفخانىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئىسسىقتىن گېلى قۇرۇپ ، تىلى چاپلىشىپ كەتكەنىدى . ئاسىفخان ئۇنى ئەڭ سالقىن ئۆيگە باشلىدى ـ دە ، قىزى بانۇنى سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ قويۇپ ، ئۆزى كىيىمنى يەڭگۈشلىگىلى كىرىپ كەتتى . ھايال ئۆتمەي بانۇ تارتىنىپقىنا دەسسەپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، مۇلايىملىق بىلەن ئېگىلىپ ئۇنىڭغا مېۋە شەربىتى تۇتتى .

ـــ نېمە بۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى خۇررام بانۇدىن .

ـــ ئۇسساپ كەتكەنلا ، مېۋە شەربىتى بۇ . ئىچىپ تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇۋالسىلا .

ـــ ئوھو ، تــەشــنــالىقىمنى قاندۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن ئوخشىمامسىز ؟ ـــ چاقچاق قىلدى شاھزادە قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ .

بىراق ، قىز بېشىنى ئۆستۈن قىلماستىن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى . شاھزادە بىرھازادىن كېيىن ئاندىن قىزنىڭ قولىدىن

پىيالىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىدەك تۇرقىدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن تۇرۇپ شەربەتنى بىر نەپەستىلا ئىچىۋەتتى. شاھزادىنىڭ كۆزلىرىگە سىغماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مېھىر بانۇنىڭ نازۇك بەدىنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىگە ئوت سالدى. ئۇ بۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى ـ دە، شاھزادىگە لەپپىدە بىر كۆز تاشلاپ قويۇپ بۇرۇلۇپلا ئىچكىرى كىرىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، شاھزادىنىڭ ئاۋازى ئۇنى قەدەم بېسىشتىن توختاتتى.

— بۇگۈنكى جۇمە نامىزىنى بۇ چاغقا ئوقۇپ بولغانسىز؟ — شاھزادىنىڭ ئىشق مۇھەببەت سۆزلىرىدىن دىنىي سۆھبەتكە كۆچكىنىنى كۆرۈپ بانۇ يېنىك تىن ئالدى.

— ئوقۇپ بولمامتىم ئەمىسە، ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم، — بانۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ تېخىچە ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ھاياجاننىڭ ئىلكىدە ئىدى.

— نامىزىڭىزدا خۇدادىن نېمىنى تىلىدىڭىز؟ — خۇررام پىيالىسىنى يەنە ئۇزاتتى.

— خۇدادىن ئاتا ـ ئانامنىڭ بەختىنى، ئامانلىقىنى تىلىدىم، — دېدى بانۇ خۇررامنىڭ پىيالىسىگە شەربەت قۇيغاچ.

— ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىرەر نېمە تىلىمىدىڭىزمۇ؟ مەسىلەن، ياخشى ئەر . . . مەلۇم بىر شاھزادىنى . . . — خۇررام كۈلگىنىچە شەربەتنى گۇپپىدىلا ئىچىۋېتىپ پىيالىسىنى يەنە تەڭلىدى.

بانۇ ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى يەنە تۆۋەن سېلىۋالدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن، بۇنداق گەپنى پەقەت كۆڭۈلدىلا بىلىش كېرەك، قانداق ئېغىزدىن چىقارغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ يېنىك

دەسسىگىننچە چىقىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ، بانۇ بىلەن شاھزادە خۇررام تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى . ياش شاھزادە ياشلىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كۈچىگە مەپتۇن بولۇپلا قالدى . بانۇمۇ يا سەللا بىخەستەلىك قىلسا دېڭىزنىڭ قەھرىگە چۈشۈرۈۋېتىدىغان ياكى بولمىسا بەخت قىرغىقىغا ئېلىپ چىقىدىغان تەقدىر كېمىسىگە چىقىپ قالغانىدى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ تەقدىر كېمىسىنى ۋاقىت ئېقىمىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى . خۇررام بىلەن ئىككىسى بىردەم كۆرمىسە چىداشمايدىغان دەرىجىگە يەتتى .

نۇرجاھان جاھانگىرشاھقا بىرەر پەرزەنت تۇغۇپ بەرمىگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئەڭ چوڭ تەسىرگە ۋە يۈكسەك ھوقۇققا ئىگە ئىدى . جاھانگىرشاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەردى . نۇرجاھان گۈزەل ھەم ئەقىللىق بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق شۆھرەتپەرەست ئىدى . بۇنىڭ ئۇنىڭغا زىيىنى باركى ، پايدىسى يوق ئىدى .

جاھانگىرشاھنىڭ خۇسراۋ ، پەرۋاز ، خۇررام ۋە شاھيار ئىسىملىك تۆت ئوغلى بار ئىدى . جاھانگىرشاھنىڭ چوڭ ئوغلى خۇسراۋ 1585 ــ يىلى ، ئىككىنچى ئوغلى پەرۋاز 1589 ــ يىلى ، ئۈچىنچى ئوغلى خۇررام 1592 ــ يىلى ، تۆتىنچى ئوغلى شاھيار 1605 ــ يىلى تۇغۇلغان .

خۇررام دۇنياغا كەلگەندە ، بوۋىسى ئەكبەرشاھ تېخى ھايات ئىدى . ئۇ خۇررامغا كاتتا بۆشۈك تويى قىلىپ بەرگەن . ئۇ چاغدا ، ئەكبەرشاھنىڭ قېشىدا رۇقىيە ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ ، تۇغماس ئىدى . خۇررامنى ئاشۇ رۇقىيە تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانىدى . ئەكبەرشاھ ئۇنىڭ تەربىيىسىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ، نۇرغۇن ياخشى ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىش پۇرسىتى يار-

تىپ بەرگەن. ئۇ ئەقىل جەھەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشكەچ-
كە، پارس تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى سۇدەك ئىچىۋالغانىدى. كى-
تابى بىلىملەردىن باشقا ئەكبەرشاھ ئۇنىڭ ئەلەم مەشىقىنىمۇ سىناپ
قارىمىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە، بىر شاھزادىگە نىسبەتەن قەلەمدى-
مۇ، ئەلەمدىمۇ ماھىر بولۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ
دەۋرلەردە ئەلەم قەلەمدىنمۇ بەكرەك باي بولۇش يولىنى ئاچىدۇ،
دەيدىغان بىر خىل مەسلەك بار ئىدى. شۇڭا، خۇررام شاھزادە
قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىش ھۈنەرلىرىنى پىششىق
ئۆگەنگەندى. بىر قېتىم خۇررام كېسەل بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن
ئەكبەرشاھ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، بارلىق ئۇستا تېۋىپلارنى
چاقىرتىپ داۋالاتتى. ئۇنىڭ كېسىلى ساقايغاندا، خۇشاللىقى ئىچ-
چىگە سىغمىغان شاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىدى.
كەمبەغەل، ئاجىزلارغا نۇرغۇن سەدىقە تارقاتتى. ئۇ دەل
خۇررامنىڭ دادىسى سەلىم پادىشاھ ئاتىسىغا قارشى تۇغ تىكلەپ،
ئاسىيلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلار بولغاچقا، خۇررامنىڭ دەسلەپكى
تەربىيىسى پۈتۈنلەي ئەكبەر شاھنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ئېلىپ
بېرىلغانىدى.

1605 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سەلىم جاھانگىرشاھ نامى بىلەن
تەختكە چىققاندا، خۇررام تېخى ئون ئۈچ ياش ئىدى. 1606 ـ
يىلى، جاھانگىرشاھ ئۆزىگە قارشى قوزغالغان ئوغلى خۇسراۋغا
قارشى قوشۇن تارتىپ لاھورغا ئاتلانغاندا، دۆلەت ئىشلىرىنى
خۇررامنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ كەتكەنىدى. خۇررام
دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۇ تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ
ھۆددىسىدىن ناھايىتى ياخشى چىقتى. 1607 ـ يىلى، جاھان-
گىرشاھ خۇررامغا سەككىز مىڭ پىيادە ئەسكەر، بەش مىڭ ئاتلىق
ئەسكەر ئىنئام قىلدى. ئاندىن يەنە ئۇنى فروجا شەھىرىنىڭ

سەردارلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خۇررام شاھ ئا-
تىسى ۋە خەلقىنىڭ قەلبىدە تالانتلىق شاھزادىگە ئايلاندى.
ھىندى كالېندارىنىڭ 5 ـ ئېيىدا يامغۇر پەسلى يېتىپ كې-
لىپ ھەممە ياقنى يېشىللىق قاپلىدى. ئاسماندا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ
قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى
پەسلى ئىدى. قىز ـ چوكانلار ئۇچۇنمۇ ماي ئايلىرى ئۆزگىچە
پەيزىگە ئىگە ئىدى. ياش قىزلار ئېلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچۇشسا،
چوكانلار قوشاقلار توقۇيتتى.
ئاجۇمىند بانۇمۇ دوستلىرى بىلەن باغقا ئېلەڭگۈچ سېلىپ
ناخشا ئېيتىپ ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇلار ئويۇنغا راسا بېرىلىپ كەتكەن
بىر چاغدا، باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ
قىزلارغا يېقىنلا بىر يەرگە چۈشتى. قىزلار چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار
تاش ئېتىلغان تەرەپكە قاراپ، دەرەخلىكتە تۇرغان بىر نۆكەرنى
كۆرۈپ قالدى ـ دە، قورقۇپ قېچىشقا تەمشەلدى. بانۇ ئۇلارنى
قېچىشتىن توسۇپ ئۆزى نۆكەرنى قوغلاپ كەتتى.
بانۇ دەرەخلىككە كىرىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە
ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان شاھزادە خۇررامنى كۆردى.
ــ سىلىمىدىلە؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيلا؟ . . .
قىزلار كۆرۈپ قالسا . . . ھەممىسى مۇشۇ تەرەپكە قاراپ تۇ-
رىدۇ، ــ دەۋەتتى بانۇ پوسۇققىدە.
ــ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئېلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقىنىڭىزنى كۆ-
رۈپ قالدىم. رۇخسارىڭىزغا بىردەم بولسىمۇ قارىۋېلىش ئۈچۈن
مۇشۇ يەردە ماراپ تۇردۇم.
ــ بۇنداق چاغدا كېتىپ قالسىلا. كېيىن كۆرۈشسەك
بولمامدىمۇ؟ ــ ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ
كېتىۋاتقان بانۇ خۇررامنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا كەينىگە بۇ-

رۇلۇپ يۇگۇردى . بىراق ، بەك ئالدىراش بۇرۇلغاچقا بىر ئېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى ـ دە ، ئىختىيارسىز « ۋايجان » دەپ سالدى . پۇتۇن دىققىتى مۇشۇ ياققا مەركەزلەشكەن قىزلار ئاۋاز بىلەن تەل دەرەخلىككە قاراپ گۇررىدە يۇگۇرۇشتى . ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن خۇررام ئىتتىغا مىنىپلا قېچىپ كەتتى . قىزلار يېتىپ كەلگەندە ، بانۇ قايرىلىپ كەتكەن پۇتىنى سىلاپ ئولتۇراتتى . موغۇل خانلىقىنىڭ بىر نۆكىرىنىڭ كۇپكۇندۇزدىلا قىزلارغا چاقچاق قىلغىنى قىزلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . ئۇلار ئۇنى جازالاش نىيىتىگە كەلدى . بىر ناتونۇش ئادەم بىزنى مۇشۇنداق بوزەك قىلىپ تۇرۇپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتمىسا بىزگە ئاھانەت ئەمەسمۇ ، دەپ ئويلىغان قىزلار شاھقا ئەرز قىلماقچى بولۇشتى . بانۇ بۇنچىلىك ئىشقا پادىشاھنى ئاۋارە قىلمايلى ، دەپ ھەرقانچە توسسىمۇ قىزلار كۆنمىدى . قىزلار بانۇنى قولتۇقلىغىنىچە پۇرەن قەلئەسىنىڭ تۇۋىگە كېلىپ ، ئادالەت زەنجىرىنى تارتتى .

جاھانگىر شاھ چۇشلۇك ئارام ئېلىۋاتاتتى . ھەققەت قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىغىنىنى ئاڭلاپ ئارامىمۇ ئالماستىن قوڭغۇراق ئورنىتىلغان تۇرغا چىقتى . قورۇقچىلار ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ باراتتى . شاھ تۇردىن تۆۋەنگە قاراپ ، بىر قىزنى يۆلىۋالغان بىر توپ قىزنى كۆردى . ئۇلارنىڭ دەرد ئېيتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن شاھ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى . جاھانگىرشاھ قىزلارغا بىرەر قۇر كۆز يۇگۇرتۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنلۇك ئاۋازدا سورىدى :

ــ قېنى ، يۈرەكلىك ھالدا ئەرزىڭلارنى ئېيتىڭلار ! بىزنىڭ ھەققەت قوڭغۇرىقىمىزنى چېلىشقا سىلەرنى نېمە مەجبۇر قىلدى ؟

ــ باشپاناھىمىز ، شاھىم ! بېغىمىزغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ

ئۇيناۋاتاتتۇق ، بىر نۆكەرلىرى بىزگە دەرەخلىكتىن تاش ئېتىپ ، دوستىمىز ئاجۇمىند بانۇغا زەخمەت يەتكۈزدى . يات بىر ئەركەكـنىڭ بىزگە ئوغرىلىقچە كۆز تىكىشى ، گەپ ـ سۆزىمىزنى تىڭـشىشى ، بىزنى پاراكەندە قىلىشى ، بىزنىڭ ئەركىمىز ۋە ئامانلىقىـمىزغا بولغان ئـەڭ زور تـەھـدىـتـتـۇر . شاھىمىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىشىنى تىلەيمىز !

— گۇناھكارنى دەرھال تۇتۇڭلار ! ئۇ كەچۈرگۈسىز جىـنـايـەت ئۆتـكۈزۈپتۇ . سەركەردە خۇررام شاھزادىنى چاقىرىڭلار !

بىر نۆكەر شاھزادە خۇررامنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى . مۇشۇنداق قىلدىن ئىنچىكە ، قىلىچتىن ئۆتكۈر بىر پەيتتە خۇررامنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن تەڭ بانۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى . ئۇنىڭغا ، بۇ ئىشنى خـۇررامنىڭ قىلغىنىنى شاھ بىلىپ قېلىپ ، كۆز ئالدىدىلا ئۇنى جازالاپ بېرىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ شاھنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ :

— ئالەمپاناھ ، شاھىم ! بۈگۈنكى ئىشنى بولدى قىلايلى . بۇنىڭدىن كېيىن ئەركەك زاتى بىز قىزلارنىڭ ئارامىنى بۇزغۇچى بولمىسۇن . ئـالـىـيـلـىـرى ، شاھزادە خۇررامنى چاقىرتىپ يۈرمىسىلە . . — بانۇ راسا قىزىپ سۆزلەۋاتاتتى ، شاھزادە خۇررام كىرىپ كەلدى .

— شاھزادە ، — دېدى پادىشاھ ، — بۈگۈن بىر نۆكەر قـىزلارغا يامان نىيەتتە بوپتۇ . سىز ئۇنى دەرھال ئېنىقلاپ تېپىپ چىقىپ ، تېگىشلىك جازاغا تارتىڭ ! — ئاندىن شاھ قىزلارغا ، — سىلەرنىڭ شىكايىتىڭلارنى ئاڭلىدىم . خۇررام شاھزادە ئۇنى قاتـتىق جازالاپ بېرىدۇ . سىلەر قايتساڭلار بولىدۇ ، — دېدى .

شـاھزادە خۇررام شاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قىزلارنى پۇ-

رەن قەلئەسىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. قىزلار ئالدىدا ، بانۇنى يۆلىۋالغان خۇررام كەينىدە ماڭدى . سەل تارتىلىق پەيدا بولغاندا ، شاھزادە بانۇغا :

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ . مەن ئۇ قىلىقسىز نۆكەرنى تىبپىپ ، چۆچۈپ كەتكەن دوستلىرىڭىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، ئۆلگۈچە ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قاتتىق جازالاپ بېرىمەن . قانداق ؟ مۇشۇنداق قىلسامغۇ بولار ، بانۇ ؟ — دېدى .

بانۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى شاھزادىگە تىكتى . بۇ كۆزلەر ، بۇ شىكايەتنى مەن چىن كۆڭلۈمدىن ئەمەس ، ئامالسىزلىقتىن قىلدىم ، دەۋاتقاندەك قىلاتتى . پۈرەن قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىدىن شاھزادە قىزلارنى ئۇزىتىپ قويدى . بانۇنىڭ قارىسى تاكى يىراقتىكى ئاگرا شەھىرىگە كىرىپ يوقالغۇچە قاراپ تۇردى .

گەرچە ، ئادەمنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان ئىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ بانۇنىڭ كۆڭلى بەكلا خۇشال ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ ئىشق سەۋداسىنى باشقىلار تېخى بىلمىگەنىدى .

ۋاقىت ئاتقان ئوق . ئاي ــ كۈنلەر موكىدەك ئۆتمەكتە . شاھزادە خۇررام بىلەن بانۇنىڭ مۇھەببەت دەرىخى بارغانسېرى كۆكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى . ئىككى يۈرەك ئاتەش مۇھەببەت تەپتىدىن سىمابتەك ئېرىپ بىللە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى .

## 6 . پۈرەن قەلئەسىگە كۆچۈش

ئاسىفخان دۆلەت ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق سىرتلارغا چىقىپ تۇراتتى . ھېيت ــ ئايەملەردە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزى ئاجۇمەند بانۇ ھەر خىل زىياپەت ــ بەزمىلەرگە قاتنىشىپ تۇراتتى . بۇنداق يىغىلىشلارغا قاتنىشىش بانۇنى بەكمۇ شادلاندۇراتتى .



www.uyghurkitap.com

مانا بۈگۈنمۇ خان سارىيىدا ، ئۇنىڭ ھامما ئاچىسى بىلەن جاھانگىرشاھنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەت بېرىلدى . بۈگۈنمۇ بانۇ ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ياسىنىش ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ كىيىمنى سېلىپ ئەينەككە قارىدى ـ دە ، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى . ئەينەكتە ئۇنىڭ ئاپئاق بەدىنى ، تولغان كۆكسلىرى ئەكس ئەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ لاتاپەتلىك گۈزەل تۇرقىدىن پەخىرلىنىشكە ، كەلگۈسىدىكى بەخت ـ شادلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى . . .

ياسىنىپ جابدۇغاندىن كېيىن بانۇ ئانىسى بىلەن مەپىگە ئولتۇرۇپ خان سارىيىغا يول ئالدى .

پادىشاھ توي قىلسا پۈتۈن ئەلدە بايرام بولاتتى . تويغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . پادىشاھ نامىدىن پۇقرالارغا ھەر خىل ئىنئام ـ ئېھسانلار تارقىتىلدى .

. . . . . . . . . . . . .

تۈن نىسبىدە توي ئەھلى تارقىدى . ئاشىق ـ مەشۇقلار زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ۋىسال كېچىسى ئۇلارغا قۇچاق ئاچتى . بۇ مۇراد بەخش كۈندە ، جاھانگىرشاھ ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتتى . ئەسلىدە ، بۇ توي شاھ ئاتىسى ھايات چېغىدىلا بولۇشقا تېگىشلىك توي ئىدى . ئەمما ، قىسمەت تەتۈر كېلىپ سەلىم جاھانگىرشاھ بولغاندا ، مېھرىنىسا تۇل خوتۇن بولۇپ قالغاندا ، ئۇلارنىڭ رىزقى ئاندىن قوشۇلدى . بۇ كۈنگە يەتكۈچە تارتقان ئازابلىرىنى ئويلىغىنىدا ، جاھانگىرشاھ قانداقمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن ؟ . . .

جاھانگىرشاھ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە غەرق بولۇپ ئولتۇرغان بىر چاغدا ، خان سارىيىنىڭ بۇلۇڭىدا مىدىرلاۋاتقان ئىككى گەۋدىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئايدىڭدا ئۇلارنىڭ

بىر ئەر بىلەن بىر قىز ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

ئۇلار كىمدۇ؟ جاھانگىرشاھ تولىمۇ ھەيران بولدى. ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇ بىر كېنىزەكنى ئەۋەتتى. كېنى-زەك قايتىپ كېلىپ يىگىتنىڭ شاھزادە خۇررام، قىزنىڭ ئا-سىن خاننىڭ قىزى بانۇ ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. قائىدە بويىچە ئۇلار قاتتىق جازاغا لايىق ئىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سەر-گۈزەشتىسى يادىغا كەلگەن شاھ ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئوت بو-لۇپ يېنىۋاتقان بۇ ئىككى ياشقا ئازار بېرىشنىمۇ، موغۇل خانلىقى-نىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا شاھ ئاتامۇ مۇشۇنداق زىددىيەت ئى-چىدە قاپتىكەن ــ دە، دېگەن يەرگە كەلدى. ئەمما، ئەكبەرشاھ شاھلىق سەلتەنىتىنى دەپ ئوغلىنىڭ مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىپ موغۇل خانلىقىنىڭ ھۆلىنى مىدىرلىتىشتەك كۆڭگە قالغانىدى. ئەگەر شاھ ئاتىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاشۇنداق قاتتىق ۋاستە قوللانمىغان بولسا، ئۇ شاھ ئاتىسىغا قارشى چىقىپ ساراڭمىدى؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جاھانگىرشاھ تارىخنىڭ يەنە قايتىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئوغلىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى، جاھانگىرشاھ بانۇنىڭ دادىسىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

ــ ئاسىن خان، ئاڭلىشىمچە، قىزىڭىز خۇررامغا ئاشىق ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇلارنى مەنمۇ كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئىش-تىن خەۋەردارمۇ سىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھۆرمەتلىك شاھىم، بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەنمەن. بالا چوڭ بولغاندا، ئاتا ــ ئانا بولغۇچى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى

ئىشلارنى بىلەلمەيدىكەن . نادان قىزىمنىڭ بىھۆرمەتلىكىنى كە-
چۈرگەن بولسىلا . كەلگۈسىدە . . . — ئاسىفخان لاغ - لاغ
تىترىگىنىچە شاھ ئالدىدا تىزلاندى .
— ياق ، ياق ، ئاسىفخان ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز .
مېنىڭچە ، بۇ ئىش راستىلا بولىدىغان بولسا ئۇلارنى مۇرادىغا يەت-
كۈزەيلى ، — جاھانگىرشاھ ئاسىفخانىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەت-
كەندىن كېيىن كەسكىن ھالدا مۇنداق دېدى ، — ئاشىق - مە-
شۇقلار مۇرادىغا يەتسە ، مەڭگۈ بەختلىك ياشايدۇ ؛ بولمىسا ئۇ
دەھشەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ .
شۇڭا ، خۇررام قىزىڭىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە ، ئۇلارنىڭ
توينى قىلىپ قويايلى ، قانداق ؟
— ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ! خان ئالىيلىرىغا لا-
يىقلا كەلسە ، مەن جان ، دەيمەن ، — دەپ باش ئەگدى
ئاسىفخان .
— ئەمىسە ، ئەتە كېلىپ جاۋابىنى بېرىڭ .
ئاسىفخان ئورنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن شاھ شاھزادە
خۇررامنى چاقىرىپ گەپ ئالدى . خۇررام قىلچە يوشۇرۇپ ئول-
تۇرماستىنلا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى سىرلىرىنى دادىسىغا
تۆكتى .
بىر شاھزادىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغىنىنى ئاڭلاپ ئا-
سىفخانىنىڭ بېشى كۆككە يەتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ
شاھقا بۇ تويغا مىڭ رازىلىقىنى بىلدۈردى .
جاھانگىرشاھمۇ بۇ تويغا رەسمىي قوشۇلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى . تولۇق تەييارلىقلاردىن كېيىن توي توختىمى
تۈزۈلدى .
بىر يىل ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى . تارىخ

چاقى 1612 ـ يىلىدا توختىدى . شۇ يىلى خۇررام بىلەن بانۇنىڭ
تويى بولۇپ ، بانۇ شاھزادىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى بولدى . ئۇنىڭ
ئالدىدا ، يەنى 1610 ـ يىلى خۇررام مۇزەففەر ھۇسەيىن سەفىينىڭ
قىزى بىلەن توي قىلغانىدى . بانۇنىڭ تويىدىن كېيىن
يەنى 1617 ـ يىلى خۇررام يەنە داڭلىق ئوردا شائىرىنىڭ نەۋرى-
سىنى ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئالدى . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر ، ئەقىللىق ، لاتاپەتلىك بانۇ خۇررامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك خو-
تۇنى بولۇپ قېلىۋەردى .

ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ، باي ـ ئاقسۆڭەكلەر ، خان ،
غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى تەشەببۇس قىلى-
ناتتى . ئالغان خوتۇنىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ، كۆپ ھاللاردا شۇ
كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆل-
چەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىناتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىقتىسادىي ،
سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەنپەئەتمۇ كۆپ خوتۇن ئېلىشنىڭ ئاسا-
سىي ئامىلى ئىدى . شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا ،
قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ئىككى ئائىلىنىڭ كۈچىنى بىر گەۋدە قىلىپ
زور كۈچكە ئايلىناتتى . يەنە بىر جەھەتتىن ، قۇدىلىق مۇناسىۋىتى
بەزىبىر دۈشمەنلىشىۋاتقانلارنىڭ زىددىيىتىنى پەسەيتىپ ، ئۆزئارا
دوستلۇق ئورنىتىشقا پايدىلىق ئىدى .

تويدىن كېيىن بانۇ پۈرەن قەلئەسىدە ياشاشقا باشلىدى .
ئائىلىسىدە دېگىنىنى قىلىپ ئەركە ئۆسكەن بانۇ ئۈچۈن بۇ چوڭ
ئۆزگىرىش ئىدى . بۇ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن زىچ باغلان-
غان ئۆزگىرىش ئىدى . شۇنىسى ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدىكى ، ناۋادا
شاھزادە خۇررام ئۇنىڭدىن بەخت ۋە خۇشاللىق تاپالمىسا ، چوقۇم
ئۇنى تاشلىۋېتىپ يېڭى يار تاپاتتى . شۇڭا ، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇ-
ناسىۋەتنىڭ مەڭگۈ بۇزۇلماسلىقى ، ھازىرقىدەك شېرىنلىكنى

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ خۇررامنى مۇھەببەت تورىغا مەھكەم ئورىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى . بۇ ئۇنىڭ ئوردا ھاياتىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ئىدى .

شاھزادە خۇررام ئاتىسى جاھانگىرشاھنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە يېقىندىن ياردەم بېرىپ ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى شاھ ئاتىسىنىڭ رايى بويىچە بىر ياقلىق قىلىپ ، ئەمەلىيەت جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە توپلىدى ھەم سىياسىي جەھەتتىنمۇ پىشىپ يېتىلدى . ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ، ئەقىللىق ، كۈچلۈك ، داڭلىق خاقان بولۇشىغا ، مۇشۇ دەۋردىكى چېنىقىشلىرىنىڭ پايدىسى بولغان .

بۇ چاغدا ، مايۋال ئۇرۇشى تېخى توختىمىغان ، موغۇل خانلىقى ئەڭ ئاخىرقى بىرلىككە تېخى كەلمىگەنىدى .

مايۋال تارىختىن بۇيان پادىشاھلارنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى ئىدى . ئۇ يەرنىڭ بەگ ـ غوجىلىرى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قوغداش يولىدا جان تىكىپ ئېلىشىپ كەلگەنىدى . مايۋالنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ، موغۇل خاندانلىقىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى بابۇر شاھتىن تارتىپ ھۇمايۇنغىچە ، ھۇمايۇندىن تارتىپ ئەكبەرشاھقىچە نۇرغۇن ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى سالغان ، مايۋالنى موغۇل خانلىقى ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن قىلمىغان ـ ئەتمىگىنى قالمىغانىدى .

جاھانگىرشاھمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، پۈتۈن زېھنىنى مايۋال مەسىلىسىگە قاراتتى . ئۇ بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا شاھزادە خۇررامنى ھەممىدىن مۇۋاپىق ، دەپ بىلەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدى ، تارىخنىڭ ئېغىر يۈكى شاھزادە خۇررامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى .

ئاجۇمىند بانۇ خاس كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا راھەت ،

بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. ئەمما، بىكارچىلىقتا خىيال كۆپ بولىدۇ، دېگەندەك، شۇ تاپتا ئۇ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى. بۈگۈن... كەلگۈسىدە... بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، ئۇ ھازىرقى بەختىنى ساقلاپ قالالارمۇ؟ ئۇ ئوردىغا كىرىپ ياشىغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى جىق ئىدى. موغۇل خانلىقىنىڭ ئىچىدە، قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ ئورنىنى ھەسەت، ئۆچمەنلىك، سۈيىقەست ئىگىلىگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى دۈشمەن بىلىپ، قايسى شاھزادە خاقانىنىڭ ئىلتىپاتىغا، ئىشەنچىگە ئېرىشسە، باشقىلىرى شۇنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىغا چۈشەتتى. بۇنى قانداقمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى دېگىلى بولسۇن! بانۇ بۇلارغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈك قىلاتتى. خانلىقتىكى ئەركەكلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە راھەت - پاراغەت، كەيپ - ساپا ئىچىدە ياشايتتى. ئاياللارنى كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرەتتى. ھەربىر شاھزادىنىڭ نەچچە ئونلاپ خوتۇنى تۇرۇپ يەنە نەپسىنى يىغالمايتتى. ھايۋانىي نەپسى قوزغالغان زامات كېنىزەك، دېدەك دېمەستىن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلاتتى، ئاندىن ئۇلارنى ئەسكى پېتەكنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتەتتى. قانچىلىغان گۈزەل قىزلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن غېرىبلىق، يېگانىلىكنىڭ دەردىنى تارتمىغان دېيسىز؟ ئەسلىدە، ئۇلاردىمۇ ياشلىقنىڭ گۈزەل چۈشلىرى، يامغۇر پەسلىدىكى دەريا سۈيىدەك ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ھېسسىيات دولقۇنلىرى، بەخت چاچمىلىرى، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بار ئىدى. ئەمما ئۇلار خان سارىيىغا قەدەم قويىدىمۇ، بولدى، مەخسۇسلا ئەرلەرنىڭ ئەرمىكىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بولسىمۇ قايتالمايتتى. ئاتا - ئانىسى بولسىمۇ كۆرەلمەيتتى. ئەتى-

دىن ـ كەچكىچە ھۇجرىلىرىنىڭ روجەكلىرىدىن ماراپ، خاقان ـ شاھزادىلەرنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ئاشۇنداق زارىقىش، تەشنالىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ گۈلدەك چىرايى سولۇپ، سەرۋىدەك قەددى ـ قامىتى سۇنۇپ، شوخ ـ تېتىكلىكىنىڭ ئورنىنى خاراموشلۇق ئىگىلەيتتى. بۇلاردىن باشقا، خان جەمەتى مال ـ دۇنيانى توپىدەك سورۇپ، كۈنلىرىنى مەئىشەت، ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى.

ئوردىغا كىرگەندىن بۇيان ئىنچىكە كۆزەتكەن ئىشلار يىپقا تىزىلغان مارجاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا خانىشلىق تاجىنى كىيىپ ئولتۇرغانلار مانا بۈگۈن خار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئەتىسىگە باغلاپ قارىغان بانۇنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى.

«كېيىن... مەنمۇ...» قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ ئازابتىن تولغاندى. ئاخىر ئۇ، ھەسەت ئوتلىرى يامرىغان، كۈنداشلىق دەردىدە بىر ـ بىرىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بۇ ئوردىدا ھەر ئامال بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەتىۋارلىقىمنى ساقلىشىم كېرەك، دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان خۇشتارلىقىنى ھەرگىز قولدىن بېرىشكە بولمايتتى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ بۈگۈنكى ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايتتى. ئەمما بۇ نىيەتكە يېتىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى بانۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ گۈزەل كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. داۋاملىق شاھزادە خۇررامنىڭ ئەڭ ئامراق خوتۇنى بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن گۈزەل چىرايىمدىن كەتمەسلىكىم، ئاندىن سۆز ـ ھەرىكەت، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتىكى جەزىبدارلىقىمنى يوقاتماسلىقىم كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا خۇررامنى

باشقىلارغا قاراتمايمەن، دەپ ئويلايتتى بانۇ.

بانۇ نۇرغۇن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، «ۋامۇق ـ ھوزرا»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھات ـ شېرىن»، «شەۋقى ـ شاھبانۇ» قاتارلىق داستانلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى ۋە خۇررام ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمۇ ئاشۇنداق ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرسە، دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

شاھزادە خۇررام بىلەن بانۇنىڭ تويىدىن كېيىنكى كۈنلىرى تولىمۇ شېرىن ئۆتتى. ئۇلار بىردەم ئايرىلىپ چىدىمايتتى. ئەمما، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ۋەجىدىن خۇررام بۇ بەخت بۆشۈكىدىن ئايرىلىپ جەڭلەرگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر ئىدى.

مىلادىيە 1614 ـ يىلى، شاھزادە خۇررام موغۇل خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ مايۋالغا يۈرۈش قىلدى. راجە ئامورسىنخنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قوشۇنىغا نىسبەتەن، شاھزادە خۇررام قوش تاكتىكا قوللاندى: بىر تەرەپتىن ئۇ قارشىلىق كۆرسەتكۈچى قوشۇنغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنىغا، بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، مۇھىم قاتناش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. نەتىجىدە، مايۋال بېگىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىنى چاقماق تېزلىكىدە تارمار قىلىپ، راجەنى تەسلىمنامىگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. ياش شاھزادە خۇررام ئەقىل ـ پاراسىتى، جاسارىتىگە تايىنىپ كۈچلۈك مايۋالنى يېڭىپ، بۇرۇنقى شاھلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مايۋال موغۇل خانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

جاھانگىرشاھ دوستانىلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مايۋال

زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى راجە ئامورسىنخقا قايتۇرۇپ بەردى . راجەمۇ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شاھقا تاللانغان مىڭ ئات ھەدىيە قىلىش بىلەن بىرگە ئوغلى گرانسىنخنى ئوردىغا بەگلىككە ئەۋەتتى . جاھانگىرشاھمۇ گرانسىنخنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ ، ئۇنىڭغا بەش مىڭ ئاتلىق ئاجرىتىپ بەردى . ئەمما ، جاھانگىرشاھ راجەگە جىدار شەھىرىگە ھېچقانداق مۇداپىئە ئىستىھكامى ياساتماسلىق توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى .

راجە ئامورسىنخ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مايۋال موغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئەل بولۇپ ھاقارەتلىك شەرتنامە تۈزدى . راجە بۇ شەرتنامە ئارقىلىق مايۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش مايۋال خەلقىنى ھالسىرىتىپ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتكەن بولۇپ ، خەلققە تىنچلىق ، خاتىرجەملىك تولىمۇ زۆرۈر ئىدى .

جاھانگىرشاھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كېيىنكى دەۋرلەردە ، ئەتراپىدىكى كىچىك ، ئاجىز دۆلەتلەرنى ئەل قىلىش جەڭلىرىدە شاھزادە خۇررامنىڭ تۆھپىسى زور بولدى . بۇ دەۋرنى ئۇنىڭ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولاتتى . مايۋالنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن خۇررام قوماندانلىق قىلغان قوشۇن مىلادى 1616 ـ يىلى ئەھمەد شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى . 1620 ـ يىلى يەنە گانگرا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى . لېكىن ، ئۇرۇش دېگەندە غەلىبە قازىنىش ، مەغلۇپ بولۇشقا بىرنېمە دېمەك تەس . 1621 ـ يىلى ، قەندەھار جېڭىدە خۇررامدىن سەۋەنلىك ئۆتتى .

جەڭ مەيدانىدا ، شاھزادە خۇررام شىر يۈرەك ئەزىمەت بولسا ، تىنچ تۇرمۇشتا ئۇ مۇھەببەت مەستانىسى ئىدى . پادىشاھنىڭ ئىشەنچى ، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇر-

www.uyghurkitap.com

غان بۇ ياش شاھزادە مۇھەببەت ۋە خىزمەت يولىدا زادىلا ھېرىپ قالمايتتى.

بانۇ ئوردىدىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشتىن تولىمۇ بىزار ئىدى. خۇررامنىڭ بۇ تۇرمۇشقا ھېرىس بولۇپ قېلىشىدىن تېخىمۇ قورقاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بۇ ئاغرىق ئۇنى توختىماي بىئارام قىلاتتى. ئۇ، ناۋادا شاھزادە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ تالانتى خاراب بولىدۇ، جەڭلەردىكى باتۇرلۇقلىرى يوقىلىپ، ئىرادىسى زەئىپلەشىدۇ، ئۇنىڭدىكى چاقناپ تۇرغان ئەقىل ئۇچقۇنلىرىمۇ ئۆچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان شانۇشەۋكەت، تاجۇ ـ تەختمۇ قولدىن كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا، بانۇ شاھزادىنى باشقىلارنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالمىسۇن، دەپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا، ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ باشقا قانۇنلۇق ئاياللىرىغا بۆلۈنۈپ كېتىشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلەپ، ئۇلارغا مەڭگۈ قاراتماسلىققا تىرىشاتتى.

بانۇ ئەزەلدىن گۈزەل، قەددى ـ قامىتى زىلۋا بولۇپ، پەرداز قىلىشقا تولىمۇ ئۇستا كېنىزىكىنىڭ ياساپ ـ جابدۇشى بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ خۇررامنىڭ مەيلىنى مەڭگۈ ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ياسىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئۇ كېنىزىكىگە ھەر خىل قىممەت باھا زىننەت بۇيۇملار بىلەن ئۆزىنى پەردازلاتقۇزۇپ، خۇررامنىڭ ئالدىدا كۈنىگە بىر خىل گۈزەل قىياپەت بىلەن پەيدا بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللىك مەبۇدىسىگە ئايلانغانىدى.

شاھزادە خۇررام مايۋالغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىغا چۈشكەندە، بانۇمۇ ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلماسلىق قارارىغا كەلدى. كەچقۇرۇن بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقتىن

چارچىغان شاھزادە قايتىپ كەلگۈچە، بانۇ ئۇنىڭ يولىغا تەقەززا-لىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىشى ھامان بانۇ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ كارىۋاتقا ئەكېلىپ ئول-تۇرغۇزدى. ئاندىن ئاپئاق بىلەكلىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىسام، يەنە مايۋالغا يۈرۈش قىلغۇدەكلا، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— شۇنداق، سۆيۈملۈكۈم. بۈگۈن نېمىشقا قورقۇنچلۇق جەڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ قالدىڭىز. لالىدەك لەۋلىرىڭىزدىن مۇ-ھەببەت، لەززەت توغرۇلۇق ئۈنچىلەر تۆكۈلۈشى كېرەكتىد-غۇ... — خۇررام كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ يېتىپ سۆزلەۋاتاتتى، كۆڭلى بىر جايدا ئەمەستەك قىلاتتى.

— جەڭگە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بى رەھىم بولۇپ كې-تىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ يۈرىكىنى ئۇيۇل تاشقا ئايلاندۇرى-ۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مېھرىبانلىق، مۇلايىملىققا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەر يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇرۇشخۇمارلىق، قانخورلۇق ئىگىلەيدۇ. سىلىمۇ ئاشۇنداق باغرى تاش ئادەمگە ئاي-لىنىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلا؟ — بانۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ شاھزادىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىچە سۆزلەيتتى.

ئايالىنىڭ گەپلىرى تەسىر قىلدى بولغاي، خۇررام شاق-قىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ بانۇغا سىنچى كۆزلىرى بى-لەن تىكىلىپ قاراپ:

— بۈگۈن سىز مەن بىلەن سىياسىئونلاردەك سۆزلەش-كىلى تۇردىڭىزغۇ؟ بىلەمسىز؟ بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا دوستلۇق، مېھىر — مۇھەببەتكە تايىنىپ ھېچقانداق ئاتاق — ئابرۇيغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ، پەقەت جەسۇر قىياپەت بولغاندىلا ئاندىن مۇ-

قەددەس نوپۇز ئىگىسى بولغىلى بولىدۇ . مانا مەنمۇ مۇشۇ يول بىـ
لەن ئىلگىرىلەۋاتىمەنغۇ ؟

ــ قولىدىكى قىلىچقىلا تايىنىپ ياشايدىغان ئادەمنىڭ
ئىر تقۇچ هايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ . ئۇ گۈلزارلىقتىكى كىشىنى
مەستخۇش قىلىدىغان خۇش پۇراقنى ، ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ سېھ
رىي كۈچىنى ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى بايقىيالمايـ
دۇ . گۈزەل جانانىنىڭ ناز بىلەن بېقىشلىرىنى ، مېھرى بىلەن سۆـ
يۈشلىرىنى تېخىمۇ هېس قىلالمايدۇ . . .

بانۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا خۇررام ئۇنى سۆيۈپ
كەتتى . ئۇ بانۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى :

ــ بۈگۈن قانداق ئازاب سىزنى بۇ گەپلەرنى قىلىشقا
مەجبۇر قىلدى ؟ ماڭا تېزدىن دەپ بېرىڭ ! ــ ئاندىن ئۇ ئايالىنى
باغرىغا مەهكەم باستى .

تۇيۇقسىز ، ئۇنىڭ قولىغا ئىسسىق ياش تامچىلىدى . ئۇ
بانۇنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ قاراپ ، ئۇنىڭ ئۇماق مەڭزىلىرىنى
بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشنى كۆردى .

ــ بانۇ ، زادى نېمە ئىش سىزنى بۇنچە غەمگە مۇپتىلا
قىلدى ؟ كىم كۆڭلىڭىزگە تەگدى ؟ گۈزەل بويىڭىزنى كېسەل
چىرمىۋالدىمۇ يا ؟ ــ خۇررامنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خۇشخۇيـ
لۇقنىڭ ئورنىنى ئالاقزادىلىك ئىگىلىدى . ئۇ بانۇنىڭ ياشلىرىنى
مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى .

ئېرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سىلاپ ـ سىيپاشلىرىدىن بانۇـ
نىڭ خاپىلىقلىرى قاياقلارغىدۇ غايىب بولدى . ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن
سۆيۈنۈپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ دولقۇنلاۋاتقان هېسسىياتىنى
زورىغا بېسىپ :

ــ مەن سىلىنىڭ بىلىملىك ، دانىشمەن ئىلىم ئىگىسىگە

ياكى خۇددى چىڭگىزخانغا ئوخشاش زېمىننى تىترەتكەن داڭلىق هۆكۈمرانغا ، كالگايغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ هىمايىسىگە ، ئالقىشىغا سازاۋەر بىر زاتقا ئايلىنىشلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن . بىراق بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سىلىدىمۇ ئۇلاردەك يىراقنى كۆرەرلىك ، ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك . . .

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ، قېنى ، ئاخىرىنى سۆزلەڭ ، ــ بانۇنىڭ سۆزلىرى خۇررامنى بەكمۇ قىزىقتۇرغانىدى .

ــ بىر ئائىلىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ ، ئەر ـ خوتۇننىڭ هېس ـ تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولغاندىلا ، تۇرمۇشى بەختلىك ، مەنىلىك ئۆتىدۇ ، هەر ئىككىلىسى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ . . . ــ بانۇ خۇددى پەيلاسوپلاردەك سۆزلەۋاتاتتى .

شاهزادە خۇررام ئايالىغا هەيرانلىق بىلەن تىكىلگەنىدى . ئەتىدىن ـ كەچكىچە راهەت ـ پاراغەتتە ياشاپ ، نازۇكەرەشمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر نازىنىنىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان شۇ قەدەر چوڭقۇر پىكىرلەر ئۇنى تولىمۇ هەيرەتتە قالدۇرغانىدى .

سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بانۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

ــ ئۇرۇشقا كىرىپ دۈشمەنلىرىنى يەر چىشلەتكەن ، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان چاغدا ، كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق نۇرلىرى ئۇچقۇندايدۇ ، قەلبلىرىنى قىساس ئوتى ئۆرتەيدۇ . ئۇ چاغدا ، هېچكىممۇ سىلىنى قانخورلۇقلىرىدىن قايتۇرالمايدۇ ، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەملەردە بولىدىغان مېهىر ـ شەپقەت سىلىدە قايتا قوزغالمايدۇ . مەنمۇ سىلىنىڭ مۇهەببەتلىرىدىن مەهرۇم بولۇپ خازاندەك سارغىيىپ قۇرۇيمەن ، سىلىمۇ بەختلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالىلا . . .

www.uyghurkitap.com

— بانۇ ، ئەسلى مۇشۇنى دەپ شۇنچە ئازابلانغانمىدىڭىز ؟ ئۇنداق بولسا ، بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى جەڭ مەيدانىدا بولسۇن يـاكى ھۇجرىدا بولسۇن ، سىزنى يېنىمدىن ھەرگىز ئايرىماي ، ئەمدىغۇ خۇش بولغانسىز ؟

خۇررامنىڭ گېپىدىن بانۇنىڭ چېچىكى چاي بولدى . ئۇ-نىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئەمەسمىدى !

خۇررام ئايالىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قارىۋەتكەندىن كې-يىن ئاستا چىملىدىقنى چۆشۈردى ـ دە ، ئۇنى ئىسسىق قوينىغا ئالدى . . . خۇددى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئارامىنى بۇزمايلى ، ئۇلارنىڭ شېرىن سۆھبىتىگە دەخلى قىلمايلى ، دېگەندەك ، سەل-كىن شامال چىملىدىقنى بوش لەپىلدىتىشكە باشلىدى . . .

موغۇل قوشۇنى مايۋالغا يەنە يۈرۈش قىلدى .

بانۇ خۇررامغا ئەگىشىپ قاقاس قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتى . كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ، بۇ چەكسىز قۇملۇقتىن پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمىدى . ئۇ بۇ قاقاس زېمىندا ياشاۋاتقان بەگ ـ غوجىلار ، لەشكەرلەر ، قىز ـ چوكانلارنى ئويلاپ كەتتى . ئۇلار مۇشۇنداق يەردە ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھا-رىنى قانداق ئۆتكۈزگەندۇ ، بۇ زېمىنگە قانداقمۇ مۇھەببەت قويۇ-غاندۇ ـ ھە ؟ ! بىراق ئۇلار بۇ تۇپراقنى ئانا ۋەتەن دەپ بىلىپ ئۇنـى قـىزغىن سۆيگەن ، بۇ ئانا تۇپراقنىڭ مۇستەقىللىقىنى ، زې-مىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى ئاقتۇرغان ، ئەزىز جانلىرىنى تەقدىم قىلغان . . . ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەل-گەندە ، بانۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇلارغا ھۆرمىتى قوزغالدى . بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ئاپىرىن ئەيلىدى .

موغۇل خانلىقىنىڭ لەشكەرلىرى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرى-لەۋاتاتتى . قوشۇن ئاجىبىرغا يېتىپ كەلدى . ئەتراپلىق ئويلانغان-

دىن كېيىن بانۇ بارگاھنى مۇشۇ يەرگە قۇرۇش تەكلىپىنى بەر-دى . شاھزادە خۇررام ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى . بانۇ بۇ يەرنى ئۇنىڭ مۇستەھكەم ۋە بەختەرلىكىدىن بەكرەك ، بۇ يەرگە كۆ-مۈلگەن ، ئەل ئۈچۈن شېھىت بولغانلارنىڭ روھىغا تاۋاپ قىلىش ھەمدە ئېرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تاللىغانىدى .

ئاجمىردا تـۇرغـان مـەزگـىلـلـەردە بانۇ كۆنلىرىنى تولىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى . ئۇ بۇ يەردە ھامىلدار بولۇپ 1614 ـ يـىلى شاھزادىگە تۇنجى قىزى جاھانئەلانى تۇغۇپ بەردى . قىزى-نىڭ دۇنياغا كېلىشى شاھزادىگە زور كۆڭۈل خۇشلۇقى ئاتا قىلدى . ئۇ قىزىغا كاتتا بۆشۈك تويى قىلىپ بەردى ۋە ئۆزى بى-لەن مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان سەركەردە ـ لەشكەر-لەرنى بىر كۆڭۈلۈك ئارامغا قويۇپ بەردى .

ئاجمىر مايۋالنىڭ مۇھىم قورغىنى ئىدى . جىددىي جەڭ ئارقىلىق خۇررام شاھزادە ئاخىر بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئالدى . زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن قوشۇن زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ پايتەختكە قايتتى . شاھزادە خۇررام بىلەن بانۇ بۇ يەردىن ئايرىل-غۇسى كەلمەي ، قىسقا مۇددەتلىك تۇرۇپ قالدى .

بۇ دەۋردە ، موغۇل خاقانىنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئاجىز ، كىچىك دۆلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ئانچە قىيىنغا چۈشمەيتتى . ئەمما ، خان ئائىلىسىدىكى نۇرغۇن خوتۇن ، نەچچە تەرەپتىن بولغان بالا ـ چاقا ، بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ، ئۇلارنى ئەتراپىغا توپلاش تو-لىمۇ تەسكە چۈشەتتى . تۇغۇلغان نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى جاھانگىر شاھ ھوقۇقىغا تايىنىپ بىر تەرەپ قىلالايتتى ، ئەمما بۇ ئىخ-تىلاپلارنى نېگىزىدىن ھەل قىلالمايتتى . ئۇلار قارىماققا سەل

تىنچلانغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ، ئىچ ـ ئىچىدىن قوزغالغان ھەسەتخورلۇق ، غەزەپ ـ نەپرەت ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى . پۈتۈن خان جەمەتىدە يوشۇرۇن بىر خەتەر ماراپ ياتاتتى .

## 7 . ئوردىدىكى نىزالار

ئاجمىرنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى كىشىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئاچاتتى . بۇ يەردە خان سارىيىدىكىگە ئوخشاش ھەسەتخورلۇق ، گۇمانخورلۇقلار يوق بولۇپ ، ئادەم كۆڭلى يورۇق ، ئازادە ياشىيالايتتى . بانۇ بۇ جايىنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ قالدى . ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ چەكسىز كەتكەن يايلاق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى . ئۇ ئېرى بىلەن بىللە بۇ گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ۋاقىت ئاتقان ئوق . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مىلادى 1615 ـ يىلى يېتىپ كەلدى . بۇ ئاسايىش ماكاندا بانۇ بىلەن شاھزادە خۇررام تۇنجى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى . خۇررام ئىز باسارغا ئېرىشكىنىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ ، ئوغلىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى .

بۇ چاغدا ، جاھانگىرشاھنىڭ ھاكىمىيىتى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى . جاھانگىرشاھ مەي ـ شارابقا چىلىشىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ھەپسىلىسى قالمىغانىدى . بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان نۇرجاھان ھوقۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش كويىدا ئىدى . شۇ تاپتىمۇ ، ئۇ بىر ئايال پادىشاھ ئورنىدا دۆلەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئالدىغا تارتىۋالغانىدى .

جەنۇبىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش ئەكبەرشاھنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. شاھ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جاھان-گىرشاھ جەنۇبىي ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پۇرسى-تىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرەتتى. چۈنكى ئۇ تەختكە چىقىپلا شىمالىي ھىندىستاننى تەرتىپكە سېلىش، ئوردىدىكى ئىچكى نىزالارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى.

مايۋال قولغا كەلگەندىن كېيىن جاھانگىرشاھ جەنۇبىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش پۇرستى پىشىپ يېتىلدى، دەپ قاراپ، پۈتۈن زېھنىنى جەنۇبىي ھىندىستانغا قاراتتى. ئۇ جەڭ پىلانلىرىنى تۈزۈپ بولدى، ئەمما بۇ ۋەزىپىنى كىمنىڭ زىممىسىگە ئارتىشنى بىلمەي بېشى قاتتى. ئۇنى، بۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بېقىپ، ھەممىسىدىن رايى قايتتى. ئىككىنچى ئوغلى پەرۋاز جە-نۇبىي ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇنغا سەردار بولۇپ جەڭ قىلىپ باققان، ئەمما ناقابىللىقىدىن موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بايرى-قىنى ئۇ يەرگە قادالمىغانىدى. 1616 ـ يىلىغىچە، ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغان سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەنىدى.

شاھزادە خۇررام مايۋال جېڭىدە ئاجايىپ ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلغان، جاھانگىرشاھ ئۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈنگەنىدى. شۇڭا بۇ قېتىم جەنۇبىي ھىندىستانغا موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھا-كىمىيىتىنى قۇرۇشقا، شاھزادە خۇررامنى قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولدى.

شاھ ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى ئالغان شاھزادە خۇررام ئاج-مېردىن دەبدەبىلىك ھالدا جەنۇبىي ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. بانۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. تۆت ئايلىق ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن خۇررام قوماندانلىقىدىكى قوشۇن جەنۇبتىكى مەندۇغا يې-

تىپ كەلدى . مايۋال بېگىنىڭ ئوغلى گىرانىسخوۋ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى .

مىلادىي 1617 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، خۇررام باشچىلىقىدىكى قوشۇن جەنۇبتىكى بۇرھانپۇر رايونىغا يېتىپ كېلىپ ، ئەھمەد شەھرىدىكى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلدى . شاھ قوشۇنىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمىگەن ئەھمەد شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئامالسىز قورغاندىن چىقىپ ، موغۇل خانلىقى بىلەن سۈلھى تۈزدى .

شاھزادە خۇررام ئەھمەد شەھرى جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن يەنە مەندۇغا قايتىپ كەلدى .

ئۇرۇش ۋاقتىدا ، خۇررام ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى مۇستەھكەم قورغان بۇرھانپۇرغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى . بانۇ ئۇ يەردە بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم ياشىدى . مىلادىي 1617 ـ يىلى ، بانۇ رۇشەنئەلا ئىسىملىك يەنە بىر قىز تۇغدى .

جەنۇبىي ھىندىستاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن خۇررام بۇرھانپۇردا يەنە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ ، بانۇنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ، جەنۇبنىڭ ھاۋاسىمۇ ئادەمگە پايدىلىق بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن دۆلەتئابادقا كۆچۈپ باردى .

شاھزادە خۇررام بىلەن بانۇ بۇ داڭلىق تارىخىي شەھەردە نەچچە ئاي ئارامخۇدا ياشىدى . بۇ يەردە ، مىلادىي 1618 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بانۇ ئۈچىنچى ئوغلىنى تۇغدى . بۇ بالا كېيىن موغۇل ئىمپېرىيىسىگە پادىشاھ بولغان ئورانزىب ئىدى .

شاھزادە خۇررامنىڭ جەنۇبىي ھىندىستاندا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى جاھانگىر شاھنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى . خۇررامنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ، ئۇ ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئۇ-

نىڭغا « شاھجاھان » دېگەن نامنى بەردى ھەمدە گادىي خەلقدىن ئوتتۇز مىڭنى ئۇنىڭغا قارام قىلدى ۋە يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بەردى . شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ، شاھزادە خۇررام « شاھجاھان » دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تونۇلدى .

جەنۇبىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن شاھجاھانىنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئۇرغۇپ ، ئەمدى گانگرانى ئېلىش نىيىتىگە كەلدى .

گانگرا مۇستەقىل ، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىچىك بىر دۆلەت ئىدى . راۋى دەرياسى بىلەن ئۇپاس دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق ، تاغلىققا جايلاشقان بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى . گانگرانىڭ مۇستەھكەم قورغىنى دەل بىر تاغنىڭ چوققىسىغا جايلاشقانىدى . ئۆز ۋاقتىدا ئەكبەرشاھنىڭ بۇ گۆھەر زېمىنغا كۆزى چۈشكەن ۋە ئۇنى ئېلىش پىلانلىرىنى تۈزگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىشقا ئاشۇرالمىغانىدى . جاھانگىرشاھ شاھ ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئېلىشقا شاھجاھاننى تەيىنلىدى .

شاھجاھان جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك قوشۇننى باشلاپ گانگرا قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى . بۇ شەھەرنىڭ بىگى قەلئە دەرۋازىسىنى چىڭ تاقاپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى . قورال كۈچىگىلا تايىنىپ بۇ قەلئەنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن شاھجاھان قەلئەنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش قارارىغا كەلدى .

جاھانگىرشاھ جاھان سورىغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئون تۆت يىل ئىچىدە ، موغۇل قوشۇنى گانگرا شەھىرىگە بولغان مۇھاسىرىسىنى زادىلا بوشاشتۇرمىغانىدى . بۇ قېتىمقى مۇھاسىرىدە شەھەرگە يەتكۈزۈلىدىغان

ئوزۇق ـ تۇلۇك پۇتۇنلەي ئۇزۇپ تاشلاندى . دەسلەپكى بىرنەچچە
كۇنده ، شەھەرنى قوغداۋاتقانلار ياۋا ئوتلار بىلەن قورساقلىرىنى
گـوللاپ بوشاشماي قارشىلىق كۆرسەتتى . ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلـ
لىپ خان ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانـ
لـىقىغا كۆزى يەتكەندە بوششپلا كەتتى . 1620 ـ يىلى ، گانگرا
شەھىرىنىڭ بېگى ئىلاجسىز شاھجاھانغا تەسلىم بولدى .
گانگرا غەلىبىسى شاھجاھاننىڭ موغۇل خانلىقىدىكى ئابـ
رويىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈردى . جاھانگىرشاھمۇ ئۇنى
تارتۇقلاپ يېنىدىكى مۇھىم ئورۇنغا قويدى .
بۇ چاغدا ئوردىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەر ئەۋجىگە چىقىپ
جىددىي ، مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەنگەندى . نۇرجاھاننىڭ
كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ ، جاھانگىرشاھ ئاتاقتىلا شاھ بولۇپ
قالغان ، خانلىقنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى نۇرجاھان قولىغا كىرگۈـ
زۇۋالغانىدى . ئۇ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ، تەسىر دائىرىسىنى
يـەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ، يېقىنلىرىنى ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى يېـ
نىغا تارتىپ ، ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋە ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېـ
رىپ ، ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان بىر گۇرۇھ تەشكىللـ
دى . جاھانگىرشاھ يەرلەرنى بۆلۈشتىن تارتىپ مۇكاپات تارقـ
تىشقىچە بولغان ھوقۇقلاردىن تارتىپ بارلىق ھوقۇقنى ئۇنىڭغا
بەرگەن ، ھەتتا ئۆزى پەرمان چۈشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان
تىللا قۇيدۇرغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، دۆلەت تەرىپىدىن چىقىرىلـ
دىغان ئەمر ـ پەرمانـلارغـا جاھانگىرشاھ بىلەن نۇرجاھان
تەڭ ئىمزا قويغان .
مىلادىي 1608 ـ يىلى ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانى جامىس I نىڭ
ئەلچىسى ۋىلىيام خاكىن جاھانگىرشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ،
ئوردىدىكى ھەشەمەتچىلىك ، باي ـ باياشاتچىلىقنى چىرايلىق

سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلىگەن . مىلادىيە 1615 ـ يىلى سىر تاموسلو جامىس I نىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە جاھانگىر شاھنىڭ ئوردىسىدا تۆت يىلدىن ئوشۇقراق تۇرغان . ئۇ نۇرجاھاننىڭ كامالەتكە يەت- كەن ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنى تەرىپ- لەپ ، ئۇنىڭ ھۆسن باپىدا جاھاندا تەڭدىشى يوق ، دەپ ماختىغان .

نۇرجاھاننىڭ ئالدىنقى ئېرى ئەلىقۇلدىن بولغان لالە بېگىم ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى . ئۇ قىزىنىڭ تەخت ۋارىسى بولالايدىغان بىرەر شاھزادىگە تېگىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇڭا ئۇ دىققەت ـ نەزىرىنى بۇ شاھزادىلەرگە ئاغدۇردى . ئۇنىڭ كۆزىگە تۇرۇپلا بۇ شاھزادە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، باتۇر كۆرۈنۈپ ئۇنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن يېنىغا تارتسا ، تۇرۇپلا ئۇ شاھزادە كۆ- زىگە ياخشى كۆرۈنۈپ ، ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك قىلىپ كېتەتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن قىزىنىڭ كەلگۈسىدە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خا- نىشىغا ئايلىنىشىنى خالىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى مەڭگۈ ئەل- نىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ، قولىدىكى دۆ- لەت قۇشنى ئۆلگۈچە ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . مۇشۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە ، نۇرجاھان ئاستىرتىن ھەر خىل قۇۋۋلۇق ـ شۇملۇقلارنى ئىشلىتىپ ، خان سارى- يىنى پىتنە ـ پاسات ، ئۆچمەنلىك ، ھەسەتخورلۇقنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى .

نۇرجاھان ئوردىدىكى ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان شۇ پەيتتە ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . نۇرجاھاننىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسىدە ، دادىسى غىياسىدىن بەگ تۆھپىسى زور ۋەزىر ئاتىلىپ ئوردىدىكى تىلى ئەڭ ئۆزۈن ئادەمگە ئايلاندى . ئاكىسى ئاسىف خانمۇ

تەسىر كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىشقا باشلىدى . بولۇپمۇ ئاجۇمەند بانۇ شاھزادە خۇررامغا تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆستى .

دەسلىپىدە ، نۇرجاھان كۈيئوغۇللۇققا خۇررامنى تاللىغان . مايۋال ۋە جەنۇبىي ھىندىستان ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن پادىشاھ خۇررامغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا زور ئىنئاملار بەرگەنىدى . نۇرجاھانمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن تارتۇقلاپ ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتقانىدى . ئەمما ، گانگىرا ئۇرۇشى غەلىبىسىدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى . چۈنكى ، خۇررام لاله بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلدى . دەسلىپىدە ، نۇرجاھان خۇررامنىڭ ئىندەككە كېلىشىنى كۈتۈپ سەۋر قىلىپ باقتى ، ئەمما ئۇنىڭ نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى . ئۇ شاھزادە شاھىيارنى كۈيئوغۇللۇققا تاللىۋېلىپ ، 1620 ـ يىلى قىزى بىلەن ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويدى .

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، موغۇل ئىمپېرىيىسى خان سارىيىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھ شەكىللەندى . بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرى ، نۇرجاھان ۋە شاھىيارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسا ، يەنە بىرى ، شاھجاھان ۋە ئاسىفخان تەرەپدارلىرى ئىدى .

ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپاغا ئۇزۇن يىللار ئۆزىنى ئۇرغان جاھانگىر شاھنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى . شاھزادىلەر شاھ ئاتىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پادىشاھلىق تەختىنىڭ تەمەسىگە چۈشتى . بۇ چاغدا ، چوڭ شاھزادە خۇسراۋ قاماقتا ،



www.uyghurkitap.com

شاھزادە پەرۋاز مۇھەممەد خان بىلەن بىرلىشىپ ئۆز كۆچىنى زورايتىشنىڭ كويىدا، شاھيار نۇرجاھاننى كۆچلۈك ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ قەستىدە ئىدى. شاھجاھان قېيناتىسى ئاسىفخاننىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، شاھيارنىڭ تەسىر كۆچى ھەممىدىن زور ئىدى. چۈنكى، پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى نۇرجاھانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ نېمىلا دېسە جاھانگىرشاھ ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى.

نۇرجاھان شاھجاھان بىلەن پەرۋازنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئوردا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇ ئىككىسىنى چەت ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىۋەتمەكچى ھەمدە كۈيئوغلى شاھيارنى ئۆز يېنىدا مۇھىم ۋەزىپىگە قويماقچى بولدى.

ئەقىللىق شاھجاھان كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتتى ھەمدە نۇرجاھاننىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئايالى بانۇمۇ ئۇنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

ئۆز ۋاقتىدا، جەنۇبىي ھىندىستان ئەھمەد شەھىرىنىڭ سەركەردىسى ئېنبور موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئىچى سىقىلىپ يۈرەتتى. ئۇ موغۇل خان سارىيىدىكى نىزالارنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ تارقىلىپ كەتكەن قالدۇق قىسىملىرىنى قايتىدىن جەملەپ، جەنۇبىي ھىندىستاندىكى موغۇل قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى ۋە غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن تىكلىدى.

جاھانگىر شاھ ئىنبور توپىلىڭىنى ئۆز ۋاقتىدا تىنجىتىش ئۈچۈن، شاھجاھاننى يەنە بىر قېتىم جەنۇبقا ئەۋەتتى.

1620 ـ يىلى شاھجاھان جەنۇبقا يەنە ئاتلاندى ۋە بۇ قېتىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەھمەد شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. شاھجاھاننىڭ ئەلپازىدىن قورققان بىكاپۇر، گورگۇڭدالارنىڭ كاتتىۋاشلىرى موغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن سۇلھى تۈزدى. نۇرجاھان شاھجاھاننىڭ كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان تەسىر دائىرىسىنى چەكلەش، ئۆزىگە دۈشمەنلەرنى پايتەختتىن مەڭگۈ نېرى قىلىش بىلەن بىرگە مۇھەممەد خان بىلەن پەرۋازنىمۇ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبقا ئەۋەتتى.

ئاسىف خانمۇ كۈيئوغلى شاھجاھاننىڭ بۇ قورالىق جاڭجالدا ئۇتۇپ چىقىشى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ پايتەخت ئاگرادىن ئايرىلماي ئۇردا ئىچىدىكى سۈيىقەستلەردىن، مەزھەپلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، نۇرجاھاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن شاھجاھاننى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇردى.

ئاسىف خان ئىنبور توپىلىڭىنى تىنجىتىشتىن ئاۋۋاللا جاھانگىر شاھ بىلەن نۇرجاھاننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەقىپ ئاستىدىكى خۇسراۋ شاھزادىنى قولىغا ئۆتكۈزۈۋالغان، ئاندىن شاھجاھانغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شاھجاھان جەنۇبىي ھىندىستانغا ئۈرۈشقا ئاتلانغاندا، جاھانگىر شاھ خۇسراۋنىڭمۇ بىللە بېرىشى توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەن، مىلادىي 1622 ـ يىلى، شاھجاھان ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى بۇرھانپۇردا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن ھەمدە شۇ جايغا دەپنە قىلدۇرغاندى.

شاھزادە خۇسراۋنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇقمۇ قىزىقارلىق رىۋايەتلەر بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىشنى شاھجاھاننىڭ يېقىن

ئادىمى راجا ئۇنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن قىلغانىكەن . بىر كۈنى شاھجاھان قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ شىكارغا چىققان . شۇ ئاخشىمى راجا خۇسراۋنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ ، ئۆزىنىڭ خان يارلىقىنى ئېلىپ كەلگىنىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئاچتۇرۇشقا ئۇرۇنغان . ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۈتمىگەن شاھزادە ئىشىكنى ئاچـ قىلى ئۇنىمىغان . راجا ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ قۇرۇق قول شاھزادىنى يەرگە بېسىۋېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ، ئاندىن بۇ ئۆمرى كۆتە شاھزادىنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتكەن . شاھجاھان شاھ ئاتىسىغا خۇسراۋنى ئاشقازان كېسىلى بىلەن ئۆلدى ، دەپ مەلۇم قىلغان . جاھانگىرشاھ ئۇنىڭ جەسـ تىنى پايتەختتە ئەكېلىپ ، ئاندىن ئاللاھئابادقا ئاپىرىپ ، تۇغقان ئانىسىنىڭ قېشىغا يەرلىككە قويۇش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرـ گەن . كېيىن بۇ يەرگە شۇ ۋەجىدىن خۇسراۋ قەبرىستانلىقى دەپ نام بېرىلگەن .

تا بۈگۈنگىچە ، بۇ ئۆمرى قىسقا شاھزادىنىڭ قەبرىسى خۇددى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىدىن زارـ لىنىپ بېرىۋاتقاندەك ، شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ .

شاھ تەختىگە ۋارىس تىكلەش بىر خانلىق ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىش . موغۇل خانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكى ، ۋارىس تىكلەش ھەققىدە بىرەر بەلگىلىمە تۈزمىگەنلىكىدە ، شۇڭا كېيىنكى ئۇرۇنلاشتۇرۇشلارغا ھېچكىم بويسۇنمىغان . شۇ ۋەجىدىن پادىشاھ بولغان كىشى كۆز يۇمۇشى بىلەن تەڭ ، ئوردىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىپ ، قوراللىق توقۇنۇش ، قان ـ قېـ رىنداشلار بىر ـ بىرىنى قىرىشتەك پاجىئەلەر يۈز بەرگەن . شاھزادە خۇسراۋنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ، تەخت تالىشىپ قان تۆـ كۈشنىڭ تۈنجى نامايەندىسى بولۇپ قالغانىدى .

www.uyghurkitap.com

شاھزادە خۇسراۋ جاھانگىر شاھنىڭ چوڭ ئوغلى ، ئەسلىدە شاھ تەختىنىڭ قىل سىغمايدىغان ۋارىسى ، لېكىن ئۇ شاھ ئاتىسى تەرىپىدىن قامالدى ، قېرىندىشى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى . بۇنداق پاجىئە موغۇل خان تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك ئەھۋال !

جاھانگىر شاھنىڭ ياشىنىپ ، كۈندىن ــ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن شاھجاھان ، پۇرسەت كەلدى ، دەپ بىلىپ ، ھەدەپ كۈچىنى زورايتىپ ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ قەستىگە چۈشتى . بانۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى .

مىلادىي 1622 ــ يىلى ، پارس خانى شاھى ئابباس موغۇل خانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قولىدىن كەتكەن زېمىنى قەندەھارنى قايتۇرۇۋالدى . ئالدىنقى سەپنىڭ ۋەزىيىتى بەكمۇ جىددىي ئىدى . بۇ جىددىي ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، جاھانگىر شاھ يەنىلا شاھجاھاننى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمەكچى بولدى . لېكىن ئۇ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن باھانە ــ سەۋەب كۆرسىتىپ شاھ ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈگەنگە باراۋەر ئىدى .

شاھجاھان نۇرجاھاننىڭ ئوردىدىكى ئىمتىياز ۋە تەسىرىگە ھەسەت قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۈيئوغلى شاھيارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ ھوشيارلىق بىلەن دىققەت قىلىشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ ، شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كەتتى .

جاھانگىر شاھ ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ، ھەر يىلى كەشمىرگە ئوخشاش مەنزىرىلىك جايلارغا ئىستىراھەتكە بېرىپ

تـۇراتتى . دۆلەت ئىچىدىكى تېۋىپلار بىلەن نۇرجاھان ئۇنىڭ ھا-
لىدىن كېچە ــ كۈندۈز خەۋەر ئېلىپ ئۇنى كۈتەتتى ، لېكىن
شاھنىڭ سالامەتلىكىدە ھېچقانچە ياخشىلىنىش كۆرۈنمىدى . بۇ-
نىڭدىن نۇرجاھاننىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوقالدى . ئۇنىڭسىزمۇ
نۇرجاھانغا بەختسىزلىك كەينى ــ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ
دادىسى غىياسىددىن بەگ 1621 ــ يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىل
ئۆتـەر ــ ئۆتمەيلا ئانىسىمۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى . چەكسىز
ھەسرەتتە قالغان نۇرجاھان ئۇ ئىككىسىنى جەمنە دەرياسى بويىغا
قـويدى . ئاق مەرمەر تاشتا قوپۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بۇ قەبرىگاھ
ھـازىرمۇ « ئېتمەتۇللا قەبرىگاھى » نامى بىلەن جاھانغا مەشھۇر .
ئۇنىڭدىكى مېمارلىق سەنئىتى موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە كاما-
لەتكە يەتكەن مەدەنىيەت ، سەنئەتنىڭ روشەن نامايەندىسى .

شاھجاھان ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى
بەكلا يۇقىرى ساناپ قالغانىدى . ئۇ جاھانگىر شاھنىڭ ساقسىزلى-
قىنى نۇرجاھانغا پايدىسىز ئامىل دەپ بىلىپ ، ئاگراغا ئەسكەر
تـارتىپ ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى . ئويلىمىغان يەردىن ،
ئۇنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى سېزىپ قالغان پادىشاھ ، شاھزادە
پەرۋاز بىلەن مۇھەممەد خان باشچىلىقىدىكى خان ئارمىيىسىنى
ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇردى . يولدا ئىككى قوشۇن توقۇنۇشۇپ
قالدى . بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن شاھجاھاننىڭ قوشۇنى
تارمار بولۇپ جەنۇبقا قاچتى ،خاننىڭ قوشۇنى ئىز بېسىپ قوغلاپ
زەربـە بەردى . شاھجاھاننىڭ قوشۇنى شەھەرمۇشەھەر قوغلىنىپ
پـۈت تىققۇدەك جاي تاپالماي قالدى . ئەنە شۇ چاغدىلا ، ئۇ ئۆزى-
نىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇش شېرىن چۈشىنىڭ بەربات بول-
غىنىنى ھېس قىلدى . ئۇ قېچىپ يۈرۈشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە
تـارتـقاندىن كېيىن مۇھەممەد خانغا تەسلىم بولۇش خىيالىغا كەلدى .

بۇ خىل قېچىپ، مۆكۈپ يۈرۈيدىغان تۇرمۇش ئارجۇمەند بانۇنىڭمۇ جېنىغا تەگكەنىدى. ئۇ شاھجاھان بىلەن ئۆي قىلغاندىن بېرى ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ ئەركە خوتۇنى، كۆڭۈل قويغان مەشۇقى بولۇپ مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە راھەت ياشاپ كەلگەن، ئېرىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئەزەلدىن ئارىلىشىپ باقمىغانىدى. لېكىن، قىسقا مۇددەتلىك سەرگەردانلىق تۇرمۇشتىن ئۇ، باتۇرلۇقتا، قاراملىقتا تايىنىپلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىكەن، شىجائەتتىن باشقا پاراسەتمۇ كېرەككەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

شاھجاھاننىڭ بارگاھى ئاللاھئابادتىن ئۈچ ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يەرگە قۇرۇلغانىدى. پۈتكۈل بارگاھتىكىلەرنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. مەغلۇبىيەت بىلەن ئىزادەستىدىن شاھجاھاننىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭمۇ رايى قايتىپ، قىزغىنلىقى سوۋۇغان، كىچىككىنە تېۋىشتىنمۇ شاھ قوشۇنلىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ چۆچۈيدىغان دەرىجىدە يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدى. ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتتىن شاھجاھاننىڭمۇ روھى سۇنۇپ، بۇرۇنقى ئاسايىشلىق تۇرمۇشنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ شاھ ئاتىسى باشلىق پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىكەنلىكىدەك پايدىسىز ئەھۋال ئاستىدا قالغانلىقىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى ھەمدە ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ خىل پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنىڭ قانداق قىلسىمۇ قىيىنلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

بۇ كۈنى، شاھجاھان بارگاھدا بېشىنى سالغىنىچە سالپىيىپ ئولتۇراتتى. بانۇ مۇڭلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۇنىڭغا قارايتتى. ئۇنىڭ گۈزەل چېھرى غەم - قايغۇدىن سولاشقانىدى. شاھجاھان ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن قاراپ

كېتىپ، بىر چاغدا :
— بانۇ، بۇنچە غەمگە چۆكۈپ كەتتىڭىز، سىزگە قاراپ مەن چىدىيالمايدىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇرۇش ئوتى قىستاپ كەلسە، قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئەمدى ئامالىمىز قالمىدى، — دېدى.
— بۇنىڭدىن ئۇنچە ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالمىسىلا، سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختايدۇ. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولساقمۇ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى تېپىلىپ قالار. مېنىڭچە، بۇ ئەھۋالدىن ئۇرۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق قۇتۇلالايمىز. . — دېدى بانۇ شاھجاھاننىڭ مۈرىسىگە قولــنــى قــويــۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە.
— قانداق دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق دەيسىز؟ قېنى، تېزراق دەپ باقسىڭىزچۇ! كەينى - كەينىدىن كەلگەن تالاپەتلەر كۆزلىرىمنى قارا بۇلۇتتەك توسۇپ، زەررىچە يورۇقلۇق ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ، — دېدى شاھجاھان نۇرجاھاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئىلتىجا بىلەن.
— ئەڭ ياخشىسى، شاھ ئاتىمىز بىلەن يارىشىۋالسىلا. مۇھەممەد خاننىڭ چىن كۆڭلىدىن سىلىگە قارشى لەشكەر تارتقۇسى يوق، سىلىنى بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا قويغۇسى تېخىمۇ يوق. ئۇ ھاما ئاچامنىڭ ئوردىدىكى تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئامالسىز مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ.
— سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، شاھ ئاتامغا تەسلىم بولسام بولىدىكەن - دە؟
— شۇنداق، ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا مۇشۇنداق قىلىش ئەڭ ئاقىلانە چارە ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا دېسىلە، ھاما ئاچام نۇرجا-

www.uyghurkitap.com

ھانىنىڭ كۈچى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا زور . شاھ ئاتىسىز
كېسەلچان بولۇپ قالغاچقا كۆپ ۋاقتىنى كەشمىردە دەم ئېلىش
بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، ئوردا ئىشلىرىغا قول تىقىشقا ھەپىلىسى
يوق . ئەمما ، دادام پايتەختتە . ئۇ ئوردىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ
بىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىدۇ . كەلگۈسىدە
شەرت ـ شارائىت پىشقان ھامان قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىسىلا
بولىۋېرىدۇ ، ــــ دېدى بانۇ ۋەزمىنلىك بىلەن .

ئىككىيلەن ۋەزىيەتنى تولۇق مۆلچەرلىگەندىن كېيىن
شاھجاھان شاھ ئاتىسى بىلەن يارىششنى توغرا تاپتى . ئۇ مۇ-
ھەممەد خانىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇش توختىتىش باياناتى ئېلان قىلدى
ھەمدە پادىشاھقا تۆۋەنامە يېزىپ ئەۋەتتى .

ئەمەلىيەتتە ، جاھانگىر شاھنىڭمۇ شاھجاھان بىلەن دۈش-
مەنلەشكۈسى يوق ئىدى . شۇڭىنىسى ، نۇرجاھان ئۆز مەنپەئەتىنى
كۆزدە تۇتۇپ شاھجاھاننى يوقىتىشنىڭلا كويىدا قالغاچقا ، پادى-
شاھنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ شاھجاھانغا بەكمۇ شەپقەتسىز شەرتـ-
لەرنى قويدى .

يارىشىش شەرتلىرىگە بىنائەن ، شاھجاھان ئىككى ئوغلىنى
خان ئوردىسىغا رەنىگە قويدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق پادىشاھقا
مەڭگۈ ئاسيلىق قىلماسلىققا قەسەم بەردى . جاھانگىر شاھ ئۇنى
قەندەھاردىكى قوشۇنغا سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى . شاھجاھان
شۇ يەرگە ۋەزىپە ئۆتەشكە ئاتلاندى .

بانۇ بۇ كېلىشىمدىن تولىمۇ رازى بولدى . چۈنكى ، ئېرى
بىلەن ئىككىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم يا-
شىيالايتتى ھەم باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالايتتى .

جاھانگىر شاھنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان
سالامەتلىكىدىن ۋايىم يېگەن نۇرجاھان تېپىرلاپلا قالدى . ئۇ ئىم-

پېرىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، كۆچ توپلاشنى تېخىمۇ تېزلەتتى . لې-كىن ، مۇھەممەد خاننىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان تەسىر دائى-رىسى ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى . بولۇپمۇ ، شاھجاھان توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى . نۇرجاھان ئۇنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويالمايتتى ، شۇڭا ئۇ پەيتنى كەلتۈرۈپ مۇھەممەد خاننىڭ كۈچلىرىنى كۆزدىن يوقىتىش قەستىگە چۈشتى .

بۇنداق پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى .

بىر كۈنى ، مۇھەممەدخان شاھقا مەلۇم قىلماستىنلا قىزى-نىڭ توينى قىلىۋالدى . ئەينى زاماندىكى بەلگىلىمە بويىچە ، مەيلى ئاقسۆڭەك ياكى باي ـ زەردار بولسۇن ، پادىشاھنىڭ ماقۇل-لۇقىنى ئالماستىن بالا ـ چاقىلىرىنىڭ توينى قىلالمايتتى . مۇ-ھەممەدخاننىڭ تويدىن بۇرۇن پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماس-لىقى ، تويدىن كېيىن گۇناھىغا توۋا قىلماسلىقى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئىدى . نۇرجاھان بۇ ئىشنى تۇتۇۋېلىپ جىمى ئوردا ئەھلى ئالدىدا مۇھەممەدخاننى ئاسماندىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى . بۇلارمۇ يەتمىگەندەك ئۇنىڭ كۈيئوغلىنى جىنايەتچى قاتارىدا زىندانغا سالدى . بۇ ئىشلار جېنىدىن ئۆتكەن مۇھەممەدخاننىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ئوتى ياندى .

مىلادىي 1626 ـ يىلى جاھانگىرشاھ كەشمىردىن پايتەختكە قايتىپ كېلىش سەپىرىدە جىلىم دەرياسى بويىدا توختىدى . پۇرسەت كەلدى دەپ بىلگەن مۇھەممەدخان ئەسكەرلىرىنى دەريا-دىن خۇپىيانە ئۆتكۈزۈپ ، بارگاھقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ جا-ھانگىرشاھنى ئەسىرگە ئالماقچى بولدى . تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن نۇرجاھان قاتتىق چۆچۈگەن بولسىمۇ ، دەرھال ئۆزىنى

تـۇتۇۋېلىپ ئەقلىنى ئىشقا سالدى . ئۇ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ، كەيپكە ئۇستىلىقىنى ئىشقا سېلىپ ، مۇھەممەدخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى سۆز بىـلەن قايىل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ھەربىي ئۆزگىـرىش مەغلۇپ بولدى .

نۇرجاھان جاھانگىرشاھنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ ، توپىلاڭنى تـىنجىتىش نامى بىلەن مۇھەممەدخاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقاردى . خان ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۇھەممەدخان جەنۇبقا قېچىپ بېرىپ شاھجاھان بىلەن بىرلەشتى . مۇھەممەدخان بىلەن شاھجاھاندىن ئىبارەت ئىككى كۈچ-لىـنىڭ كۈچنىڭ بىرلەشكىنىدىن خاۋاتىرلەنگەن نۇرجاھان ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئۇلارنى بىتچىت قىلىش قارارىغا كەلدى ، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشمىدى . جاھانگىرشاھنىڭ ئەھۋالى كۈن-دىن ـ كۈندىن پەسلەپ كېتىۋاتاتتى . نۇرجاھان قۇلىقى ئاگاھلاندۇرغانلىقى داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇنى داۋالاتقان بولسىمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى . مىلادىي 1627 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ، جاھانگىر شاھ كەشمىردىن قايتىش يولىدا ، لاھوردا ۋاپات بولدى .

پـايـتەخت ئاگرادىن مىڭلاپ چاقىرىم يىراقلىقتا ۋاپات بول-غان جاھانگىرشاھنىڭ ئۆلۈمى ، شاھزادە شاھرىيارنىڭ ناقابىللى-قىدىن ئىبارەت پايدىسىز ئامىللار نۇرجاھاننىڭ پۇت ـ قولىنى چـۇشەپ قويدى . شۇنداقتىمۇ ، نۇرجاھان بۇ يامان ۋەزىيەت ئال-دىـدا بوشىشىپ كەتمىدى ، ئەكسىچە بۇ بىر مەيدان تەخت تالى-شىش كۆرىشىگە جان پىدا قىلىش نىيىتىگە كەلدى !

## 8 . خانىش مۇمتاج ماھال

موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىدا ، بىرەر پادىشاھ كۆز يۇ-

مۇشى ھامان شاھ تەختىنى تالىشىش قانلىق كۈرىشى باشلىنىپ كېتەتتى . جاھانگىر شاھنىڭ ئۆلۈمىمۇ مۇشۇنداق ئېچكى نىزالارنى ئېلىپ كەلدى .

جاھانگىر شاھنىڭ تۆت ئوغلىدىن پەرۋاز 1626 ـ يىلى ئۆ- لۈپ كەتكەن ، خۇسراۋنى شاھجاھان قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ، تەخت تالىشىش شاھجاھان بىلەن شاھيارغا قالغانىدى .

شاھيار نۇرجاھاننىڭ كۈيئوغلى بولغاچقا ، نۇرجاھان بى- لەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ شاھلىق تەختىگە بالدۇرراق چىقىشى ئۈچۈن ئاللىقاچان ھەرى- كەتكە چۈشكەنىدى . شاھجاھانمۇ قېيناتىسى ئاسىف خاننىڭ قول- لىشىغا ئىگە ئىدى . گەرچە ئۇ پايتەخت ئاگرادىن يىراق جايدا تۇرسىمۇ ، مۇھىم ئەمەل تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنى ، ئوردىدىكى قېينا- تىسى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقىنى ئۈچۈن ، ئوردا ۋەزىيىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇراتتى . ئۇ شاھ ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنىمۇ ئاسىف خاندىن شۇ كۈنى ئاڭلىدى ـ دە ، لەشكەر تارتىپ ئاگراغا قاراپ ئات سالدى .

بۇ چاغدا ، نۇرجاھان قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى . جاھانگىر شاھ ئۆلۈشى بىلەن تەڭ ئۇ يۆلىنىدىغان تېغى ، ئىشەنچ ، كۈچى- دىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەتتە قالدى ، شاھجاھاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى .

نۇرجاھان جاھانگىر شاھنى لاھورغا يېقىن « شەھى- دۇللا قەبرىسانلىقى » غا دەپنە قىلىۋېتىپلا پايتەختكە قايتتى . ئۇ شاھيارنى تەختكە چىقىرىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى تەخ قىلىپ بولغاندا ، ئاسىف خاننىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، نۇرجاھان ئاسىف خان بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆپ قېتىم

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئاسىف خان رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بىر قورساق ئاكا ـ سىڭىل ھەرقايسىسى ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ رەقىبلەرگە ئايلاندى.

ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان شاھيار لاھور ئەتراپىدىلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزىنى پادىشاھ، دەپ ئاشكارا ئېلان قىلدى ھەمدە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ شاھجاھاننىڭ ھۇجۇمىغا تەييار بولۇپ تۇردى.

لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان شاھجاھان لاھورغا ئۇن ئالتە چاقىرىم قالغان يەردە شاھيارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كەسكىن جەڭ شاھيارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن نەتىجىلەندى.

ئەتىسى، شاھجاھان لاھوردا بەگ ـ غوجا ۋە ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مىلادىيە 1628 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، پايتەخت ئاگرادىكى پۇرمەن قەلئەسىدە داغدۇغىلىق تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاجۇمىند بانۇمۇ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانىشلىق تاجىنى تاقىدى. شاھجاھان يەنە ئۇنىڭغا «مۇمتاج ماھال»① دېگەن سەلتەنەتلىك نامنى بەردى.

شاھجاھان تەختكە چىققاندىن كېيىن غەيرىيلەرنى چەتكە قېقىپ، يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى يىلتىزىدىن يوقاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ھاكىمىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان بارلىق ھوقۇقدارلارنى يوقاتتى ھەمدە قېرىنداشلىرى شاھيار بىلەن خۇسراۋنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىپ تاشلىدى. ئەمما ئۇ نۇرجاھانغا

① جۈپتى يوق گۈزەل، خاقانىنىڭ ئەڭ ئامراق خانىشى، دېگەن مەنىدە.

ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار ئىدى. بىرى، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزسە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشىدىن ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن خەۋپسىرىدى. يەنە بىرى، سىياسىي جەھەتتىن پالاكەت باسقان، جىمى ھوقۇقىدىن ئايرىلغان نۇرجاھاننىڭ قارشى تۇرغۇدەك، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ نۇرجاھانغا ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيە پۇل بېرىپ، ئۇردا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈش، پايتەخت ئاگرادىن چىقىپ كېتىپ خىلۋەت بىر جايدا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى.

موغۇل خانلىقىنىڭ تارىخىدا، خاندانلىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ھوقۇقدارلارمۇ ئالمىشىدۇ. مۇمتاج ماھال بىر ئۆرلەپلا ئىمپېرىيىنىڭ خانىشى بولغاندىن كېيىن تۈگىمەس ـ پۈتمەس بايلىق، سەلتەنەت نۇرىغا چۆمۈلدى. ئۇ دۇر ـ جاۋاھىر، كىمخابلارغا پۈركەنگەن ھالدا، كېنىزەك ـ چۆرىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارامبەخش ياشاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەللىشىپ كەتتى.

بۇ كۈنى، نۇرجاھان پەيتەختتىن ئايرىلىپ لاھورغا قاراپ يولغا چىقماقچىدى. مېڭىشتىن بۇرۇن مۇمتاج ماھال بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ئۇ ئالدىراپ بىرنېمە دېمەستىن خىزمەتكارلارنى قول ئىشارىسى بىلەن چىقىرىۋەتتى ـ دە، چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. نۇرجاھاننىڭ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشى تۇغقانلىق مېھرىدىنمىدۇ ياكى مەلۇم سىياسىي مۇددىئادىنمىدۇ؟ ئۇ بىراز ئارىسالدى بولۇپ قالدى. تۇرۇپلا يەنە، نۇرجاھاننىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا شاھجاھان بىلەن قارشىلاشقۇدەك قۇدرەت قالمىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش

قارارىغا كەلدى . ئۇ نۇرجاھاننىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن ئۆزى مېھمانخانىغا چىقتى .

نۇرجاھان ئاستا مېڭىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە مەيۈس ھالدا نەزەر سالدى . بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە ، ھەتتا خىزمەتكارلارغىچە ئۆزگەرمىگەن ، پەقەت خوجايىنلا ئۆزگەرگەنىدى . ئۇ بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر كەلمەسكە كەتكەنىدى . بۇرۇنلاردا ئۇنىڭ ئالدىدا نەچچە پۇكۇلۇپ ، ئۇنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىش ئۈچۈن ئەتىدىن – كەچكىچە كۈچۈكلىنىپ يۈرۈيدىغان ئاشۇ ئادەملەر ئەمدى ئۇنىڭغا سىڭا كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان چۆرە – دېدەكلەرمۇ ئۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى . بۇ ئىشلار قاتتىق ھار كەلگەن نۇرجاھان كۆزىگە ياش ئالدى . دەرھەقىقەت ، « مەندە تۇرماس بۇ مېھنەت ، سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت » دېگەندەك ، پەقەت ۋاقىتلا مەڭگۈلۈك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەن . ئۇ كۆزىدىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان يېشىنى زەردە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ، ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۆزىنى رۇسلاپ مۇمتاج ماھال ئولتۇرغان يەرگە قاراپ قەدەم ئالدى.

نۇرجاھان مۇمتاج ماھالغا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى . مۇمتاج ماھالمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ دېدى :

— كېلىشىڭىزنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇرسەن بولدۇم . ماڭا ئېيتارىڭىز بولسا بەھۇزۇر سۆزلەۋېرىڭ ، — مۇمتاج ماھال بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقۇچە ئۆزىنىڭ بىر خانىش ، ئالدىدىكى ئايالنىڭ بولسا نەزەردىن چۈشۈپ كەتكەن بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمىغانىدى .

شۇنداقتىمۇ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى يېقىنلاشتۇردى. بۇ ئىككىيلەن بىر ئائىلىدىن چىققان، نۇرجاھاننىڭ دادىسى غىياسىدىن بەگ مۇمتاج ماھالنىڭ بوۋىسى ئىدى. دەل مۇشۇ قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن مۇمتاج ماھال بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى تېزلا ئۇنتۇپ ھامما ئاچىسىغا يېقىنچىلىق قىلغىلى تۇردى. نۇرجاھاننىڭ سىياسى سەھنىدە بىر مەزگىل دەۋر سۈرەلىشىدىكى ئاساسى سەۋەب، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ قۇدرىتى ئىكەنلىكى مۇمتاج ماھالغا ئايان ئىدى. بۇ تەرىپىدىن بۇ ئىككىسى ناھايىتى ئوخشايدۇ ــ ھە! ئەمدى مۇمتاج ماھال نۇرجاھانغا چىن يۈرىكىدىن ھېسداشلىقتا ئۆتتى.

ــ بۇ يەردىن كېتىشتىن ئىلگىرى سىز بىلەن دىدارلاشقۇم كەلدى. كىچىكىڭىزدىن سىزگە ئامراق ئىدىم، پەقەت يېنىمدىن ئايرىمايتتىم، چوڭ بولغىنىڭىزدىمۇ دائىم ئۆيۈمگە ئەكىتىپ تۇرغۇزاتتىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ ئەسلىمىلىرىم بىلەنلا قالدىم. مېڭىشتىن ئىلگىرى سىز بىلەن ئوتتەك كۆرۈشكۈم كەلدى. باشقىچە ئويلاپ قالمايدىغانسىز؟

ــ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئويلىمايمەن. بۇرۇنقى تەلىم ــ تەربىيلىرىڭىز، مېھرىبانلىقلىرىڭىز تا ھازىرغىچە تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىمدە. سىزنىڭ، دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش، پەقەت بەزى ئاياللارلا ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، باشقا ئاياللارغا قاراتمايدۇ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە مەڭگۈ نائىل بولالايدۇ، بۇنداق ئاياللار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللار جۈملىسىدىندۇر، دېگىنىڭىز، خۇددى زىرىدەك ھازىرغىچە قۇلىقىمدا. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ ئەقىدىڭىزدە چىڭ تۇرۇپ كەلدىڭىز، مەنمۇ بۇنى تۇرمۇش مىزانىم قىلىپ كەلدىم. مۇشۇ-

نىڭدىن قارىغاندا، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ — دېدى مۇمتاج ماھال ھېسداشلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدەك ئۇ-نىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— بۇ رېئاللىقنى تونۇپ يەتكىنىڭىزدىن خۇرسەنمەن، سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەلىيەتكە بەك ئۇيغۇن. بۇ دۇنيادا كۆرمىگىنىم ئاز قالدى. بىر پارچە قۇتۇرماچىنى دەپ دادامنى يىغلاپ خاپا قىلى-غىنىمنى ھېلىمۇ ئېسىمدە، جاھانگىرشاھنىڭ ماڭا ئېرىشىش كويىدا چوڭ قارا ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگىنىمۇ كۆز ئالدىمدا. مەنمۇ ئارزۇيۇمغا بىنائەن موغۇل ئىمپىرىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش خىيالىدا بولغان ھەم شۇ يولدا جىق ئۇرۇن-غان، لېكىن بۇ ئىشلارنى قىلىشمغا سەۋەبچى بولغان بىرلا ئىش بار... — نۇرجاھان سۆزلەۋېتىپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

— ئۇ نېمە ئىش؟ — تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى مۇمە-تاج ماھال.

— ئۇ بولسىمۇ دەۋر، ئېتىقاد ۋە سىياسەت. سىزمۇ بىلى-سىز، موغۇل ئىمپىرىيىسىنىڭ ئادەم قورققۇدەك بەلگىلىمە - تۇ-زۇملىرى بار، بۇ ئىمپىرىيىنىڭ پادىشاھلىرى بىر - بىرىدىن زالىم، مۇستەبىت. ئۇلار خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى ئالىقىنىغا ئې-لىۋېلىپ خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىۋېرىدۇ. بىرەر ئادەم قىلچىلىك ئىشتا دىتىغا ياقماي قالسا ئۇنىڭ جېنىنى قۇشقاچنىڭ ئورنىدا ئې-لىۋېرىدۇ. شۇڭا، ھەربىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا، پا-دىشاھنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەر ۋاقىت ئوۋلاپ، نېمە دېسە شۇنىڭغا كۆنۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، — نۇرجاھان شاگىرتىغا تەلىم بېرىۋاتقان ئۇستازدەك سۆزلەيتتى.

— گەپلىرىڭىزنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر ئىكەن، مېنى ئويغا سېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇمتاج ماھال.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

— مەن ئەكبەرشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈر-
دۈم ، جاھانگىر شاھنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىمۇ ئۆز كۆزۈم
بىلەن كۆردۈم . نەچچە ئون يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىمدىن
شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى ، موغۇل ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلى-
رىنىڭ بىردىنبىر قىزىقىدىغىنى شاھلىق تەختى بىلەن ھوقۇق .
ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىسى بالىسىنى ، بالىسى ئاتىسىنى ئۆلتۈ-
رۈشتىنمۇ ئايانمايدۇ . بۇنداق رەھىمسىز ۋە نومۇسسىز قىلمىشلارنى
سىزمۇ كۆردىڭىز . كىشىلەر ، ھايۋانلارنى ياۋايى ، شەپقەتسىز دې-
يىشىدۇ ، لېكىن بۇ جەھەتتە بۇلار ھايۋانغىمۇ يەتمەيدۇ ! ھايۋان
جېنىدا بالىلىرىغا كۆيۈنۈشنى بىلىدۇ ، ھالبۇكى . . . — نۇرجاھان
توختاپ قالدى . ئۇ مۇستەھكەم قىيا تاشلاردىن تېشىپ ئۆتۈپ ،
ئۆتمۈش قارا كۈنلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ، ئېگىز
تاش تامغا تىكىلدى .

مۇمتاج ماھال نۇرجاھاننىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە كۆزىنى
مىت قىلماي قاراپ تۇراتتى . بۇ ياشلار ھاياجانلىق ھەم ھەسرەت-
لىك بىر يۈرەكتىن چىقىۋاتاتتى . ئۇ رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن
نۇرجاھاننىڭ كۆز ياشلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى .

— نېمىشقا بۇنچە قايغۇ بىلەن ياش تۆكىسىز ؟ — دەپ
سورىدى ئۇ گۆدەكلەرچە .

— ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك ھەسرەت چېكىپ ، ياش تۆ-
كۈپ باقمايتتىكەنمەن . بۇرۇن مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، قايغۇ -
ئەلەملىرىم ، كۆز ياشلىرىمنى ئارقامغا تاشلىۋەتكەنىدىم . كىمكى
ئازابلىنىپ يىغلىسا ، مەن شۇنى مازاق قىلاتتىم . چۈنكى مېنىڭ
بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمدا ، پەقەت كۈلۈش ھوقۇقۇملا بار
ئىدى . مانا بۈگۈن يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىغا ئورناپ كەتكەن
ئۇزۇن يىللىق داغ - ھەسرەتلىرىم ئېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ . پەقەت

www.uyghurkitap.com

كۇلۇشۇمگىلا رۇخسەت قىلىنغان تۇرمۇشۇم كەلمەسكە كېتىپ، روھىي كىشەنلىرىم پاچاقلاپ تاشلاندى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئەسلىدىكى مەنگە قايتتىم.

— بۇ گېپىڭىزگە ئەجەب چۈشىنەلمەي قالدىم. بۇرۇن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا قايغۇ ـ ھەسرەت نېمىش قىلسۇن؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى مۇمتاج ماھال.

— ھېلى دەپ ئۆتتۇمغۇ، روھىي كىشەندىن ئازاد بولدۇم، دەپ. ھالبۇكى، ئازاب تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ئازاب. كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدۇ، ئەمما يۈرىكىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، — دېدى نۇرجاھان مۇمتاج ماھالغا قاراپ.

— ئىچىڭىزدىكى گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاشقا تەشنامەن. سىزنىڭ گەپلىرىڭىز ماڭا ساۋاق بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — مۇمتاج ماھالنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى يۈرىكى مۇجۇلغان، روھىي سۇنغان بۇ ئايال بىلەن بۇرۇن جاھانغا پاتماي كەتكەن سۈرلۈك خانىشنى سېلىشتۇرغىلى ھەرگىز بولمايتتى. ئۇ موغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئەڭ چوڭ ھوقۇق تۇتقان، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان خانىش نۇرجاھانىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇرلىرىدىكى كونا جاراھەتلەرنىڭ ئۇنى تا مۇشۇ كۈنگىچە قىيناپ كېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى.

— بانۇ، — نۇرجاھان تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن، — كونا نامىڭىز بىلەن ئاتاپ سالغىنىم ئۈچۈن مىنى كەچۈرۈڭ، — دېدى، — بىراق، سىز ئاكامنىڭ قىزى، مېنىڭمۇ سىزنى باققان يەرلىرىم بار. ئايال كىشى ھامانەم ئەر كىشىنىڭ كۆڭۈل خۇشى. مۇشۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ھەممە ئەر كىشى ئۈچۈن بارلىقنى ئاتىغاندىلا، ئايال كىشى ئاندىن خاتىرجەم، بەختلىك

تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ . . . مەن كۆڭلۈمدە شۇنى خالىغان بولساممۇ ، لېكىن مۇراد ـ مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم .

ــ قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى راست دەۋاتامسىز ياكى چاقچاقمۇ ؟ ــ نۇرجاھاننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مۇمتاج ماھال ھەيرانۇھەس بولدى . بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بۇ داڭلىق خانىشنىڭ دەردىنىڭ بۇنچىۋالا چوڭقۇرلۇقى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەنىدى . ئۇنىڭچە ، نۇرجاھان باشتىن ـ ئاخىر سەلتەنەت ، بەخت ئىچىدە شادىمان ياشاپ كەلگەنىدى .

ــ بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭ ، بۇ بىر ئاچچىق ھەقىقەت . ھەربىر ئايالنىڭ قەدىرلەپ ساقلايدىغان بىر يېرى بولىدۇ . ئۇ بۇ قەدىرلىك نەرسىنى كۆرگەنلا ئەرگە تاپشۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەيدۇ ، بەلكى ئۆز ئارزۇسىغا ، شەرتلىرىگە ئاساسەن ئائىلە قۇرۇشنى ، بالىلىرىغا مېھرىبان ئانا ، ئېرىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى بولۇپ ياشاشنى خالايدۇ . مانا مەن ئاشۇنداق ئائىلىگە ئېرىشكەن . ئوماق قىزىم ، ئامراق ئېرىم ، ھەممە ، ھەممە نېمەم بار بىر ئائىلىگە ئېرىشىپ ، خۇشاللىق ، بەختنىڭ پەيزىنى سۈرگەنىدىم . تۇساتتىن ، مېنىڭ بۇ بەختلىك ئائىلەمگە كۆز تەگدى . جاھانگىر شاھنىڭ سەركەردىلىرى ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ ئېرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . مەن تول قالدىم . تۇيۇقسىز كەلگەن تولچىلىق قەلبىمنى پارە ـ پارە قىلىپ ، ياشلىق باھارىمنى خازان قىلدى . . . ھالبۇكى ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەن دەبدەبىلىك ھالدا ئاگراغا قايتىپ كەلدىم . . .

مۇمتاج ماھال نۇرجاھاننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن ، گەپ ـ سۆزلىرى ئازاب بىلەن يۇغۇرۇلغانىدى . مۇمتاج ماھال ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يۈرىكىگە

www.uyghurkitap.com

يىغلىپ تاشلىماي تۇرغان ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنىڭ يا ئېلىپ كەتكەن توغاندەك بىراقلا تاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ نۇرجاھاننىڭ سۆزىنى بۆلمەي ئولتۇردى. نۇرجاھان ئېرى ئەلىقۇلنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئىللىق ئائىلەم ۋەيران بولدى. مىنى قانىتى ئاستىدا ئاسرايدىغان ئېرىم ئۆلدى. بىر ئائىلىنىڭ نىشانى سۇپىتىدە بىر تاللا قىزىم قالدى. ئوردىغا قەدەم بېسىشىم بىلەن بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ماڭا يېڭىچە ھەم ئېپلاس بىلىندى. جاھانگىرشاھ مېنىڭ تېنىمگىلا باغلانغان بولۇپ، بۇ ماڭا شىكەستىلەنگەن قەلبىمنى قوچۇپ ئوينىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. لېكىن، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان مەندەك بىر ئايال ئۆز تېنىنى قانچىلىك قوغدىيالايدۇ دەيسىز! شۇنىڭ بىلەن مەن داغ ـ ھەسرەتلىرىمنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆمۈۋېتىپ تېنىمنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مەن ئۇستا ئارتىستەك ئۇستۇمگە زەر لىباسلارنى ئارتقىنىمچە كومېدىيىلىك تۇرمۇشۇمنى باشلىدىم. پادىشاھنى خۇرسەن ۋە رازى قىلىش ئۈچۈن، توزدەك ياسىنىپ نازۇ كەرەشمىلىرىم بىلەن خاننى ئۆزۈمگە باغلىدىم، ئالاھىدە سىھرىي كۈچۈم ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترەتتىم. مەن يەنە مەشۇق سۈپىتىدە ئۇنى كۈتتۈم، ئۇنىڭغا مېھرىمنى يەتكۈزدۈم، ئۇمۇ مېنىڭ قوينۇمغا مەستانىلىك بىلەن ئۆزىنى ئاتتى. پادىشاھ تا ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ماڭا ئاشىق، مەھلىيا بولۇپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان تېنىم شۇ پېتىچە قالدى، ئەمما روھىم ئاللىقاچان ئۆلدى...

— تۇرمۇشتىن شۇنچىۋالا كۆڭلىڭىز سوۋۇغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە باي ـ باياشاتلىقتا، تاجۇدۆلەتكە ئېرىشىپ، خاتىرجەم،

بەختلىك ياشاپ تۇرۇپ ، يەنە نېمىشقا شۇنچە جىق چاكىنا ، ساختا ئىشلارنى قىلىپ يۈردىڭىز ؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى مۇمتاج ماھال . ئۇزايىدىن ئۇ نۇرجاھاننىڭ گەپلىرىگە تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى .

— تاجۇدۆلەت ، باياشات تۇرمۇشمۇ بۇرۇنقى ئېرىمنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى . بىر قىز يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ . ئۇ جۇدۇن - چاپقۇنغا ئۇچرىسا توزۇپ كېتىدۇ ، ئاخىر قۇرۇق شېخىلا قالىدۇ . ئېرىم بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە بەكمۇ كۆيەتتۇق . ئۇنىڭدىن يالداما ، ماڭا روھى تۈۋرۈك بولۇپ قىزىملا قالدى . بۇرۇن قىلغان جىمى ئىشلىرىم ، تارتقان خورلۇقلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ قىزىم ئۈچۈن . ئۇھ ، بۈگۈن مەن بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن . . . — نۇرجاھان سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالدى .

— نېمىشقا شۇنچە ئازابلىنىسىز ؟ — دەپ سورىدى مۇمتاج ماھال .

— مەن ئەلىقۇلغا تەگمىگەن بولسام ، ئۇمۇ ئاشۇ قىسمەتكە دۇچار بولماس ئىدى . ئۆلتۈرسام - قوپسام ئۆزۈمنى قارغاپ ، تىللايمەن . مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۇ جېنىدىن ئايرىلدى . ئۇ مېنى سۆيەتتى ، مېنىڭ تېنىمنىلا سۆيۈپ قالماستىن ، روھىمنى ، بارلىقىمنى سۆيەتتى ؛ ئۇ مېنى سۆيەتتى ، سۆيگەنىدىمۇ پاك مۇھەببىتى ، پۈتۈن جان - دىلى بىلەن سۆيەتتى . گەرچە ، ئۇنىڭدا تاجۇتەخت ، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش بولمىسىمۇ ، ئەمما ئالتۇندەك يۈرىكى ، سەمىمىي ، قىزغىن ، سادىق يۈرىكى بار ئىدى ! بۇ ئەسلىمىلەر مېنى توختىماي قىيناپ تۇرىدۇ . بۇ ئىشلارنى ئويلىسام پىغانىم تېشىپ ، ئۆزۈمنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتىم . يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇپ كېتەتتىم . . . — نۇرجاھان ھەسرەت بىلەن

يىغلاپ كەتتى .
— نېمىشقا قورقۇپ كېتەتتىڭىز ؟ — ئۇنىڭ باياشنى ئاڭ-
لىغان مۇمتاج ماھالنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ھېسداشلىقى
قوزغالدى .
— ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى ھەم يۇمشاق ھەم نازۇك كې-
لىدۇ . قەلبىمگە يوشۇرغان سىرىمنىڭ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى
ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقاتتىم . بۇ سىرىمدىن جاھان-
گىرشاھ خەۋەر تاپىدىغان بولسا مېنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيتتى .
ئۇ رەشىك دەردىدىن مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى . ئۇ چاغدا ،
كاج پېشانە قىزىم بىردىنبىر تايانچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتى .
— سىزنىڭ سەۋر - تاقىتىڭىز ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىز
ئادەمنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدىكەن ، — دېدى مۇمتاج ماھال
قايىللىق بىلەن .
— بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامالىم بار دەيسىز ؟ موغۇل خان-
لىقىنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنىڭ تولىمۇ غەلىتىلىكى ھەممىگە
مەلۇم . قايسىبىر خانىش ياكى ئاغىچا شاھىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ
قالدىمۇ ، بولدى . ئۇ خورلۇق ، كەمسىتىشتىن ئۆمۈر بويى باش
كۆتۈرەلمەيدۇ ؛ كىمكى پادىشاھنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپ ئىش قى-
لىپ قويىدىكەن ، شۇنى پالاكەت باسىدۇ ؛ پادىشاھ كىمگە بىزار-
لىق بىلەن بىرلا باقىدىكەن ، شۇ كىشى جېنىدىن ئايرىلىدۇ ؛
باي - زەردارلار ، ۋەزىر - ۋۇزرالار بالا - چاقىلىرىنىڭ نىكاھ ئى-
شىدا پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالالمىسا ، ئاشۇ يىگىت - قىزلار
ئۆمۈرۋايەت توي قىلالمايدۇ ؛ شاھزادىلەر قىلىچ - شەمشەرلىرىنىڭ
كۈچىگە تايىنىپ تىلىكىگە يېتىدۇ ، ئەمما مەلىكىلەر قەپەسلىرىدىن
چىقالماي تەنھالىقتا ئىچى سىقىلىپ ئۆتىدۇ . بۇ قانداق قانۇن ، بۇ
قانداق تۈزۈم ؟! مانا مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە مېنىڭ ئىچىم

سىقىلىپ ، دەككە - دۇككە ئىچىدە ياشاپ كەلدىم ، ئۆزۈمنى خا-تىرجەم سەزگەن بىر كۈنۈممۇ يوق . . .

مۇمتاج ماھالنىڭ نۇرجاھاننىڭ ئاغزىدىن تېخىمۇ جىق نەرسىلەرنى ئاڭلاپ ، تېخىمۇ جىق ئىشلارنى بىلىشۋالغۇسى كې-لەتتى . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ ئاددىي بىر ئايالدىن ھەممىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتىدىغان خانىشقا ئايلىنىش جەريانىنى تېخىمۇ بەك بىلگۈسى كېلەتتى . نۇرجاھان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدىمۇ ، قانداق ، بايانىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئالدىمغا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بەرگىلى كەلگەن ئوخ-شايدۇ ، دەپ قالماڭ . ئەسلىدە مەن ئالدىڭىزغا ئەڭ ئاخىرقى بىر ئارزۇ - تەلەپ بىلەن كەلگەنىدىم ، — نۇرجاھان مۇمتاج ماھالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ، ئۇنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇنىڭ نېمە-لىكىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن سۆ-زىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۈگۈنكى كۈنلۈكتە موغۇل خانلىقىنىڭ خانىشلىق تاجىسى بېشىمدىن چۈشۈپ ، نەزەردىن چۈشكەن ئا-يال ، پادىشاھدىن قالغان تۇل خوتۇنغا ئايلىنىپ قالدىم . ئاگرا-دىكى خان ئوردىسى ، شاھلىق تەختى شۇ پېتىچە ، مەنمۇ تېخى ھايات ، ئەمما مەن ئۇچۇن بۇ ئىلگىرىكى خان ئوردىسى ، شاھلىق تەختى ئەمەس ، مەنمۇ ئىلگىرىكى نۇرجاھان ئەمەس . ئۆتكەنكى ئىشلار مەڭگۈلۈك ئۆتمۈشكە ئايلاندى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئە-گىشىپ نۇرجاھان دېگەن يارقىن ئىسىممۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ ، تەسىرىمۇ بارا - بارا يوقىلىدۇ . لاھورغا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن . مېڭىشتىن ئىلگىرى ئېيتقان بۇ گەپلىرىمدىن ئىبرەت ئېلىپ ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . سىزگە دەيدىغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى . ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز . . .

— نىمشقا ئەيىبكە بۇيرۇغۇدەكمەن ؟ ئەجەب چۈشىنەلمىدىمغۇ ؟

— ئۇ بولسىمۇ كۆيئوغلۇم شاھيار بىلەن بىرلىشىپ ئىرىگىزنىڭ شاھ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىش. بۇنىمۇ قىزىم لالە ئۈچۈن قىلغان. شۇغىنىسى، تەقدىر پېشانىمىزگە بۇنى پۈتمەپتىكەن. مانا ئەمدى، شاھيار ئۆلۈپ، قىزىممۇ تۇل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەندىن باشقا يۆلىكى يوق. مەن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭىمەن. مېڭىشتىن ئىلگىرى سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. ئۇ بولسىمۇ، مەندىن كېيىن قالغاندا ئۇنى ئۆز ھامىيلىقىڭىزغا ئالغان بولسىڭىز. ئىلگىرى مەن قوزغىغان سانسىز ماجىرالارمۇ پەقەت شۇ قىزىمنى قوغداش ئۈچۈنلا ئىدى. بىراق، مەن... قېينىلى، ئىپتىڭا، مۇشۇنداق قىلالارسىزمۇ ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ. قەسەم قىلىمەنكى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇنى قاناتلىقتا قاققۇزماي، تۇمشۇقلۇقتا چوققۇزماي قانات ئاستىمغا ئالىمەن. سىزنى ئەيىبلەش ھەددىم ئەمەس، سىزنىڭ پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىڭىز مەن ئۈچۈن بىر يول كۆرسەتكۈچتۇر. لاھورغا بارغاندىن كېيىن نىمىدىن خىجالەتچىلىك تارتىسىڭىز ماڭا تارتىنماي خەۋەر قىلىڭ، قولۇمنىڭ كېلىشىچە ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىمەن.

مۇمتاج ماھالنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئىككىسى مەھكەم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

پۈرەن قەلئەسىدىن چىققاندىن كېيىن نۇرجاھاننىڭ كۆڭلى — كۆكسى بوشاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ تاشقىرىدا ساقلاپ تۇرغان قىزىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرالغۇسىغا قايتتى.

ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئۇن — تىنسىز كېتىۋاتقان لالەنىڭ

قەلب دولقۇنلىرى ئۆركەشلەيتتى . تۇرمۇش نىمدېگەن رەھىمسىز ـ ھە ! پولاتتەك پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، تەخت تالىشىش كۈرىشىدە خان ئانىسى يېڭىپ چىققان بولسا ، خانىشلىق تاجىنى تاقاپ ، دەۋر سۈرىدىغان سەلتەنەت ئىگىسى بانۇ ئەمەس ، لالە بولغان بولاتتى . بۇ كۈرەشتە ئانىسى مەغلۇپ بولۇۋدى ، ئانا ـ بالا ئىككىسى بىراقلا ئاسماندىن يەرگە ئۇرۇلۇپ ، ياقا يۇرتلاردا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىدىغان قىسمەتكە قالدى . بىر ئادەم تاجۇ دۆلەتتىن ، نەزەر ـ ئېتىباردىن ئايرىلغان چاغدىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ، تولىمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، تەقدىرگە تەن بېرىدىكەن .

نۇرھاجان بىلەن قىزى لاھورغا يېتىپ كېلىپلا ، ئالدى بىلەن جاھانگىرشاھنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى . ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قولىدىكى ساداقەت ، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان دەستە گۈلنى ئېرىنىڭ قەبرىسىگە قويدى ۋە ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن قاقشىغىنىچە قەبرىگاھتىن ئايرىلىپ ، يېڭى تۇرالغۇسىغا يول ئالدى .

ئۇنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى لاھورنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان بولسىمۇ ، ئەتراپتا تارقاق ئورۇنلاشقان نەچچىلا ئائىلىلىك بار ئىدى . ئۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ يېڭى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى . كىچىككىنە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاجايىپ بىر خىل مىسكىنلىك ، غېرىبلىق ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى . قىزى لالە ئۆيىنى يېسىقتۇرۇش بىلەن ھەلەك ئىدى ، بىللە كەلگەن ئىككى خىزمەتكارمۇ بىر ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى .

ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇلارغا ئارىلىشىشتىن ھېيىقاتتى . نۇرجاھان بىلەن لالە مانا مۇشۇنداق بۇرۇختۇرمىچىلىق ئىچىدە

ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى .

## 9 . جەمنە دەرياسى بويىدا

شاھجاھان تەخت تالىشىش كۈرىشىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ تەختكە چىققاندىن كېيىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى ، دۆلەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇش ، ھاكىمىيەتنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ، خەلقنىڭ رايىغا بېقىش ، بەگلەرنىڭ قوللىشى ۋە يۆلىشىگە ئېرىشىش كېرەك ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىدە چوڭقۇر بۇرۇلۇش ياساپ ، مۇلايىملىق ۋە دوستانىلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ ، ھەر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلىدى . تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا ، ئۇ بارلىق ۋەزىرنى تارتۇقلىدى . قېيناتىسى ئاسىف خان ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى ؛ تەختنى تارتىۋېلىشقا تۆھپە قوشقان مۇھەممەد خانمۇ يۇقىرى مەنسەپ ، مۇھىم ھوقۇققا ئېرىشىپ ، « چوڭ سەردار » دېگەن ئاتاقنى ئالدى .

شاھجاھانىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش سىياسىتى ئاۋامنىڭ قەلبىنى ئۇتالمىدى ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تىنچلىقىنى تىكلىيەلمىدى . قەندەھار ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ پارسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۆزبېكلەر ، ئىرانلىقلارمۇ ئىمپېرىيىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتتى . جەنۇبتا ، شاھجاھانىنىڭ پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن ئاتىسىغا قارشى تۇغ كۆتۈرگەن چېغىدىكى يامان تەسىرى ھېلىغىچە ئېغىر بولغاچقا ، ئۇنىڭ شۆھرەت ، ئابرۇيىغا زور زەرەر يەتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، بېنگال ۋە بىياردىكى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭلارمۇ ئەۋجىگە چىقتى . شاھجاھان بۇ خىل ئېگىز ـ پەس ۋەزىيەت ئالدىدا بېشى قېتىپ ، ئىمپېرىيىنى قايتىدىن رەتكە سېلىش ، توپىلاڭلارنى قەتئىي باس-

تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

شاھجاھان كېڭەيمىچى پادىشاھ ئىدى. ئۇ چەكسىز كەتكەن كەڭرى زېمىنىگە شۈكۈر قىلماي، تېررىتورىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كويىدىلا ئىدى. ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ تەسىرىنى زورايتىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلارغا قوشۇن ئەۋەتتى.

شاھجاھان ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، موغۇل ئىمپېرىيىسى گۈللەپ ـ ياشناش دەۋرىگە يەتتى ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنيادىكى بارلىق ئىمپېرىيىلەر ئىچىدە زېمىنى ھەممىدىن كەڭرى، ھەممىدىن بەك گۈللەپ ـ ياشنىغان چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندى.

شاھجاھان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تولىمۇ سۆيەتتى، بۇ تەرەپتە ئۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا، ھۈنەر ـ سەنئەت، گۈزەل سەنئەت، مېمارلىق سەنئىتى، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىق ھەرقايسى ھۈنەر ـ كەسىپلەر مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى ۋە كەڭ تارقالدى، تۆھپىسى بار سەنئەتكار، مۇزىكانتلار ئەتىۋارلىنىشقا، ھۆرمەتكە ۋە ئىلھامغا نائىل بولدى. شۇڭا شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۇنىڭغا ھۈنەر ـ سەنئەتنى چۈشىنىدىغان كەسىپ ئەھلى، دەپ باھا بەردى. ئەلۋەتتە، شاھجاھاننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان ھەۋىسىنى، مۇمتاج ماھالنىڭ ئىلھامى، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

پادىشاھ شاھجاھان يەنە نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە. ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتا، ئۇ مەتانەتلىك؛ جەڭ مەيدانىدا، ئۇ جاسارەتلىك؛ خوتۇن بالىلىرىغا، ئۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك ئىدى. ھەر قېتىم ئۇ ئوردا ئىشلىرىدىن بىكار بولۇپ مۇمتاج ماھالنىڭ قېشىغا كىرگەن چاغدا، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىنى، ئۇر-

غۇپ تۇرغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى باسالماي قالاتتى.

مۇمتاج ماھال پات ـ پات ئۆزىدە روھى زەئىپلىك، بوشۇ-رۇن ئازاب ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. 1626 ـ يىلى ئۇ مۇراد بەگنى تۇغقاندىن كېيىن كەينى ـ كەينىدىن نەچچىنى تۇغقان بولسىمۇ، لېكىن بالىلىرى تۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ ئويىنى شاھجاھانغا ئېيتىۋىدى، ئۇ ئۇستا ئوردا تېۋىپلىرىنى تەكلىپ قى-لىپ ئۇنى داۋالاتتى.

ئەسلىدە، مۇمتاج ماھالدا ھېچقانداق كېسەل يوق ئىدى. ئۆزىدە زەئىپلىك سېزىشتىكى سەۋەب، ئۇنىڭ روھى جەھەتتىكى سىقىلىشىدىن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، شاھجاھان ھەر كۈنى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

بىر كۈنى، مۇمتاج ماھال پۈرەن قەلئەسىنىڭ ئارقا ھوي-لىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھاۋا سۈپسۈزۈك، سەلكىن شامال چىقىپ تۇراتتى؛ توپ ـ توپ ئاق بۇلۇتلار كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرەتتى؛ ھەممە تەرەپتىن خۇش-بۇي پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى؛ جەمنە دەرياسى جىمجىت ئېقىۋاتاتتى، ھاۋا تولىمۇ ساپ ۋە ئارامبەخش بىلىنەتتى. لىرىك كۈيگە تولغان گۈزەل تەبىئەت ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، تۇرمۇشقا بولغان زوقىنى، مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى قوزغايتتى.

گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مۇمتاج ماھالنىڭ ھېچبىر قوزغالغۇسى كەلمەيتتى. كەچكى شەپەق دەريا سۈيىدە قىپقىزىل ئەكس ئېتىپ، خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن قوچاقلى-شىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. سالقىن شامال تىنچ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى، دولقۇنلار قىرغاققا خۇددى



www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان يېقىملىق مۇزىكىدەك بوش ۋە رىتىملىق ئۇرۇلاتتى. مۇمتاج ماھالنىڭ خىيال كەپتىرى پەرۋاز قىلىپ تولىمۇ يىراقلارغا كەتتى...

ئۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ قوينىدا مەستخۇش بولۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز، مۈرىسىگە چۈشكەن ئېغىر بىرنېمىدىن ئۇ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىگە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان شاھجاھاننى كۆردى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھەببەت بىلەن:

— ۋىيەي، سىلىمىدىلە؟ قاچانلاردا كېلىپ قالدىلا؟ مېنى ئەجەبمۇ چۆچۈتىۋەتتىلە، — دەپ ئەيىبلىدى.

— مەن سىزدىن ئەھۋال سورىغىلى كەلدىم، جېنىم. بايا ھۇجرىغا كىرسەم، سىزنى جەمنە دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىلى كەتتى، ھېچكىم مالاللىق يەتكۈزمىسۇن دېدى، دېيىشتى.

— نېمىشقىدۇر بۈگۈن يالغۇز چىقىپ ھاۋا يېگۈم كەلدى. سىلىنىڭ كەلگەنلىرى بەك ياخشى بولدى.

— مېنىڭ كەلگىنىمنى نېمىشقا ياخشى بولدى، دەيسىز؟ — شاھجاھان مۇمتاج ماھالنىڭ ئالدىغا يېقىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا تويماي قارىغىنىچە سورىدى.

— قارىسىلا، جەمنە دەرياسى نېمىدېگەن ئەركىن ـ ئازادە ئاقىدۇ ـ ھە! ئۇنىڭدا كىبىرمۇ، سەۋەنلىكمۇ يوق؛ مۇھەببەتمۇ، ھەسەتخورلۇقمۇ يوق. ئۇ مۇشۇنداق غەم ـ قايغۇسىز ئاققىنى ئاققان! — دېدى مۇمتاج ماھال دەريانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن.

— بۈگۈن قانداقلارچە رىشتىڭىز دەرياغا باغلىنىپ قال-

دى ؟ — دېدى شاھجاھان ئۇنى ھاياجاندىن ئۆزىگە يېقىن تارتىپ .

— ئۆتكەن ئىشلار ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىكەن . ھې-لىمۇ ئېسىمدە ، توي كېچىسى ئىككىمىز مۇشۇ دەرياغا كېلىپ قولۋاقتا سەيلە قىلغانىدۇق . ئۇ كېچىسىمۇ ئاسمان بۈگۈنكىدەك سۈزۈك ، ئاي بۈگۈنكىدەك تولغان ، ئەتراپ بۈگۈنكىدەك گۈزەل ئىدى . سۈپسۈزۈك جەمنە دەرياسى مۇھەببەت شارابىدىن مەست بولغان ئىككىمىزنى جىمجىت قوينىغا ئېلىپ ئاستا ئاققانىدى . . . بۇلار سىلىنىڭمۇ ئەسلىرىدىمۇ ؟

— ئېسىمدە بولمامدىغان ، ئۇ دېگەن تۇرمۇشىمىزدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن تۇرسا ! — شاھجاھان مۇمتاج ماھالنىڭ قولىنى بوش سىلىدى .

— بۈگۈنمۇ تولۇن ئايلىق كېچە بوپتۇ . بۇرۇنقىدەك كېمە سەيلىسى قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ ، — مۇمتاج ماھال پادىشاھقا ئىلتىجا قىلدى ، — مەن بىلەن بىللە سەيلە قىلىشنى خالامىلا ؟

مۇمتاج ماھال كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىر خىل تەرزدە تەلمۈردى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ، بۇ تەلىپى ئورۇنىدالسا ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ شادلىنىدىغانلىقى ، بولمىسا كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈ-شەنگەن شاھجاھان ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ دېدى :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، كۆڭلىڭىزنى يەردە قالدۇرمايمەن .

شاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ، سەيلە كېمىسى ھايال بولمايلا مۇمتاج ماھالنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى .

تەبىئەت تولىمۇ گۈزەل ھەم ئۆزگىرىشچان ئىدى . قۇياش ئىلاھى شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقتا بىر كۈن قاتراپ ئا-

خىر ئۇپۇق سىزىقىغا جىمجىت باش قويغان ، ئۇنىڭ تاپىنىغا دەسسەپلا كېچە ئىلاھى مەيدىسىنى كېرىپ كېلىۋاتتى . بىر دەمدىن كېيىنلا ئىللىق ئاي نۇرى پۈتۈن تەبىئەتنى ئۆز قوينىغا ئالدى . سەلكىن شامال جىمجىت ئېقىۋاتقان دەريا قىنىدا دولقۇن پەيدا قىلىشقا باشلىدى . . .

دەريا بويىدا نۇرغۇن كېمە توختىتىپ قويۇلغان ، مۇلازىملار شاھ خىزمىتىگە ھەردەم تەييار بولۇپ تۇراتتى . شاھجاھان بىلەن مۇمتاج ماھال چىرايلىق بېزەلگەن سەيلە كېمىسىدە كېتىۋاتاتتى ، تەكشى ئۇرۇلۇۋاتقان پالاق ئاۋازىدىن يېقىملىق كۈي ـ ناۋا ياڭراۋاتقاندەك بىلىنەتتى . مۇمتاج ماھال شاھجاھانغا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئانا تەبىئەتتىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى .

بىر دەمدىن كېيىن مۇمتاج ماھال ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قاراپ دېدى :

ــ زۇمرەت ئاسمان ، يورۇق ئاي ، بېشىغىزغا كەلگەن ھەرقانداق خاپىلىقىڭىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ . ئاي قىز كىشلەرگە نېمىدېگەن مېھىرلىك ـ ھە ! ئۇ ئىنسانىيەتكە ، دۇنياغا مەنسۇپ . . . سىلىنىڭچە قانداق ؟

ــ شۇنداق ، سۆيۈملۈكۈم ! كائىناتتىكى بارلىق شەيئى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ ، بارلىقىنى قىلچىمۇ ئايىماستىن ئىنسانىيەتكە بەخش ئېتىدۇ . ئەمما مۇشۇ كائىناتتا ، مۇشۇ تەبىئەت قوينىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار بولسا ئۆز مەنپەئەتلىرىنى دەپ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىدۇ .

ــ قارىسىلا ، دەرياغا چۈشۈپ تۇرغان ئاينىڭ شولىسى ئەجەب چىرايلىقكەن ، ئۇ خۇددى سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن ، ــ دېدى مۇمتاج ماھال شاھقا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، ئىچىدە بولسا ، مەنمۇ ئاشۇ ئايدەك

www.uyghurkitap.com

چىرايلىقمەنمىدۇ ، دەپ ئويلىدى .

— كۆكتىكى ۋە دەريادىكى ئايغا سېلىشتۇرغاندا ، سىز ئۇلاردىنمۇ چىرايلىق ، جەلپكار ، — شاھجاھان شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى .

مۇمتاج ماھال ئۇنىڭ باغرىغا چاپلاشقىنىچە تۆت ئەتراپىغا باقتى . تۇساتتىن ئۇ شاھجاھاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ، ئاندىن :

— مۇشۇ گۈزەل مەنزىرە قوينىدا مەڭگۈ ياشاشنى خالايمەن . كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مۇشۇنداق ئايدىڭ كېچىدىن مەڭگۈ ھوزۇرلانسام دەيمەن . بۇ يەر شۇنچىلىك تىنچ ئىكەن ، تالاش - تارتىش ، قايغۇ - ئەلەم ، توپىلاڭ يوق ئىكەن ، قوينىڭىزدا مەڭگۈ مۇشۇنداق ئارامخۇدا يېتىپ دۆلىتىڭىزنى كۆرسەم ، مۇھەببىتىڭىزنىڭ كەيپىنى سۈرسەم دەيمەن .

شاھجاھان مۇمتاج ماھالدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن ، ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلىقى بىلەن ئەمەس ، قەلبى بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— سىزگە نېمە كەم ؟ بۇ دۇنيادىكى جىمى مەئىشەت ، سەلتەنەت ، مۇھەببەت سىزگە تەئەللۇق ، يەنە نېمىدىن نارازىسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن بۇ دۇنيادىكى بۈگۈنۈم ھەققىدە ئەمەس ، كەلگۈسۈم توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن . بۈگۈنغۇ مەن ماددىي جەھەتتىن ھەممىگە ئېرىشتىم ، لېكىن كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەن ھەممە نېمىدىن ئايرىلىمەن . ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن ؟ — مۇمتاج ماھال چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن بىرنى تىنىۋېتىپ شاھجاھانغا مۇڭ بىلەن تىكىلدى .

— تىرىك جاندا ئۈمىد بار ، دېگەنىدەك ، شۇ چاغدا بىرەر يولى چىقىپ قالار . ھېلىتىنلا كەلگۈسىڭىزنىڭ غېمىنى يەپ نېمىمۇ

قىلارسىز ، كەلگۈسى ھامان بۇگۈندىن باشلىنىدۇ ئە-
مەسمۇ . . . — دېدى شاھجاھان مۇمتاج ماھالنىڭ يۈزىنى ئالىقان-
لىرىغا ئېلىپ تۇرۇپ .

— ھازىر مەن ھەممىگە ئېرىشتىم . ۋەھالەنكى ، ۋاقتى -
سائىتى كېلىپ جېنىم تېنىمدىن ئايرىلسا ، كىممۇ مېنىڭ ئاخىرەت-
لىكىمگە ئىگە بولار؟ ئۇ چاغدا ھەممە ئىش باشقىلارنىڭ رايى بو-
يىچە بولىدۇ . دېسىلە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە . . . — مۇمتاج ماھال
خۇددى شۇنداق بىر كۈن بېشىغا كەلگەندەك جىددىي سۆزلىدى .

— ئۇنداق بولمايدۇ ، جېنىم ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ .
مەن كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا ئىككىمىزگە ئاتاپ ھەيۋەتلىك قەبرە
ياسىتىمەن ، — ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى شاھجاھان .

— ھازىر بىز پۈرەن قەلئەسىدە كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش
ئۆتكۈزۈۋاتىمىز ، جەمنە دەرياسىغا كېلىپ سەيلە - ساياھەت قى-
لىۋاتىمىز . مەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مۇشۇ ساپ ھاۋالىق مۇھىتتا
يېتىپ ، پۈرەن قەلئەسىدىكى ھەممە نەرسىدىن بەھرىلەنسەمكەن ،
دەپ ئارزۇ قىلىمەن . چۈنكى ، پەقەت مۇشۇ يەرلا بىزگە مەڭگۈ-
لۈك ئارامگاھ بولالايدۇ ، پەقەت شۇ چاغدىلا بىز دۇنيادىكى ھەممە
نەرسىگە ئېرىشكەن بولىمىز ، — مۇمتاج ماھال بۇ سۆزلەرنى
سۆزلەۋاتقاندا ، شاھجاھانغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى .

شاھجاھان ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس خىيال سۈرگەندىن
كېيىن كەسكىن قىلىپ :

— مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرى-
مەن . مەن جەمنە دەرياسىنىڭ پۈرەن قەلئەسىگە ئۇدۇل كېلىدى-
غان قىرغىقىغا سىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا جۈپتى يوق ھەشەمەتلىك
قەبرە ياسىتىمەن . ئۇ چاغدا ، ھەر قېتىم تولۇن ئاي نۇر چاچقان
ئايدىڭ كېچىلەردە ، ئاق مەرمەردىن ياسالغان قەبرىڭىز تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

نۇرلىنىدۇ . كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئىللىق ئاي نۇرى قەبرـ
ڭىزنى سۆيۈپ ، سىزگە تەسەللى بېرىدۇ . ھاياتلىقىمىزدا بىزگە
پۇرەن قەلئەسى ئارامگاھ بولسا ، ئۆلگىنىمىزدە جەمنە دەرياسى
بويى قەبرىگاھ بولىدۇ . شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى ، سىزنىڭ
مۇھەببىتىڭىز ، گۈزەللىكىڭىز كۈمۈش رەڭ ئاي نۇرىغا قوشۇلۇپ
پۈتۈن جاھانغا چېچىلىدۇ . ئۇ چاغدا ، ئاشۇ كۈمۈش رەڭ ئاي
نۇرىنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى مەن بولىمەن . . .

ئۆزىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان مۇمتاج ماھال ئەمدى قىزـ
ئوغۇللىرىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، موـ
غۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىدا ، قان ـ قېرىنداشلار تەخت تالىـ
شىپ بىر ـ بىرىنى قىرىدىغان ئىشلار سامانىدەك ئىدى . ئۇنىڭ
خىيالىغا تۆت ئوغلى كىرىۋالدى . ئەڭ كىچىك ئوغلى مۇراد
ئەمدى تېخى بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ غەمخورلۇقىدىن
ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشىيالمايتتى . ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىر ياقىدىن
باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشىنى توـ
لىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ! شۇغىنىسى ، ئۆتكەن دەھشەتلىك ئىشلار
خۇددى ئەينەكتەك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋالغاندا ، ئۇنىڭ
قەلبى پارە ـ پارە بولغاندەك بولۇپ ، تېنى يوپۇرماقتەك تىترەيتـ
تى . ئۇ ئېرى شاھجاھاننىڭ پادىشاھلىق تالىشىپ بىر قورساق ئىـ
نىلىرى خۇسراۋ بىلەن شاھيارنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى ، شۇڭا جىگەر پارىلىرىنىڭمۇ تەخت تاـ
لىشىش كۈرىشىدە قانغا مىلىنىشىدىن ئۆلگۈدەك ئەنسىرەيتتى . شۇ
ئەمەسمۇ ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھلىق تەختى قانچىلىك
دەھشەت ، قانچىلىك پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلمىگەن !

مۇمتاج ماھال ئىككى قىزىنى ئويلىدى . جاھانئەلا بىلەن
رۇشەنئەلا رەسىدە بولغان بولسىمۇ ، تېخىچىلا ئانىسىنىڭ قېشىدىن

ئايرىلمىغانىدى. قول ـ پۇتلىرىغا جاراڭلاپ تۇرىدىغان زىننەت
بۇيۇملىرى تاقىغان بۇ ئىككى قىز ھۆسنى ـ جامال بابىدا ئانىسىد-
دىن قېلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئوت پىراقىدا نۇرغۇن يىگىتلەر كۆ-
يۈپ يۈرسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ۋىسالىغا يېتەل-
مىگەنىدى...

شاھجاھان مۇمتاج ماھالنى غەم ـ قايغۇ ئىلكىگە ئېلىۋالغان-
لىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىدىن قايناپ نەسىھەت قىلىشقا
باشلىدى:

ــ ئۆزىڭىزنىڭ موغۇل ئىمپېرىيىسى پادىشاھىنىڭ خانىشى
ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. پۈتۈن مەملىكەتنىكى
پۇقرالار مېنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ
ئامەت. ھازىر بىز بۇ دۇنيادىكى پادىشاھ بىلەن خانىش؛ ئۆلگەن-
دىن كېيىن بىز يەنىلا پادىشاھ بىلەن خانىش، بىھۇدە غەملەردە
بولۇپ يۈرمەڭ. باللىرىمىز ئىش ئۇقىدىغان ئەقىللىق بالىلار،
ئۇلار ھاياتنى قەدىرلەشنى، تۇرمۇشنى سۆيۈشنى بىلسىلا، مەن-
سىز ئۇرۇش ـ جاڭجاللارنى قىلىپ يۈرمەيدۇ. ناۋادا، ئۇلار ھا-
زىرقى رىزقىغا قانائەت قىلماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەنىمۇ جىق
مال ـ دۇنيا، ھوقۇق ـ مەنپەئەتنىڭ كويىدا بولسا، ئۇ چاغدا
ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى يەيدۇ. ھازىرقى دۇنيا شۇنداق:
ئۆزئارا كۈرەشتە غالىبلار غەلىبە گۈلچەمبىرىكىنى تاقايدۇ، ئا-
جىزلارنى ئۆلۈم يۇتۇپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ۋەھىمىگە
سالىدىغان ئۇنداق خىياللارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ.
سىز دېگەن شاھجاھاننىڭ خانىشى...

شاھجاھاننىڭ گەپلىرىمۇ مۇمتاج ماھالنىڭ كۆڭلىدىكى
غەم بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتەلمىدى. كېمە سەيلىسىدىن قايتىپ
كېلىپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك زادىلا كۆتۈرۈلمىدى. ئۆزى

www.uyghurkitap.com

قانداق كۈنگە قالىدۇ ، باشقىلارنىڭ قىسمىتى قانداق بولىدۇ ، بۇلارنى ئويلىمسا بولىۋېرەتتى ، بىراق باللىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى .

مۇمتاج ماھالنىڭ تەنھا ياشاۋاتقان قىزىغا ئىچى ئاغرىيتتى . ھەر قېتىم قىزى ئىچىلماي تورزۇۋاتقان گۈلدەك ھالەتتە ئالدىدا پەيدا بولغاندا ، مۇمتاج ماھال ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتەتتى ، ئەمما قىزىنىڭ ياشلىقىنى ئۇرغىتىش قولىدىن كەلمەيتتى . شۇنداق چاغلاردا ، نۇرجاھاننىڭ ، موغۇل خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدۇ ، باشقىلارنىڭ بەختى ، ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن قىلچە كارى يوق ، دېگەن گېپىنى يادىغا ئالاتتى . ئۇلار ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ تۇغۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ ، ئىمپېرىيە مەلىكىلىرى توي قىلماسلىق ، دېگەن بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىققان . بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك ـ ھە !

ــــ شۇنداق ، شاھ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان مەلىكىلەر ھەقىقەتەن بەختسىز . گەرچە ، ئۇلار نام ـ ئاتاققا ، بايلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئادەتتىكى ئاياللار ئېرىشكەن ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ بەختىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى ، تەشنالىققا قانمىغان ھېسسىياتى ئۆلگەن ، ئۇلار مەڭگۈ ئاددىي ئاياللاردەك كۆڭلى خۇش يۈرەلمەيدۇ . چۈنكى ، ئاددىي ئاياللارنىڭ مۇھەببىتى ، ئائىلىسى ، ئېرى ، باللىرى بار ، ئۇلارنىڭ پەقەت تاۋار ـ دۇردۇن كىيىملىرى ، ئېسىل نازۇ نېمەتلىرىلا بار . . .

قىزىنىڭ بۇ ھالىغا زادىلا چىدىمىغان مۇمتاج ماھال بىر كۈنى شاھجاھانغا :

ــــ پادىشاھلىق تونىنى سېلىۋېتىپ ئاددىي ئادەم سۈپىتىدە قىزىمىزنىڭ ھالىغا بىر باقسىلا . مەلىكىلەرنىڭ توي قىلىشى چەكلەنمىگەن ، شاھ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش بويۇنتۇرۇقى باللىرى-

مىزنىڭ پۇت ـ قولىنى چۆشەپ قويمىغان بولسا ، ئۇلار قانداق ئىستىقبالغا ئىگە بولارىدى ؟

شاھجاھان چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمىدى .

مۇمتاج ماھال تېخىمۇ پەرىشان بولدى .

## 10 . مۇمتاج ماھالنىڭ ئۆلۈمى

شاھجاھان ئۆزىنىڭ ھازىرقى زېمىنىغا قانائەت قىلمايدىغان ، كېڭەيمىچىلىككە ئامراق خاقان ئىدى . ئۇ شىمالىي ھىندىستاننىڭ بارلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن جەنۇبىي ھىندىستاندىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ كويىدا قالدى .

ئەينى زاماندا ، ئەھمەد شەھىرى ، بىكاپۇر ۋە گورگۇگدالار كۆچلۈك شەھەرلەردىن ئىدى . ئەكبەر شاھتىن تارتىپ جاھانگىر شاھقىچە ئۆتكەن ھەممە پادىشاھ جەنۇبقا كېڭىيىپ ، ئۇ يەرلەرنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان ، ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنىدى .

جاھانگىر شاھ دەۋرىدە ، شاھجاھان نەچچە قېتىم جەنۇبقا لەشكەر تارتىپ يۈرۈش قىلغاچقا ، ئۇ يەرلەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ، جۇغراپىيىلىك شارائىتلىرىنى پىششىق بىلەتتى . موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى دوراپ ، يېرى مۇنبەت جەنۇبىي ھىندىستاننى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغە قوشۇش نىيىتىگە كەلدى .

ئۇ جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چىقتى . جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ قابىل سەردارى مالىك ئەمبەر تۇيۇقسىز قازا قىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخى ھېچكىم تەيىنلەنمىگەنىدى . بۇ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى

ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئەھمەد شەھىرى ، بىكاپۇر ۋە گور-گۇڭدادىن ئىبارەت ئۈچ كۈچلۈك بەگلىك ئىتتىپاق ئەمەس بولۇپ ، بىر — بىرىگە دۈشمەنلىك كەيپىياتتا ئىدى . بۇ خىل ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك ۋە دۈشمەنلىك كەيپىيات ، ھىندىستاننىڭ كېيىنكى سىياسىي تەئەللۇقلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى . دەرۋەقە ، ناۋادا شۇ چاغدا ھىندىستاندا بۇ خىل ئىللەتلەر بولمىغان بولسا ، ئۇنىڭ تارىخى بەلكىم باشقىچە بولارمىدىكى .

شاھجاھان مانا مۇشۇنداق ئۆزىگە پايدىلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ جەنۇبىي ھىندىستانغا قاراپ ئاتلاندى .

قوشۇن جەنۇبقا كەلگەندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئەھمەد شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . لېكىن ، شەھەر سېپىلى مۇستەھكەم ، مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغاچقا ، دەماللىققا ئالالمىدى . بۇ چاغدىكى ئەھمەد شەھىرىگە پادىشاھ نىزام شاش ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ، ئەمدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن مالىك ئەمبەرنىڭ ئوغلى فىدۇفخان ۋەزىر ئىدى . ئۇ دادىسىدەك باتۇر ھەم قابىل ئادەم ئەمەس ، بەلكى ھېچقانداق ھەربىي قابىلىيىتى يوق ، توخۇ يۈرەك ، مال — دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان شاھجاھان ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن — كۈمۈش بېرىپ ۋە يۇقىرى مەنسەپ ۋەدە قىلىپ ئۇنى سېتىۋالدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، نىزام شاش ئالەمدىن ئۆتۈپ ، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن شاھزادە شاھھۇسەيىن تەخت ۋارىسى بولدى ، بۇنىڭ بىلەن سىياسىي ۋەزىيەت تېخمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى . فىدوفخان تەسلىم بولۇشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى . ئۇنىڭ ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قالغان سەردارلار ئۇنىڭ پىكرىنى پىسەنتىگە ئالماستىن ، موغۇل ئىمپېرىيىسى قوشۇنىغا قەتئىي

قارشى تۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. موغۇل قوشۇنىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى خىل، قوماندانلىرىمۇ مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، نەچچە قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىنلا ئەھمەد شەھىرىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى.

مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيتتە، ئەھمەد شەھىرىدىكى يۈكسەك قابىلىيەتكە ئىگە سەركەردە شاھخوجا پىنسرۇي يەنە بىر شاھزادىنى تىكلەپ تۇرۇپ موغۇل قوشۇنى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبە قىلىشى كۆز ئالدىدىلا تۇرغان موغۇل قوشۇنلىرى شاھخوجىنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى بىلەن تەڭ، قارشىلىق كۈچىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تېزلىكتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شاھجاھان ئۆزى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئېرىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ئۆزى ئاتلانماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان مۇمتاج ماھال ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىش نىيىتىگە كەلدى. شاھجاھانمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

باشقا چاغلاردا، مۇمتاج ماھال ئوردىدىن ئايرىلىپ سىرتلارغا چىقسا، تەنلىرى يايراپ كېتەتتى، بىراق بۇ قېتىم ئېرى بىلەن جەنۇبقا بېرىشى ئۇنى غەم ـ قايغۇغا مۇپتىلا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى زورلاپ خۇش تۇتۇشقا تىرىشىسىمۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئازاب ئۇنىڭ چىرايىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمگەندە، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قات ـ قېتىدىن چىقىۋاتقان بىر ئىدانى ئاڭلىغاندەك بولاتتى. بۇ ئىدادا شادىيانە كۈلكىمۇ، ھەسرەتلىك تىنىشلارمۇ، قاتتىق ئۆكۈنۈشمۇ بار ئىدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىۋاتقان ئىداغا قۇلاق سالغىنىچە جىمجىت سەپەر تەييارلىقىنى قىلاتتى.

مەلىكە جاھانئەلا بىلەن رۇشەنئەلامۇ جەنۇبقا بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلدى . مەلىكىلەرگە ئوردىدىن چىقىش رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، شاھجاھان ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. مەنىسىز، تەنھا ھاياتىدىن بىزار بولغان مەلىكىلەرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى .

شاھجاھاننىڭ تەييارلىقى تەق بولدى. يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال مۇمتاج ماھال ئۆزى يالغۇز جەمنە دەرياسىدا كېمىگە چۈشۈپ ئايلاندى . سۈپسۈزۈك ، دەريا سۈيى ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن ، ئورمانلىقلاردىن ، شەھەر ـ شەھەرلەردىن جىمجىت ئېقىپ ئۆتەتتى . . . ئەگرى ـ بۈگرى دەريا قېشىغا ، سۇ يۈزىدىكى تۇرۇم ـ تۇرۇم دولقۇنلارغا ، قارشى قىرغاقتىكى ئۆزىگە قەبرىگاھ سېلىشقا ئاجرىتىلغان يەرگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى چەكسىز سۆيۈندى . .

شاھجاھان باشچىلىقىدىكى قوشۇن تاغنى تالقان قىلىدىغان قۇدرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى . مىلادى 1631 ـ يىلى ، چوڭ قوشۇن ناموُدا دەرياسى بىلەن دابۇد دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي ھىندىستانغا يېتىپ باردى ۋە شاھجاننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئەھمەد شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى . شاھجاھاننىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ئەھمەد شەھىرىنى قوغداۋاتقان قوشۇن قورققىنىدىن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى . شاھجاھاننىڭ قوشۇنى شەھەر سېپىلىنى قامال قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى .

بۇ چاغدا ، مۇمتاج ماھالنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ ، مېڭىش ـ تۇرۇشى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى . ئوردىدىن يىراق جەڭگاھتا ، ئۇ تېگىشلىك كۈتۈنۈشكە ئىگە بولالمايتتى ، ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ خەۋپسىرەيتتى . بىر كۈنى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ

تۇرۇپ، ئۆزىنى بىخەتەر تىنىچ بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوچۇشلۇق كۆزى يورۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىشنى شاھجاھاندىن ئۆتۈندى. كۆڭلىدىكى خوتۇنىنىڭ كۆزىدىكى ياشقا، سولغۇن چىرايىغا قاراپ پادىشاھنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى باش سەركەردىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى مۇمتاج ماھالنى ئېلىپ بۇرھانپۇر قورغىنىغا كەلدى.

بۇ يەرگە كېلىپ ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن شاھجاھان جەڭگاھقا قايتماقچى بولۇۋىدى، مۇمتاج ماھال يالۋۇرۇپ ئۇنى قىشىدا ئېلىپ قالدى.

ئاي ـ كۈنى توشۇپ، مۇمتاج ماھال بىر قىز تۇغدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولغان شاھجاھان ئۇنىڭغا، گۆھەر، دەپ ئىسىم قويدى. شۇغىنىسى، مۇمتاج ماھال تۇغۇتتا كۆپ قان يوقاتقاچقا، بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. چىرايى ئېخىمۇ تاتىرىپ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتىمۇ زورۇقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ قىزىنىڭمۇ ئاچىلىرىغا ئوخشاش ئۆمۈرۋايەت ياتلىق بولماسلىقتەك قىسمەتكە قېلىــشــنى ئويلىغىنىدا، قىز تۇغقىنىغا پۇشايمان قىلدى...

شاھجاھان سۆيۈملۈك خانىشىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن، ئاڭلىغانلىكى داۋانىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، ئەمما خانىش كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

بۇ كۈنى، مۇمتاج ماھال ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى، تىنىقىمۇ تېز ھەم زەئىپ ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن مۇمتاج ماھال شاھجاھانغا چاپارمەن ئەۋەتتى. شاھجاھان جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان سۆيۈملۈك ئايالىغا قاراپ ئېيتقۇسىز ئازاب چەكتى. مۇمتاج ماھالنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۈمىدسىزلىككە، ھەسرەتكە پاتقان كۆزلىرىدە غەم ـ قايغۇ ۋە قـ
يالماسلىق ئەكس ئېتەتتى!

ئۇ پادىشاھقا يېنىدا ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى، شاھجاھان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى. ئۇ كۈچەپ تۇرۇپ بېشىنى خانىشنىڭ كۆكسىگە قويدى. ئاندىن ئاجىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، زەئىپ ۋە مىسكىن ئاۋازدا:

— مۆھتەرەم شاھىم! سىلى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ساپ مۇھەببەت، سەممىي يۈرەكلىرى بىلەن مېنى سۆيۈپ، ئاسراپ كەلدىلە. مەن سىلىدىن مىڭ مەرتەم رازى! سىلىنىڭ مۇھەببەتلىرى مېنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ياشىنىتىدۇ. ھاياتلىقىمدا مېنى ھەشەمەتلىك ئوردا، ئايۋان ـ سارايدا ياشاتتىلا، ئۆلگىنىمدىمۇ مۇراد ـ مەقسەتلىرىمگە يەتكۈزۈشلىرىگە ئىشىنىمەن... ماڭا سەپەر چىقىپ قالدى... سىلى بالىلىرىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسىلا.. ھاياتلىقىمدا ئالدىلىرىدا سەۋرى ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسام، كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە... خەير... ئەلۋىدا... خۇدا سىلىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن...

تېخى سۆزى تۈگىمەستىنلا، بۇ گۈزەل خانىش، موغۇل ئىمپېرىيىسى پادىشاھىنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالى مۇمتاج ماھال بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈك يۇمدى.

بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ ئۆز قوينىدا جان ئۈزگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. دەرۋەقە، ئايالى ئۇنىڭدىن، بۇ پانىي دۇنيادىن ئايرىلغانىدى. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، ياشلىرى مارجاندەك ئاقتى. ئۇ ئەمدى قايتا كۆز ئاچمايتتى، بۇنىڭغا كەلگەندە جاھان سورىغان پادىشاھمۇ ئىلاج ئىدى. پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ ھوقۇقى، بايلىقىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىن كېتىشىگە ئارا تۇرالمايتتى.

«پادىشاھمۇ ئۆلۈم ئالدىدا ئاجىز كېلىدىكەن!» شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئىنسانىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى، ئاللانىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شاھ جەمەتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە بىنائەن، شاھجاھان مۇمتاج ماھالنى جان ئۈزگەن يېرىگە ۋاقىتلىق دەپنە قىلدى.

ھاياتىدا تۈنجى قېتىم يۈرىكى ئەڭ قاتتىق يارىلانغان شاھجاھاننىڭ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا رەغبىتى قالمىدى. ئۇ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشنى باش سەركەردىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى ئاگراغا قايتتى.

پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن ئۇ نەچچە ھەپتىگىچە ئوردا ئىشلىرىغا قول تىقماستىن، ھۇجرىدا ئۆزى تەنھا ئولتۇرۇپ مۇمتاج ماھالنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. خۇددى تەركىدۇنيا بولغان ئادەمدەك ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

ئايالىنىڭ ئارزۇسى، ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە بىنائەن، شاھجاھان ئايالى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان جاي — جەمنە دەرياسى بويىغا ئاق مەرمەر تاشتىن قەبرىگاھ ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. يىگىرمە ئىككى يىلدىن كېيىن مۇمتاج ماھالنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ قەبرىگاھ ئاخىر پۈتتى. مۇمتاج ماھالنىڭ سۆڭىكى بۇرھانپۇردىن يۆتكەپ كېلىنىپ بۇ قەبرىستانلىققا قويۇلدى.

گۈزەل مۇمتاج ماھال قەبرىگاھى جەمنە دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈردى. تېگىدىكى تاشلاردىن تارتىپ كۆرۈنىدىغان سۇزۈك كۆلچەكلەر نەچچە رەت ئىمارەتنى ئوراپ تۇراتتى. بۇ يەر گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. قەبرىستانلىقنىڭ تۆت تەرىپىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىسلامچە مۇنار، كېمىر شەكىللىك تورۇس، ئىشىك، ئاق مەرمەردىن قوپۇرۇلغان تاملارغا قىممەت باھالىق ياقۇت تاشلار قويۇلغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا كۆزلەرنى

www.uyghurkitap.com

قاماشتۇرىۋېتەتتى . ھەيۋەتلىك ، سۈرلۈك ۋە ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان بۇ مېمارلىق ئابىدىسى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە جەمنە دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . ئۇ مۇمتاج ماھالنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ نامايەندىسى ، شاھجاھان بىلەن مۇمتاج ماھالنىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ، جاھاندىكى ئەڭ نادىر ، ئەڭ گۈزەل ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

. . . . . . . . . . . . . . . .

نۇرجاھان ئاخىرقى ئۆمرىنى لاھوردا ئۆتكۈزدى . ئۇ مۇمتاج ماھالنىڭ قازا قىلغىنىنى ئاڭلىغىنىدا چەكسىز ھەسرەت چەكتى ۋە ئۆز نامىدىن گۈل ئەۋەتتى . دەرۋەقە ، ئۆزىدىن كېيىن خانىشلىق تاجىنى كىيگەن موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانىشى ئۆزىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتسە ، ئۇ قانداقمۇ ئازابلانمىسۇن !

مىلادىي 1645 - يىلى يۈكسەك ئىستېدات ئىگىسى نۇرجاھانمۇ لاھوردا قازا قىلدى . ئۇنىڭ جەسىتى لاھوردىكى « شاھدۇللا قەبرىستانلىقى » غا ، جاھانگىر شاھنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى .

## 11 . مۇمتاج ماھالنى سېغىنىش

مۇمتاج ماھالنىڭ ئۆلۈمى شاھجاھاننىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى . ئۇ بىر مەزگىل ھاياتتىن ، تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ ، تەركىدۇنيالىق ئىچىدە ئۆتتى . ئەمما ، پادىشاھلىق بۇرچى ئاخىر ئۇنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۈزۈپ چىقىپ دۆلەت باشقۇرۇشقا ، ئوردىنى ئىدارە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى .

شاھجاھان كېڭەيمىچىلىكنى يەنە باشلىدى . ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەھمەد شەھىرىنى ، بىكاپۇر ۋە گورگوڭدالارنى

زېمىنىگە قوشۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى جەنۇبتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالدى .

1638 ـ يىلى ، شاھجاھان قەندەھارنى پارسلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى . لېكىن ، پارسلا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ، قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىغا چۈشتى . 1639 ـ يىلى ، ئىككى تەرەپ قايتىدىن تۇتىشىپ پارسلار قەندەھارنى قايتۇرۇۋالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇھىم جاينى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شاھجاھان نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى . شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ، قەندەھار ھىندىستان زېمىنىغا قايتا ئايلانمىدى .

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، شاھجاھان ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن تارتىپ بورىك ۋە بودىك پادىشاھلىقىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى .

شاھجاھانىنىڭ ئاگرادا تۇرۇشقا كۆڭلى تارتمىدى . چۈنكى ئۇ مۇمتاج ماھالنىڭ قەبرىسىنى ھەربىر كۆرگىنىدە ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئەسلىمىلىرىنىڭ قوزغىلىپ يۈرىكىنى ئاغرىتىدىغانلىقىدىن قورقاتتى . شۇڭا ئۇ پايتەختنى ئاگرادىن دېھلىگە يۆتكىدى . ئۇ دېھلىدا دۇنياغا داڭلىق پۈرەن قەلئەسىنى ۋە جامە مەسچىتىنى سالغۇزدى . پۈرەن قەلئەسىگە يەتتە ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكىدە قىممەت باھالىق ياقۇت ، دۇر ـ جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇلغان ، دۇنيادا جۈپتى يوق توز شەكىللىك تەخت ياساتتى . بۇ تەختكە كەتكەن ياقۇتنىڭلا پۇتۇش قىممىتى سەككىز مىليون رۇپىيىدىن ئاشىدۇ . ياقۇتتىن باشقا ، بۇ تەختكە يەنە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ، ھەربىرىنىڭ قىممىتى بىر شەھەرگە تەڭ بىرلىيانتلاردىنمۇ كۆز قويۇلغان . ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى ، بۇ تەڭدىشى يوق توز شەكىللىك تەخت مىلادىي 1739 ـ يىلىدىكى

دېھلىدا يۈز بەرگەن چوڭ قىرغىنچىلىقتا ، پارس شاھى نادىر شە-يىخ تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ كېيىن يوق قىلىۋېتىلگەن . ئاۋادا ، بۇ تەخت ھازىرغىچە ساقلانغان بولسا ، چوقۇم پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئەتىۋارلىق ئاسار ئەتىقىگە ئايلانغان بولاتتى.

يىللار رەھىمسىز . ئاي ــ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شاھجاھانمۇ قېرىپ ، ئاجىزلىششقا باشلىدى . سالامەتلىكىمۇ كۈندىن ــ كۈنگە يامانلىشىپ كەتتى . 1657 ــ يىلى ، ئۇ ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا موغۇل ئىمپېرى-يىسىدە پاراكەندىچىلىك باشلاندى .

شاھجاھاننىڭ كېسىلى ئەينى زاماندا ساقايماس كېسەل ، دەپ قارالغانىدى . ئۇزۇندىن بېرى شاھ تەختىگە كۆز تىكىپ ، چىشىنى بىلەپ تۇرغان نەچچە شاھزادە جەڭگە چۈشۈشكە تەييار بولدى .

شاھجاھاننىڭ چوڭ ئوغلى داراشكىخ دېھلى بىلەن پەن-جاپنى باشقۇرىدىغان بولغاچقا ، داۋاملىق شاھجاھاننىڭ قېشىدا تۇراتتى . ئىككىنچى ئوغلى خوجا بېنگالنىڭ ۋالىيسى ، ئۈچىنچى ئوغلى ئورانزىب جەنۇب تەرەپنىڭ ۋالىيسى ، تۆتىنچى ئوغلى مۇرات گۇجەرەتنىڭ باشلىقى ئىدى . تۆت شاھزادە ئۆز قوشۇنلى-رىنى ئېلىپ تۆت تەرەپتىن ئاگراغا بېسىپ كېلىشكە باشلىدى . بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىق قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى .

شاھجاھان كېسەل بولغىنى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ ياتمى-دى . ئۇ ھەر خىل پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ ئۇرۇش ئوتىنىڭ تۇ-تىششىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى . ئەمما ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى .

شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئاخىر پارتلىدى . بىر ياخشى يېرى ، بۇ چاغدا شاھجاھاننىڭ كېسىلى توساتتىن ساقى-

يـشقا باشلىدى . لېكىن ، ئاجىزلاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن پادىـ
شاھنىڭ بۇ تۇپىلاڭلارنى تىنجىتىشقا قۇربى يەتمىدى . ئوغۇللىرى
قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە ئۇنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلىدى .
شۇنداق قىلىپ ، ئۇ شاھزادىلەرنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالدى .
شاھزادىلەرمۇ بىر ـ بىرىنى يوقىتىشنىڭ پېيىگە چۈشتى .

شاھزادىلەرنىڭ ئىچىدە ، ئورانزىب ئەڭ ھىيلىگەر ، قارا
نىيەت ھەم رەھىمسىز ئىدى . ئۇ ھەم ئەقىللىق بولۇپ ، ئەھۋالغا
قاراپ ئىش تۇتۇشقا ئۇستا ئىدى . ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا كەلگۈچە
گۇجەرەتتە توختاپ ، شېرىن سۆز ، چوڭ ۋەدىلەر بىلەن مۇراتنى
ئالداپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى ، ئاندىن بىرلىشىپ ئاگراغا ھۇ-
جۇم قىلدى . ئۇ ئالدى بىلەن داراشكىخ بىلەن خوجانى يوقىتىپ ،
يۈزىنى بىرلا سىيرىۋېتىپ مۇراتقا قارشى تىغ كۆتۈردى . ياشىنىپ
قالغان شاھجاھان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش مەقسىتىدە ، ھەر كۈنى
ھەرخىل ئەمرىمەرۇپلارنى چۈشۈرۈپ تۇرسىمۇ ھېچقانداق رولى
بولمىدى .

ئورانزىب دېھلى بىلەن ئاگرانى ئىگىلىۋالدى . ئۇ چوڭ
ھوقۇقنى تۇتۇش جەريانىدىكى يوشۇرۇن ئاپەت ، توسالغۇلارنى
يوقىتىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ئۈچ قېرىندىشىنى قەتلى قىلدى ھەمدە
قېرىپ ، ئاجىزلاپ كەتكەن دادىسىنى ئاگرادىكى پۈرەن قەلئەسىگە
نەزەربەند قىلىپ قويدى . مۇمتاج ماھال ھاياتلىقىدا خەۋپسىرىگەن
قېرىنداشلار ئارا قىرغىنچىلىق ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى .

1658 ـ يىلى ، ئورانزىب موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىق
تەختىگە رەسمى ئولتۇردى .

تەقدىر بەزىدە ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ئەخمەق قىلىدۇ ! ئىلـ
گىـرى ئاگرادىكى پۈرەن قەلئەسىدە شاھجاھان دادىسى جاھانگىر
شاھقا قارشى چىققان ھەمدە 1627 ـ يىلى خانلىق تەختىگە ئولـ

تۇرغانىدى . مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، ئاشۇ پۇرەن قەلئە-
سىدە يەنە شۇ شاھجاھان مەھبۇس بولۇش قىسمىتىگە دۇچار
بولدى . بۇ شاھجاھانغا نۇرجاھاننىڭ ئوردىدىن ئايرىلىپ لاھورغا
ماڭغان چېغىدىكى مەنزىرىنى ئەسلەتتى . . .
شاھجاھاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ئاگرادىكى پۇرەن قەلئە-
سىدە نەزەربەند ئاستىدا ئۆتتى . ئورانزىب شاھجاھاننى قاتتىق قا-
ماققا ئالدى . ئۇ شاھ ئاتىسىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ ،
ئۇنىڭغا ئادەتتىكى ئادەم ۋە مەھبۇس قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى . بۇ
ئېغىر كۈنلەردە ، پەقەت شاھجاھاننىڭ چوڭ قىزى جاھانئەلالا
كېسەلچان ، ئاجىز دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى .
شاھجاھان پۇرەن قەلئەسىدە مۇمتاج ماھالنى ھەر مىنۇت ،
ھەر سىكۇنت ئەسلەپ تۇردى . ئۇ پات - پات مۇمتاج ماھالنىڭ
مەقبەرىسىگە سائەتلەپ - سائەتلەپ قاراپ ئۆز سېغىنىشىنى بىلدۈرەتتى .
ئەسلىدە ، ئۇ جەمنە دەرياسىنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا مۇمتاج
ماھال مەقبەرىسىگە تەقلىد قىلىپ قارا مەرمەر تاشتىن مەقبەرە يا-
سىتىشنى نىيەت قىلغانىدى ، ئەمما سىياسىي جەھەتتىكى مەھكۇم-
لۇقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى .
ئۇزۇن مۇددەتلىك دەرد - ئەلەم دەستىدىن ئۇ يەنە ئېغىر
كېسەلگە مۇپتىلا بولدى . ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ، ئۇ
ياتىدىغان ھۇجرىسىنى پۇرەن قەلئەسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر
ھۇجرىغا يۆتكەپ قويۇشنى ئۆتۈندى . چۈنكى بۇ ھۇجرىنىڭ
روجىكىدىن مۇمتاج ماھال مەقبەرىسىنى كۆرۈپ ياتقىلى بولاتتى .
1666 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ، شاھجاھان ئايالىنى
سېغىنىش ئىچىدە ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ئاياغلاش-
تۇردى . ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى مەھبۇسلۇق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان
بولسا ، ئورانزىبنى ، پادىشاھ بولغان دادىسىنى نەزەربەند قىلدى ،

دېگەن يامان ئاتاقتىن قۇتۇلدۇردى .

شاھجاھاننىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى . ئورانزىب ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى پادىشاھلارغا خاس سەلتەنەت بىلەن ئۇزىتىشنىڭ ئورنىغا بىرنەچچە قۇلنى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاپىرىپ مۇمتاج ماھالنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى ، مەملىكەت خاراكتېرلىق ماتەم تۇتىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى . قارا نىيەت ئورانزىب شاھجاھاننىڭ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى ، ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى . بىرلا يېرى ، شاھجاھاننىڭ روھى ئامراق ئايالىنىڭ قېشىغا قويۇلغىنىدىن ئەمىن تاپقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى !

بۈگۈنكى كۈندە ، مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى جەمنە دەرياسى بويىدا شاھجاھان بىلەن مۇمتاج ماھالنىڭ جەسىتىنى سادىقلىق بىلەن قوغداپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر بۇ مەقبەرىگە تاۋاپ قىلىدۇ . ئۇلار مۇمتاج ماھالنىڭ گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ مەقبەرىگە قاراپ ھەسرەت چېكىدۇ ھەم ھەيران بولىدۇ . شاھجاھان بىلەن مۇمتاج ماھالنىڭ ساپ ، سەمىمىي مۇھەببىتىمۇ خۇددى ئاپئاق مۇمتاج ماھال مەقبەرىسىگە ئوخشاشلا ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ .

ئۈچ يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى . مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى ئۆزىنىڭ خاس قىياپىتى بىلەن كىشىلەرگە مەقبەرە ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مۇمتاج ماھال بىلەن شاھجاھاننىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى بايان قىلىشتىن قېلىپ قالمىدى .

( « مۇمتاج ماھالنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھالى » ناملىق خەنزۇچە كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان . )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# « چەت ئەل پوۋېستلىرى » مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ( جەمئىي 30 كىتابچە )

## مەجمۇئەنىڭ باش تۈزگۈچىسى : ئەخمەت ئىمىن

## « قىرىق بىرىنچى » ( 1 - كىتابچە )

1 . قىرىق بىرىنچى ........................ بورىس ئاندرېيېۋىچ لاۋرېنىف ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 1 - بەت
ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى .
2 . تۇرمۇش سەھنىسىدە ........................................ نىكولاي شپۇسوف ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 114 - بەت
مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى .
3 . دەمەشق گۈزىلى ......... بايار رۇفائىل ( سۇرىيە ) 183 - بەت
دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى .

## « بۇ يەرنىڭ سەھرى جىمجىت » ( 2 - كىتابچە )

بۇ يەرنىڭ سەھرى جىمجىت ................. ب . ۋاسىلىيېف ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )
قادىر ھاپىز ، دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى .

## « كۆل بويىدىكى ئەما قىز » ( 3 - كىتابچە )

كۆل بويىدىكى ئەما قىز ................. كىلسىن نەندا ( ھىندىستان )

ھەبىبۇللا مۇھەممەت ، ئازات ئالماس تەرجىمىسى .

## « چۆرە قىز ئىزورا » ( 4 ـ كىتابچە )

چۆرە قىز ئىزورا ............... بېرناردو گۇيمارائىس ( برازىلىيە )
ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى .

## « نىقاب ئاستىدىكى مۇھەببەت » ( 5 ـ كىتابچە )

1 . نىقاب ئاستىدىكى مۇھەببەت ............... بالزاك ( فرانسىيە )
1 ـ بەت
ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى .
2 . سىرتماق ............................ پېتوفى ساندور ( ۋېنگرىيە )
97 ـ بەت
ئازات ئالماس تەرجىمىسى .
3 . ھازازۇل ............... ئېمىل زولا ( فرانسىيە ) 288 ـ بەت
مەرىيەم مەمتىمىن تەرجىمىسى .

## « ئالتىنچى پالاتا » ( 6 ـ كىتابچە )

1 . ئالتىنچى پالاتا ............................ چېخوف ( رۇسىيە )
1 ـ بەت
مۇھەممەت پولات تەرجىمىسى .
2 . ھېدىيېبورگنى بۇلغىغان ئادەم ............................ مارك تۋېن
( ئامېرىكا ) 116 ـ بەت
ھەبىبۇللا مۇھەممەت تەرجىمىسى .
3 . ئاسىيا ............................................ تۇرگېنېف ( رۇسىيە )
235 ـ بەت

مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى .

## « يەرگە تۆكۈلگەن ياش » ( 7 ـ كىتابچە )

1 . يەرگە تۆكۈلگەن ياش ............. ئەخمەتجان ئاشىروف ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 1 ـ بەت

ئابدۇراخمان ئەبەيي نەشرگە تەييارلىغان .

2 . يېتىم قىزنىڭ غەلىتە تويى ............ كاتېرىن ئالى ( فرانسىيە ) 135 ـ بەت

مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى .

## « نىقابلىق تانسا » ( 8 ـ كىتابچە )

1 . نىقابلىق تانسا ...................... ئا . موراۋىيا ( ئىتالىيە ) 1 ـ بەت

ئازات سۇلتان تەرجىمىسى .

2 . ئاينىش .............................. بورىس ۋاسىلىېۋ ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 175 ـ بەت

پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى .

## « بولدى ، ئۈنى ئۈنتۈيلى » ( 9 ـ كىتابچە )

1 . بولدى ، ئۈنى ئۈنتۈيلى ........................ پېرت ھېرمان ( غەربىي گېرمانىيە ) 1 ـ بەت

راخمان مامۇت تەرجىمىسى .

2 . توڭلاتقۇدىكى پۇتبولچىنىڭ جەسىتى ................ كارلو مازونى ( ئىتالىيە ) 180 ـ بەت

ھەبىبۇللا مۇھەممەت تەرجىمىسى .

## « تىرىكلەر قەبرىستانلىقى » ( 10 - كىتابچە )

1 . تىرىكلەر قەبرىستانلىقى ........ ۋ . ئىلەيھى ( ئامېرىكا ) 1 ـ بەت
غۇپۇر نۇرىدىن تەرجىمىسى .
2 . ناتونۇش قىز ............ كېلسىن نەندا ( ھىندىستان ) 75 ـ بەت
مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى .

## « شاھ بولۇش كويىدا يۈرگەن ئادەم » ( 11 - كىتابچە )

1 . شاھ بولۇش كويىدا يۈرگەن ئادەم ...................... كىپلىڭ ( ئەنگلىيە ) 1 ـ بەت
ئابلىكىم تۇردى تەرجىمىسى .
2 . تىرىستىيان ..................... توماس مان ( گېرمانىيە ) 93 ـ بەت
ياسىن سىيىت تەرجىمىسى .
3. كارل بىلەن ئاننا .... لېئونخارد فرانك ( گېرمانىيە ) 176 ـ بەت
مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى .

## « يىلتىز » ( 12 - كىتابچە )

يىلتىز ......... ئىمىن ئوسمان ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )
مۇھەممەت پولات تەرجىمىسى .

## « يوقالغان بىرلىيانت » ( 13 - كىتابچە )

1 . يوقالغان بىرلىيانت ............. ستېۋېنسون ( ئەنگلىيە ) 1 ـ بەت
ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى .
2 . تىروسانىڭ راست گەپ قىلىدىغان ئورۇندۇقى ........ جونسون ( شۋېتسىيە ) 159 ـ بەت

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى .

## « رىم كېچىسى » ( 14 ـ كىتابچە )

1 . رىم كېچىسى ............... ئاننى ـ مارىئېل ( فرانسىيە ) 1 ـ بەت

ئازات ئالماس تەرجىمىسى .

2 . شىۋاق ھىدى ...................... سايىن مۇراتبېكوف ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 208 ـ بەت

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى .

## « ئاھ ، ياراتقان ئىگەم » ( 15 ـ كىتابچە )

1 . ئاھ ، ياراتقان ئىگەم ......... قۇدرىتۇللا شىھاب ( پاكىستان ) 1 ـ بەت

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى .

2 . مۇخبىرنىڭ تۆھپىسى ........................ ئىگور گولوسوۋسكىي ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 66 ـ بەت

راخمان ماموٗت تەرجىمىسى .

3 . قانائەتچان ئادەم ........................ ۋۇرنىن ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 247 ـ بەت

سۇلتان سوپى تەرجىمىسى .

## « تاشلاندۇق بوۋاق » ( 16 ـ كىتابچە )

1 . ئاق كېچىلەر ................ دوستويېۋسكىي ( رۇسىيە ) 1 ـ بەت

ئابدۇكېرىم ئىمىن تەرجىمىسى .

2 . تاشلاندۇق بوۋاق ............ مۇھەممەت ئابدۇل خەلىم ئابدۇللا ( مىسىر ) 124 ـ بەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسى

ھەبىبۇللا مۇھەممەت تەرجىمىسى .

## « قىز تاللاش » ( 17 ـ كىتابچە )

1 . قىز تاللاش ............ شەنسۇن مىيشا ( ياپونىيە ) 1 ـ بەت
ئىدرىس بارات ، نىياز ئۆمەر تەرجىمىسى .
2 . چاپپىر پولكوۋنىك ............ بالزاك ( فرانسىيە ) 89 ـ بەت
خالىدە ئىسمائىل تەرجىمىسى .
3 . تىمساھ ............ دوستويېۋسكىي ( رۇسىيە ) 218 ـ بەت
ئەلا ئۆمەر باقى ، ئابدۇقادىر غۇلام تەرجىمىسى .

## « لايخورەكنىڭ نىداسى » ( 18 ـ كىتابچە )

لايخورەكنىڭ نىداسى ............تاھا ھۇسەيىن ( مىسىر ) 1 ـ بەت
رىزۋان ھەمزە تەرجىمىسى .
2 . بارىن ئەپەندى ............ مۇپاسسان ( فرانسىيە ) 211 ـ بەت
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى .

## « سۈكۈتتىكى دېڭىز » ( 19 ـ كىتابچە )

1 . سۈكۈتتىكى دېڭىز ............ ۋېركو ( فرانسىيە )
1 ـ بەت
ياسىن سىيىت تەرجىمىسى .
2 . ئىدىيە ............ ل . ن ئاندرېيېف ( رۇسىيە )
53 ـ بەت
پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى .
3 . موززىكونى ............ لۇئىگى مالېربا ( ئىتالىيە ) 136 ـ بەت
قادىر ئارسلان تەرجىمىسى .

« زۇلمەت » ( 20 ـ كىتابچە )

1 . زۇلمەت ............................... ل . ئاندرېيېۋ ( رۇسىيە ) 1 ـ بەت
مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى .
2 . كۆل بويىدىكى مۇھەببەت ................ ۋىلىيام سۇمېرسېت ماۋھام ( ئەنگلىيە ) 96 ـ بەت
تۇردى قاسىمى تەرجىمىسى .
3 . نىۋا كوچىسى .............................. گوگول ( رۇسىيە ) 168 ـ بەت
مۇھەممەت ئۆمەر تەرجىمىسى .

« ئالدىنئالا پۇر كەتكەن قاتىللىق ۋەقەسى » ( 21 ـ كىتابچە )

1 . ئالدىنئالا پۇر كەتكەن قاتىللىق ۋەقەسى ...... گارسىيە ماركوس ( كولومبىيە ) 1 ـ بەت
زۇلپىقار بارات تەرجىمىسى .
2 . ۋالېنتىنو ................ ناتالىيە گىنزبۇرگ ( ئىتالىيە ) 149 ـ بەت
توختى قاسىم تەرجىمىسى .

« ئاجايىپ مەخپىيەت » ( 22 ـ كىتابچە )

1 . ئاجايىپ مەخپىيەت ..... ستېفان زۋېگ ( ئاۋستىرىيە ) 1 ـ بەت
زۇلپىقار بارات ، مەلىكە قاسىم تەرجىمىسى .
2 . قۇملۇق ............................ ئالېكساندر سېرافىموۋىچ ( رۇسىيە ) 106 ـ بەت
پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى .
3 . قارا كۆزەينەكلىك قىز .......... ئىھسان ئابدۇقۇددۇس ( مىسىر ) 160 ـ بەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راخمان ماموٗت تەرجىمىسى .

## « مالاي تەلۋىسى » ( 23 - كىتابچە )

1 . مالاي تەلۋىسى ............ ستېفان زۋېگ ( ئاۋسترىيە ) 1 ـ بەت
مەريەم مەمتىمىن تەرجىمىسى .
2 . يوٗلىيە .................. ئى . م . ئادا مىرانو ( مېكسىكا ) 95 ـ بەت
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى .
3 . ئايدىڭدىكى موٗھەببەت ........... س . ئا . سىرۋا ( سىرى لانكا ) 180 ـ بەت
ھېيتەم ھوٗسەيىن تەرجىمىسى .

## « غايىب بولغان قىز » ( 24 - كىتابچە )

1 . غايىب بولغان قىز ............ بىرىت خارتى ( ئامېرىكا ) 1 ـ بەت
ئازات ئالماس تەرجىمىسى .
2 . ناپولېئوننىڭ ھەسرىتى ............. ھاۋاسانت بونوۋا ( فرانسىيە ) 159 ـ بەت
لوقمان ئاقنىياز تەرجىمىسى .

## « پوٗلنىڭ قىسمىتى » ( 25 - كىتابچە )

1 . پوٗلنىڭ قىسمىتى ...................... كرىشان چاندىر (ھىندىستان ) 1 ـ بەت
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى .
2 . قەبىلە كىشىلىرى ....... بېرنارد مالاموٗد ( ئامېرىكا ) 170 ـ بەت
قادىر ئارسلان تەرجىمىسى .

« ھەسرەت » ( 26 ـ كىتابچە )

1 . ھەسرەت ............... ئېلزابېت كارتېر ( ئاۋستراليە ) 1 ـ بەت
ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى .

2 . تۈلكە .................... د . ھ . لاۋرېنس ( ئەنگلىيە ) 159 ـ بەت
ئەركىن نۇر تەرجىمىسى .

« ئۇيقۇلۇقتىكى ساھىبجامال » ( 27 ـ كىتابچە )

1 . ئۇيقۇلۇقتىكى ساھىبجامال .......... كاۋباتا ياسۇنارى ( ياپونىيە )
1 ـ بەت
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت تەرجىمىسى .
2 . ئون ئۈچىنچى كامېردىكى سىر .......... ياك فوتلېر ( ئامېرىكا )
115 ـ بەت
ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى .
3 . ساھىبجامال ئالۋاستى دېلوسى ................... بالزاك ( فرانسىيە )
180 ـ بەت
ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى .

« چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى » ( 28 ـ كىتابچە )

1 . چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى .......................... چىنگىز ئايتماتوف
( قىرغىزىستان ) 1 ـ بەت
مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى .
2 . يەر ئاستى يولى .................... ئېرنېستو سارۋاتو ( ئارگېنتىنا )
183 ـ بەت
زۇلپىقار بارات تەرجىمىسى .

## « ئايال كاتىپ بىلەن باش دىرېكتور » ( 29 ـ كىتابچە )

1 . باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز ...................... يېشكاستېر ( ئەنگلىيە ) 1 ـ بەت
ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى .
2 . تۇماندىكى يۇلتۇز ..................... ۋ . توكارېۋا ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) 120 ـ بەت
پاتىگۇل مىجىت تەرجىمىسى .
3 . ياكوف باشنىكوف .............. تورگېنېف ( رۇسىيە ) 187 ـ بەت
ئازات ئالماس تەرجىمىسى .

## « سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە »
## ( 30 ـ كىتابچە )

1 . سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە .............. نەجىپ مەھبۇز ( مىسىر ) 1 ـ بەت
ھەزرىتئېلى بارات تەرجىمىسى .
2 . مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى ................... غالىي پروساند تەبرىيار ( ھىندىستان ) 116 ـ بەت
پاتىگۇل مىجىت تەرجىمىسى .

قوشۇمچە : « چەت ئەل پوۋېستلىرى » مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ( جەمئىي 30 كىتابچە )

251 ـ بەت

تۈزگۈچى : دىلبەر كېرىم

[General Information]
书名=领袖被杀之日　维吾尔文
SS号=40300781